ISSN 1002—9044

# تارىم

3

1995

ISSN 1002-9044

03>

9 771002 904009



رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «تارىم»
ژۇرنىلىنىڭ بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەتلىرى، ياز-
غۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى

تۆۋەندە سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر





ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45 - يىل نەشرى

3

1995

باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئابدۇسالام توختى ، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ، ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئارسلان ، ئازاد سۇلتان ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ، زوردۇن سابىر ، قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت زۇنۇن ، مەھەممەت شاۋۇدۇن ، ئوبۇل ئىسلام ، ئېلى زاھىد ، ئىدرىس بارات ، ئىمىن تۇرسۇن .

www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


باھارگۈل ساۋۇت ............ بەدەل (پوۋېست) ............................ 4

تۇنساخان يۇسۇپ ............ تۇنجى مۇھەببەت (ھېكايە) ............................ 30

ئالتۇنگۈل رەجەپ ............ لەيلىگۈل (ھېكايە) ............................ 37

گۈلبوستان ئابدۇقادىر ............ فەرۇزە (پوۋېست) ............................ 53

ئايگۈل مۆيدىن ............ قەلب ساداسى (ھېكايە) ............................ 74


## شېئىرلار


ئىمىن راشىدىن ............ ياشلىق لىرىكىلىرى ............................ 42

مۇھەممەت كامال ............ غەزەللەر ............................ 43

ئىبراھىم نىياز ............ ئېھ، ئوغلۇمنىڭ ئۇماق يۇلتۇزى ............................ 47

كېرىمجان سۇلايمان ............ ئانا سەھرا، مۇھەببەت ۋە مەن ............................ 49

تۇرسۇن نىياز ............ رۇبائىيلار ............................ 51

ئەيىۋ ياقۇپ ............ ئىككى شېئىر ............................ 52

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ............ سەن سۆيەتتىڭ ھاياتنى شۇنداق ............................ 80

گۈلئەنبەر يۇسۇپ ............ چېكىپ قەلبىڭ دېرىزىسىنى ............................ 84

گۈلسۇم نىياز ............ قار ............................ 84

تۇرسۇنگۈل جامال ............ ئۆتكەن كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە ............................ 85

تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن ............ سەندە بەخت، سەندە خۇمارىم ............................ 105

روزى سايىت ............ ئۈچ مەرسىيە ............................ 106

مۇسا ئەھەد ............ بىر يول ياتار ئارىمىزدا ئىزسىز سوزۇلۇپ ............................ 108

غەنى رەشىدى ............ بۇ دۇنيا مەنىسىز سۆيگۈگە قانساڭ ............................ 110

جېلىل خېلىل ............ لىرىكا ............................ 111

غوپۇر رەخىم ............ ساڭا خاس سۆيگۈم بار قۇدرىتى چەكسىز ............................ 111


## خاتىرە ۋە ئەسلىمە


توختى سابىر ............ تېۋىلغا (ئەسلىمە) ............................ 86

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ............ قىممەتلىك مىراس ............................ 97


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


قاۋسلقان قامجان ............ تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ............................ 112

ئارزۇگۈل تۇراپ ............ ئۇ نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويدى ؟ ............................ 121

## ئەسەر ۋە نەزەر

ئابلەت ئابدۇرېھىم ............ شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا ............ 125
ئوسمان قاۋۇل ............ «تىيانشان باغرىدا» نىڭ تېما دائىرىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ............ 130
ئايگۈل ئابدۇرېھىم ............ ئەدەبىياتىمىزنى ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى ............ 135

## ئالقىش ۋە ئۈمىد

سەمەتجان تۇرغۇن ............ «جىلۋىلەر ساداسى» دىكى ياڭراق سادا ............ 139
پاتەم ياسىن ............ ئۇۋال قىلىنغان شەھلا كۆز ............ 140
ئۆمەر مەتنۇرى ............ «تونۇردا» دىكى پاجىئە ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى ............ 141

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

پېشقەدەم شائىر مەرىيەم سەپەر بايېۋا ............ 143
ئەدەبىي ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجان ............ 144

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

رۇقىيەم ئابلا ............ ئاھ، زەڭگەر كۆز (ھېكايە) ............ 147
ئۆمەرجان ھاپىز ............ قاپتىكى جەسەت (ھېكايە) ............ 149
خاسىيەت ئەمەت ............ نەسىرلەر ............ 151

روشەنگۈل تۇنىياز، ئارزۇگۈل جېلىل، خەلچىگۈل ئەھەد، ئەمەتجان مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز، قۇربان نۇر، ئىمىنجان روزى، ئابلاجان ئوسمان، ئوبۇلقاسىم بەختىھاجى، رەجەپنىياز بەكرى، ئابدۇجېلىل تۇرسۇن، ھېيىت رەھىم (شېئىرلار) ............ 153

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى، يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى ............ 159

※ ※ ※

رەسسام ۋە خەتتات: **مۇھەممەت ئايۇپ**
مەسئۇل كوررېكتور: **قېيۇم تۇرسۇن**

www.uyghurkitap.com

باھارگۈل ساۋۇت

# بەدەل

## ( پوۋېست )

«سالام رەنا !

ياخشىمۇسەن ؟ يولدىشىڭ ، باللىرىڭ سالامەتمۇ ؟

يېقىندا ساۋاقداشلاردىن سايرا ، گۈلەمبەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . نېمىدېگەن تاسادىپىيلىق ، نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق - ھە ؟ ھەش - پەش دېگۈچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . بىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق ، ھاياجان ئىچىدە كۈلدۇق ، يىغلىدۇق . ئۆتمۈشنى ، ئۇنتۇلماس مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلەشتۇق .

مەكتەپ ھاياتى نېمىدېگەن گۈزەل ئىدى - ھە ؟ ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىلانمايدۇ . لېكىن كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان خاتىرىلەرنى ئۇنتۇلۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس . بىز ساددىلىقىمىز ، نادانلىقىمىز ، شوخلۇقىمىز ۋە كەم ئەقىللىكلىكىمىز تۈپەيلىدىن بىر - بىرىمىزنى رەنجىتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ، پۇشايمان قىلىپ يىغلاشتۇق . ئۆتمۈش خاتىرىلىرىنى ، گىتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن ئاجايىپ ئايدىڭ كېچىلەرنى — دوستلۇقنىڭ مېھرىگە قانغۇچە چۆمۈلگەن ئاشۇ گۈزەل مىنۇتلارنى ، ھەر بىر ساۋاقداشنىڭ مىجەز - خۇلقى ، ھازىرقى تۇرمۇشى ... ئىشقىلىپ ئەسلەشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى ئەسلەشتۇق . بەزى ئىشلارغا ئۈچىيىمىز ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتۇق ، بەزىلىرىگە ھەسرەت ئىچىدە ياش تۆكتۇق . ياش ھاياتىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان رەھمەتلىك ساۋاقدىشىمىز نەبىنى ئويلاپ ئازابلاندۇق . ئىشقىلىپ بىزدىن مەڭگۈ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ، پەقەت قەلبىمىزدە ساقلىنىپ قالىدىغان ئۆتمۈشنى — ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۆتمۈشنى سېغىنىش بىلەن ئەسلەشتۇق .

دوستۇم ، سىنىپىمىزدىكى پۈتۈن ساۋاقداشلار قايتا يىغىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولساق ، قانچىلىك بولۇپ كېتەرمىز ، دەپ ئويلايمەن . ئالبومنى قولىمىزغا ئېلىپ ، مەكتەپ پۈتتۈرۈش خاتىرە رەسىمىنى ئۇزاقىچە كۆردۇق . ئەنە بىزنىڭ خەنزۇ تىلى دەرس ئوقۇتقۇچىمىز لى مۇئەللىم ، ئەنە بىزنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرىمىز ھۇسەيىن . ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇتقۇچىلاردىن رۇقىيە ، جاڭ خانىم ، سىنىپ

مەسئۇلىمىز ھاپىزلار تۇرىدۇ. قىلچىمۇ شەخسىيەتسىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن بىلىمنى ھېچ ئايىماستىن باشقىلارغا تەقدىم قىلغۇچى سېخىي، مەرد كىشىلەر، ھەسەل ھەرىسىنى ئەسلەتكۈچى ئۇلۇغ خىسلەتلىك ئاجايىپ ئىنسانلار — ئۇستازلار!

كۆزلىرىمىز ئىختىيارسىز ئوتتۇرىدىكى رەتتە شەھلا كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ قاراپ تۇرغان رىزۋان، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ساڭا چۈشتى. ئارقىدىكى رەتتە — رىزۋاننىڭ ئۇدۇلىدا بۇدۇر چاچلىق، قوي كۆزلىرىدىن مۇغەمبىرانە كۈلكە ياغدۇرۇپ ئارتۇق قاراپ تۇراتتى. بىز ئۇلارغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتۇق. ھېچقايسىمىز ھېچنېمە دېيىشمىدۇق. لېكىن نېمە دەيدىغىنىمىز، نېمە دېيىشمەكچى ئىكەنلىكىمىز بىر - بىرىمىزگە ئايان ئىدى. قەلبلەر ئۈنسىز سۆزلەشمەكتە. نېمە دەيمىز؟ نېمىلەر دېيىش مۇمكىن؟ ئەجابا شۇلارلا بىزنىڭ قەلبىمىزدە شۇنچە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانمىكىن؟ ياق، دوستۇم، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا بىزگە كۈلۈپ باقماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن كەلگۈسىگە ئۈمىد، ھاياتقا ئىشتىياق ئۇرغۇيدۇ، ئەمىسە...

لېكىن بۇ كەيپىيات — ئۆتمۈشكە تەئەللۇق، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان، قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئۆتمۈشكە تەئەللۇق. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى، مۇھەببىتى — ھەممىسى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق. شۇنداق دوستۇم، بۇلار ئۆتمۈشنىڭ يادىكارى. لېكىن ھايات كەلگۈسىگە تەئەللۇق.

سايرا بىلەن گۈلەمبەر ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەتتى. ھەم خۇشال، ھەم قايغۇلۇق ھالدا خوشلاشتۇق. بۇ خېتىم بىلەن رىزۋاننىڭ ماڭا يازغان خېتىنى قوشۇپ ساڭا ئەۋەتتىم.

خەير ساڭا خۇشاللىق تىلەپ:

ماھىرە

سالام ماھىرە!

ياخشىمۇسەن؟

ھېلىلا چوڭ بىر ئوپېراتسىيىنى تۈگەتتىم، شۇنچىلىك خۇشالمەن. خىزمەت مېنىڭ بەختىم، ياشاش ئۈمىدىم، شۇنداق ئەمەسمۇ دوستۇم! بىز دوختۇرلار ئادەملەرنى جىسمانىي ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا قايتا ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى. مانا بۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ ھاياجاندىن تىترەۋاتىمەن، يىغلىغۇم كېلىدۇ، ئوتتۇزدىن ئاشقان چوڭلا بىر ئايالمەن، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ كىچىك بالىدەك ئىختىيارسىز بۇقۇلداپ يىغلايمەن. بۇنداق ھالەت ھامان كەسپىتكى بىرەر نەتىجىلىرىم سەۋەبىدىن بولىدۇ.

دوستۇم، خېتىڭدە مېنى سېغىنغانلىقىڭنى يېزىپسەن. رەھمەت ساڭا! مەنمۇ سىلەرنى — ئەينى ۋاقىتتىكى قەدىردان دوستلارنى، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلارنى شۇنچىلىك سېغىنىمەن. دوستۇم، ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. ئۇ كۈنلەرنىڭ شادلىقىمۇ، قايغۇ - ئازابلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۆمرۈممۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھايات سەن خېتىڭدە ئېيتقاندەك شۇنچە گۈزەل ۋە قىممەتلىك. بىزنىڭ ھاياتنى خورلاشقا، دەپسەندە قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق.

سەن خېتىڭدە يەنە «تېلېۋىزور ئېكرانىدىن سېنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ھاياجانلاندىم ۋە سەن ئۈچۈن پەخىرلەندىم. ھازىر تۇرمۇشۇڭ قانداق؟ تۇرمۇشۇڭ توغرىسىدا ماڭا يېزىشنى خالامسەن؟

www.uyghurkitap.com



دەپ يېزىپسەن . خېتىڭنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم . شادلىقىم بىلەن ئورتاقلاشقانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت !

تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلسەم ... سۆزلىگۈدەك ئالاھىدە ئىشىمۇ يوق . لېكىن كۆڭلۈمنى يەردە قويغۇم كەلمىدى . ھايات قىزىقارلىق بىر كومېدىيىگە ۋە ياكى تراگېدىيىگە ئوخشايدىكەن ، گاھ ئۇ دەمنى تېلىقتۇرغۇدەك كۈلدۈرسە ، گاھ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرىۋالغۇدەك پاجىئەنى ئىنئام قىلىدۇ . بوپتۇ ، ھاياتىم ھەققىدە ساڭا سۆزلەپ بېرەي ، خېتىمنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ، ئەزمىلىكىمدىن زېرىكمىگىن .

ماھىرە ، تۈن قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى كائىناتقا يايماقتا . بىراق ئاسمان بوشلۇقىدا تۈن ئاسمىنىغا زىننەت بەرگۈچى شوخ يۇلتۇزلار مىدىرلاپ ، ئاجايىپ گۈزەل بىر ھاياتلىق ئېقىمىنى بەرپا قىلغاندەك تۇيۇلماقتا . كائىنات ماڭا خۇددى كۈلۈۋاتقاندەك ، غەمگە پاتقاندەك ، خۇشاللىنىۋاتقاندەك ، گاھىدا چۇقان كۆتۈرۈپ نېمىدىندۇر نارازى بولۇۋاتقاندەك ، گاھىدا بولسا يىغلاۋاتقاندەك سېزىلىدۇ . ئىللىق قۇياشنىڭ ئۆز نۇرىنى كەڭ زېمىنغا چاچقىنىنى كۆرسەم ، كائىناتنى خۇشاللىققا چۆمگەندەك ھېس قىلىمەن . ئاسمان يۈزىنى بۇلۇت قاپلاپ ، چاقماق چاققىنىنى كۆرسەم ، كائىنات نېمىدىندۇر غەزەپلەنگەندەك ھېسسىياتتا بولىمەن ، سىم - سىم يامغۇرنى كۆرسەم ئۇنى كۆز يېشى قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن ... قىسقىسى كائىناتنى ئادەملەرگە ئوخشىتىمەن . خۇددى قايغۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا تەسەللىسى بولغىنىغا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ . ئاشۇ قاراڭغۇ كېچىدە يۇلتۇزلارنى شۇنچە ئېنىق كۆزىتىپ ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ . كېچە شۇنچىلىك ئۇلۇغكى ، ئۇ ھارغىن تەنلەرنى ئۆز قوينىدا راھەتلەندۈرىدۇ ، ئارام ئالدۇرىدۇ . شاۋقۇنلۇق ئادەملەر دۇنياسىدىن بىزار بولغان بەختسىزلەرمۇ ئاشۇ كېچىنىڭ ئارامبەخش قوينىدا ئارام تاپىدۇ . كۆڭۈل ئازادىلىككە ئېرىشىدۇ . ئۆز سىرىنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن جىمغۇرلارمۇ ئاشۇ كېچىدە ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ . كېچە شۇنچىلىك ئۇلۇغ ، مايسىلارمۇ كېچىدە بىخلايدۇ ...

تۆت ياشلىق ئوغلۇم شەپقەت شېرىن ئۇيقۇدا . مەن ئۇنىئالغۇدىن تۆۋەن ئاۋازدا ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ، ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن . بۇ گۈزەل كۈي ماڭا يىراق ئۆتمۈشنى ، قىزلىق گۈزەللىكىمنى ئەسلەتمەكتە . ئادەم ھەرقانچە قىلغان بىلەن ئۆتمۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن . تۈنۈگۈن بۈگۈننىڭ ئۆتمۈشى ، بۈگۈن ئەتىنىڭ باشلىنىشى بولغانغا ئوخشاش . تەقدىرىڭ ، ھاياتىڭ ، مۇۋەپپەقىيىتىڭ ۋە ياكى مەغلۇبىيىتىڭ شۇ ئۆتمۈشۈڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدىكەن . دوستۇم ، مەن شۇ ئۆتمۈشنى ھامان سېغىنىش ، چەكسىز ھاياجان ، شادلىق ، پۇشايمان ، مۇڭ - ھەسرەت ، قايغۇ ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن . ئۇ كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى . ئەبەدىي كەلمەسكە كەتتى ! بىراق بۇ كۈنلەرنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان ئاچچىق ئازابلىرى ساقايماس يارا ، ئۆمۈرلۈك ھەسرەت تاتۇقىنى قالدۇرۇپ كەتتى .

ماھىرە ! مەن سىنىپىمىز ئىچىدىلا ئەمەس ، مەكتەپ بويىچە دېگۈدەك قىزلارنىڭ ئىچىدە چىراي بىلەن داڭ چىقارغان بىر قىز ئىدىم . ئاپاممۇ چىرايلىق ئايال ئىدى . ماڭا ئاپامدىن مىراس قالغان بۇ چىراي — ئاپئاق ، ئاجايىپ سۇزۇك تېرە ، تال - تال كىرپىكلىرىم ئاستىدا چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىم ، قويۇق قوڭۇر چاچلىرىم ، ئېقىپ چۈشكەندەك ئىنچىكە بۇرنۇم ، قېرىگىمۇ مېنى كۈلكە بىلەن ئېلىپ كېتىدىغاندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئويماقتەك لەۋلىرىم ...

مەن شۇ ھۆسن - جامالىم بىلەن قانچىلىغان مۇھەببەت مەستانىلىرىنىڭ ئىشق - مۇھەببەت

خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. تەڭرى ماڭا بۇ چىراي بىلەن قوشۇپ ئاق كۆڭۈل ۋە ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدى. لېكىن شۇنچىلىك سادda ئىدىمكى، ئاپام دائىم قاقشاپ: «ئەزبىرائى خۇدا، سەن بەك سادda قىزىم، شۇنچىلىك ساددىسەنكى، ئادەمنى داد دېگۈزۈۋېتىسەن. گۈزەللىك باشقا بالا قىزىم، قۇۋلۇقنى ئۆگەنسەڭ بولاتتى» دەيدىغان.

دوستۇم! سۆيۈملۈك ئانا مەكتەپ، بىلىم ئېلىش ئارزۇسى، بىزنى بىر - بىرىمىزگە تونۇشتۇردى. بىز سىرداشتۇق، دوست بولدۇق. بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشتۇق. بىز ئەنە شۇ ئانا مەكتەپ قوينىدا مۇستەقىل ھاياتىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بېسىپ، كەلگۈسىمىزگە يول تەييارلىدۇق. ئۇ چاغلاردا بىز ھاياتنىڭ قەدرىنى، جاپاسىنى، تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىنى قىلچە يادىمىزغا كەلتۈرمەيدىغان ياش تەنتەك ئىدۇق. ياشلىقىمىز، شوخلۇقىمىز، گۈزەللىكىمىز، بىلىمگە تەشنا قەلبىمىز ۋە جاپانى يېڭىدىغان جاسارىتىمىز بىلەن غەمسىز ئويناپ كۈلەتتۇق. بۇ كۈلكىمىز شۇنچىلىك جاراڭلىق، شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە شۇنچىلىك سەمىمىي ئىدى. ئېھ، ئاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلار! ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرگەن، ياشلىقىمىزنى ئۆز قوينىدا پەپىلەپ ئۆستۈرگەن گۈزەل ماكان، ئانا مەكتەپ! قېنى ئاشۇ خۇشاللىق ۋە قايغۇغا ئورتاق بولغان دىلكەش دوستلار؟

1975 - يىلىنىڭ سېنتەبر ئايلىرىنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەسىرى ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ، شۇ يىلى مېھرىبان دادام قان سەپرا قىلىش كېسىلى بىلەن قازا تاپتى. قان - قان يىغلاپ مېيىتنى ئۇزاتتۇق. ئۆلگەن ئادەم بىلەن تەڭ ئۆلۈۋالغىلى بولمايدىكەن. تىرىكلەر ياشىشى، رەھىمسىز ئەجەلنىڭ ئوقى يىقىتقۇچە ياشىشى كېرەك. بىچارە ئاپام ئەمدىلا تولۇقسىزنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان سىڭلىمنى باغرىغا بېسىپ، قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئاھ جۇدالىق — تالاي سۆيۈملۈك ئانىلارنى، ئاتىلارنى باللاردىن، تالاي ئاشىق - مەشۇقلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، دەشت - باياۋاندا مۇساپىر قىلغۇچى تىنغسىز دۈشمەن. مېھىر - شەپقەتكە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرگەن ئوماق كۆزلەرگە قاراڭغۇلۇق لىباسىنى ياپقۇچى قارا تۈن ...

ماھىرە! كۆز شامىلى ئۇشقىرتىپ، ئاخىرقى دەرەخ ياپراقلىرىنى ئاستا - ئاستا يەرگە ئىرغىتىپ تاشلىماقتا. مۇشۇ كۈنلەردە مەن ياردەمگە، مېھىر - شەپقەتكە بەكمۇ موھتاج ئىدىم. دۇنيادىكى مېھرىبان ئادىمىدىن ئايرىلىپ، جۇدالىق ئازابى ئىچىدە قىينىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئىنسانغا ئوخشاش دەرد ئىچىدە تولغىناتتىم. مەن مۇشۇنداق ھالەتتە ئارتىقنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلغانىدىم. ئاشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇنىڭغا رىشتىم تېخىمۇ چوڭقۇر باغلاندى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، چىن قەلبىم — پاك ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيەتتىم. بۇ سۆيگۈ ھەممىنى يېڭىشكە، كەلگۈسىگە ئۈمىدلىك قاراشقا ئۈندەيتتى. مەن پەقەت ئاشۇ مۇھەببىتىم بىلەن ئۆزۈمنى دۇنيادا بىردىنبىر بەخت ئىگىسى ھېسابلايتتىم. مېنىڭ نەزەرىمدىكى بەخت — ياخشى ئەر، ئوماق پەرزەنت، كۆڭۈللۈك سۇ ئىچكۈدەك ئائىلە، تۇرمۇشۇمنى قامدىغۇدەك ئىقتىساد، رازى بولغۇدەك خىزمەت ئورنى ئىدى. مانا بۇلار، بىر ئايال ئۈچۈن يېتەرلىك. ئانا بولۇش قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى — مانا بۇ مېنىڭ مۇقەددەس ئارزۇيۇم ئىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتىدە، سەن يېنىمغا كېلىپ: «رىزۋان، سېنى تەبرىكلەيمەن، ئارتىق ياخشى يىگىت، ئۇنى چىڭ تۇت، ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويما، سەن بەختلىك» دېگىنىڭدە، مەن ئىختىيارسىز ياش تۆككەنىدىم. يوشۇرمايمەن دوستۇم، تالاي قىزلار ئەگىپ قولغا كەلتۈرەلمىگەن ئاشۇ كېلىشكەن يىگىت مېنىڭ بولغۇسى يولدىشىم ئىدى. مۇھىمى، مەن يەنە يەتتە ئايدىن كېيىن ئانا بولاتتىم! ئارتىقنىڭ — ئۆزۈم سۆيگەن يىگىتنىڭ بالىسىغا ئانا بولاتتىم!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەكتەپتىن چىقىپلا توي قىلىمىز ، بەختلىك ئائىلەم ... ھەممە ، ھەممە نەرسە بولىدۇ . ئاھ دوستۇم ، بىز قىزلار نېمىدېگەن نادان ، نېمىدېگەن ئەخمەق ، ئويلايدىغىنىمىز نېمىدېگەن چەكلىك ! بۇ خۇشلۇق قۇمىنىڭ ـــ شېرىن چۈشلىرىمىنىڭ ئارقىسىغا بىر قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنىنى ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئاشۇ ئادەمدىن تۆرەلگەن ھامىلىنىڭ مېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ ، مېنى ئۆلۈم گىردابىغا قىستاپ بارىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن .

تەقسىماتتا ئارتىق ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ، مەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بۆلۈندۇق ، خىزمەت ھاياتىدىكى تۇنجى قەدىمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ساڭا مەلۇم . دەسلەپكى مەزگىللەردە ئارتىق بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردۇق . بارا - بارا كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز ئۆزىراشقا ، بىللە بولىدىغان ۋاقتىمىز قىسقىراشقا باشلىدى . «يېڭىدىن خىزمەتكە چىقتۇق ـــ دەيتتى ئارتىق ، ـــ كۆپ رەك ئىشلىشىمىز كېرەك ، شۇڭا ئازراق ئۈچرىشايلى ، بولامدۇ ؟»

مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا كۆرەتتىم . مەن ئۇنى شۇنچە سېغىنساممۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇشنى شۇنچە خالىسامىمۇ ، لېكىن خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەقىلسىز ئەمەس ئىدىم . كېيىنچە ئارتىق ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ ، مەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئامال بار قاچىدىغان بولۇپ قالدى . مەن بولسام ئۇنى خىزمەتكە يېڭى قەدەم قويغان كىشىلەردە بولىدىغان تەبىئىي ئەھۋال ، دەپ قاراپ ، ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىدىم . لېكىن ، يەنە بىر تەرەپتىن ، تىت - تىت بولاتتىم . دەككە - دۈككە ئىچىدە نېمىدىندۇر بىر نېمىدىن قورققاندەك بولاتتىم . بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سېزىكلىكتىن پەيدا بولغان جىسمانىي بېسىم ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئادەتتىي بولسىمۇ بالدۇرراق توي قىلىش ئارزۇسىدا ئىدىم . ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى . ئەتىگەنلىك كىسەل تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ ، ئەمدىلا بۆلۈمگە كىرىشىمگە ھەمشىرە سائادەت :

ـــ ئاخشام كىنوغا بارماپسىزغۇ ؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى مەندىن .

ـــ قانداق دەيسىز ، كىنو قىزىقمىكەن ؟ ـــ ياندۇرۇپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

ـــ ئاخشام كىنوخانىدا ئارتىقكامنى كۆرگەنىدىم ، مەن تېخى سىزنىمۇ بىللە كىنوغا كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ قارىسام ، تۇرسۇن بۇجاڭنىڭ قىزى رابىيە ئىكەن (سائادەت ئارتىقلارنىڭ كونا قوشنىسى ئىدى ، شۇڭا بۇ قىزنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىلىشى تەبىئىي ئىدى) .

ـــ بەلكىم تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندۇ ؟ ـــ دېدىم قىلچىمۇ ئېرەنشىمىگەن قىياپەتتە .

سائادەت چىقىپ كەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى . تۈنۈگۈن تېلېفوندا ئۇ ماڭا ئىشى بارلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى ؟ ئەجەبا ... كۆڭلۇم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى . ئۇدا ئىككى قېتىم تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدىم . تەشۋىشىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى . ئارتىق توغرىسىدا ھەر خىل قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتىم . لېكىن ۋىجدانىم يەنىلا ئارتىقنى ئاقلايتتى . ياق ! ئۇ ۋىجدانسىزلىق قىلمايدۇ ، مېنىڭ قورسىقىمدا ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان بالا بار ! مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندىن ئارتۇقراق ئىشىنەتتىم . ئۇ مېنىڭ بەختىم ، تاجۇ تەختىم ئىدى . مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايتتىم .

مەن ئىزا - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ، ئارتىقنىڭ ئاپىسىنى ئىزلەپ باردىم ، مەن ئاخىرقى ئۈمىدىمنى بۇ ئايالغا ـــ ماڭا ھەم تونۇش ، ھەم ناتونۇش بولغان بولغۇسى قېيىن ئانامغا باغلىغان ئىدىم . ئۇمۇ ئايال زاتى بولغاندىكىن ، ئايال ئايالنىڭ قايىشى ، ئىچ ئاغرىتىپ ، ئوغلىنى نىيىتىدىن ياندۇرسا ئەجەب ئەمەس ؟ مەن قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ ، قورسىقىمدا بىر ھامىلىنىڭ بارلىقىنى ، ئۇنىڭ ئارتىقنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم . ئۆلۈمگە مەھكۇم مەھبۇسنىڭ

ئىلتىجاسى بىلەن بۇ ئايالنىڭ ماڭا ھاياتلىق ، نىجادلىق بېرىشىنى تىلەيتتىم . ئارتىقنىڭ ئاپىسى كۆزۈمگە قادىلىپ تۇرۇپ :

— سىز ئوغلۇمغا تېگەلەمسىز ؟ ئوغلۇمنىڭ سىزنى ئېلىشىغا ئىشىنەمسىز ؟ — دېمەسمۇ .

قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم . بۇ سادا نەدىن چىقتى ؟ بۇ سۆزنى ئېيتىۋاتقان كىم ؟ بۇ سۆزنى ئېيتىۋاتقان مەن سۆيگەن ، بارلىقىمنى بېغىشلىغان يىگىتىمنىڭ ئانىسى ئىدى . ئاڭلاۋاتقان كىشى بولسا مەن ئىدىم . شۇ چاغدىكى ھالىمنى ساڭا ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن دوستۇم ! ئېھتىمال چىرايىم قانچە خىل رەڭلەرگە كىرگەندۇ ؟ بۇمۇ ماڭا نامەلۇم . ئىشقىلىپ بەدىنىمنىڭ مىنۇت ئىچىدە مۇزلاپ ، مىنۇت ئىچىدە قىزىغىنىنى ، ئارقىدىنلا كېزىك ئادەمدەك تىترىگىنىمنى بىلىمەن . مەن كېكەچ ئادەمدەك :

— بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز ، — دېيەلىدىم ئارانلا . نېمىمۇ دېيەلەيتتىم ماھىرە ؟ بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرگەن ، نالاي ئايدىك كېچىلەردە شېرىن سۆز ، مۇقەددەس ۋەدىلەر بىلەن تۈنىنى تاڭغا ئۇلىغان ، كەلگۈسى بەختىمىزنىڭ مۇقەددەس پىلانلىرىنى تۈزۈشكەنىدۇق . مۇشۇ مىنۇت ، مۇشۇ دەقىقە ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى مەن ئارزۇلاپ كەلگەن ، ئۈمىد قىلغان ، ئېرىشىش ئۈچۈن ئىنتىلگەن ، ئەمما يوقىلىش ئالدىدا تۇرغان بەختىمنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغاندەك شۈنچىلىك ئۈمىد ، ئىشەنچ بىلەن ئېيتقانىدىم . يىگىلىشىپتىمەن . ئارتىقنىڭ ئاپىسى كۆزنى مەندىن ئۈزمەي تۇرۇپ :



— ئارتىقنى مەن تۇغقان ، ئۇ سىزنىڭ ئەمەس ، بەلكى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىشى كېرەك ، سىز شۈنچىلىك چىرايلىق ئىكەنسىز ، سىزگە ئوغلۇمدىن باشقا ئەر چىقماسمۇ ؟ — دېدى .

— ئۇنداقتا قورسىقىمدىكى بالىچۇ ؟ ئارتىقنىڭ بالىسىچۇ ؟

— بۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز . كىم سىزنى ئوغۇل بالىغا ئالدىراپ ئۆزىنى تۇتقۇزۇپ قويسۇن دەپتۇ ؟ سىز دوختۇر ئىكەنسىز ، بالىنى ئالدۇرۇۋېتىڭ . بىشەملىك قىلماڭ ، كىم بىلىدۇ ، بەلكىم ئوغلۇمغا تېگىۋېلىش نىيىتىدە شۇنداق بىر پىلانلارنى ئويلاپ تاپقانسىز ؟

— ياق ! ئۇنداق ئەمەس ! كىشىگە تۆھمەت قىلمىسىلا !

قايسى كۈچ مېنى شۇنداق ۋارقىراشقا مەجبۇر قىلدى ؟ ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ بىھۇدە

ئاۋارىچىلىك ئىككىنلىكىگە كۆزۈم يەتتى . لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ياتىقىمغا قانداق قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن . ئىشىكتىن كىرىپ ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كونۋېرتقا كۆزۈم چۈشتى . تونۇش خەت ، تەبىئىيكى ئارتۇق ياتىقىمغا كېلىپ كەتكەنىدى . مەن يارىلانغان قەلبىمگە تەسەللى تېپىش ئىستىكىدە ئۇنىڭ خېتىنى تېز - تېز ئوقۇشقا باشلىدىم :

رىزۋان ، مېنى كەچۈرگىن ، مەن ئاپامنىڭ بالىسى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىم كېرەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ئىشلارنى — ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ . ئۆزۈم ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئىستىقبالىم ئۈچۈن بىز ئايرىلىپ كېتىشىمىز كېرەك . بالىنى ئالدۇرۇۋەت ، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن . يۈز يۇمن قالدۇردۇم ، كېرەك قىلارسەن ...

خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا ئۆزۈمدە ماغدۇر تاپالمىدىم . ھەممە ئىش ئايدىڭ ئىدى . ئارتىمىقا قېيىن ئاتا بولغۇچى ھوقۇقلۇق ، ئىمتىيازلىق كىشى . مېنى دەپسەندە قىلغان كىشىمۇ ئوخشاشلا مەندىن غالىب . مەن ھەممىلا نېمىسىدىن ئايرىلغان بىر ئاجىزە ، ئەرز قىلايمۇ ؟ كىمگە ؟

ماھىرە ، سەن پۈتۈن نەرسەڭنى ، بارلىقىڭنى ئاتىغان كىشىڭنى يىتتۈرۈپ قويغان چاغدىكى ئازابىنى چۈشەنسەڭ ئىدىڭ ... تۇيۇقسىز كۆزۈم ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاقلىق پۇلغا چۈشتى . شۇ چاغدىلا ، ۋىجدانىمنىڭ ، قىزلىق قىممىتىمنىڭ ، ئىنساني غۇرۇرۇمنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ، خورلانغانلىقىنى چۈشەندىم . مېنىڭ كۆتكىنىم مۇشۇ پۇلمىدى ؟ دەپسەندە قىلىنغان ، ئەمدىي قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغان نەرسەمنى مۇشۇنچىلىك پۇل بىلەنلا قايتۇرۇپ بېرىش قايسى بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلەر ؟ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىم ، تۇنجى مۇھەببىتىم مۇشۇ يۈز يۇمن بىلەنلا ئۆلچەنسە - ھە ؟ ئاھ ئىپلاس ، ۋىجدانسىز ! سەن بۇ پۇلنى نېمىشقا قالدۇرۇپ كەتتىڭ ؟ سېنىڭ ماڭا قىلغانلىرىڭ يەتمەسمۇ ؟ شۇ چاغدا قورسىقىمدىكى بالىنىڭ يەڭگىل مىدىرلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم - دە ، تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتىم . ئەنە شۇ پۇل مېنى قاتىللىق قىلىشقا ، تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بىر جاننى ئىنسانلار ئارىسىدىن جۇدا قىلىشقا قىستاۋاتاتتى . مەن پۇلنى ئۇششاق يىرتىپ تاشلىدىم - دە ، ئاپامغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان تىنچلاندۇرۇش دورىسىدىن بىر چاڭگالنى بىراقلا ئاغزىمغا سالدىم ...

ئوپېراتسىيە قىلىۋاتىمىز ، قايچا ، قىسقۇچلارنىڭ جاراق - جۇرۇقلىرى ، تىنماي ئېقىۋاتقان قان ... تەرلەپ ھالىمدىن كېتىۋاتىمەن . شۇ تەرىقىدە قانچىلىغان ئادەمنى ئوپېراتسىيە قىلغىنىمىزنى بىلمەيمەن . بەكمۇ قورقۇنچلۇق ، قان كېچىپ يۈرۈۋاتىمەن . قوللىرىم قان . قولۇمنى يۇيايچۇ ، ئاپلا سۇمۇ يوق . سۇ ! سۇ ... !

— ھە ، ھوشىغا كەلدى !

بوش پىچىرلاشلار ، گۇدۇڭلاشقان ئاۋاز . بېشىم گويا تاش ئېسىپ قويغاندەك شۇنچىلىك ئېغىر ، كۆزۈمنى تەستە ئاچتىم . ئەتراپ پۈتۈنلەي ئاپئاقچىلىق . مەن قەيەردە ؟ مەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم ؟

بېشىمدا ئاپام بىلەن سىڭلىم يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئېسىمنى تەستە يىغدىم . توغرا ، ئۆلۈش ئۈچۈن دورا يېمىگەنمىدىم ؟ مەن ئارتىقتىن ئايرىلىپ قالسام ياشىيالمايتتىم . لېكىن ... ئۆلمەن دەپ ئۆلەلمىگەن ئىكەنمەن ، ياشايدىغان ئوخشايمەن ، قانداق ياشايمەن ؟ كىم ئۈچۈن ؟ نېمە ئۈچۈن ياشايمەن ؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ ئىدى . ھازىر بۇنى ئويلايدىغان ۋاقتىمۇ ئەمەس ئىدى .

ئون كۈندىن كېيىن بالنىتسىدىن چىقتىم . كەيپىم بەكمۇ ناچار ، مەن توغرۇلۇق سىرتتىكى سۆز - چۆچەكلەر ئاز ئەمەس ، بۇنى مېنى يوقلاپ كەلگەن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەر خىل چىراي -

ئېپادىلىرىدىن بىلىپ تۇراتتىم . «يىگىتنى تاشلىۋېتىپ ، ئاچچىققا چىدىماي دورا ئىچىۋاپتۇ ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدۇق ، يىگىت دېگەن دۇنيادا بىرلىمىدى ؟ قاراڭ ، شۇ چىرايىڭىز بىلەن نى ـ نى يىگىتلەرنى كەينىڭىزدىن ئەگەشتۇرەلەيسىز ، ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلماڭ» دېيىشتى كەلگەنلەر كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىپ .

ـــ نېمىدەپ شۇ پوقنى يېگەنسەن قىزىم ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ خەلق ـ ئالەم ئالدىدا بۇ يۈزنى نەگىمۇ قويغۇلۇق ؟ ھېلىمۇ ئەقلىم جورۇپ ، شۇ كۈنى سىڭلىڭنى يېنىڭغا ئەۋەتكەن ئىكەنمەن . ھوشسىز ئىككى كۈن ياتتىڭ ، ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا ، قېرىغىنىمدا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ماڭا ،ـــ دېدى ئاپام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، مەن ئۆيگە چىققاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى .

ئۆلمەي ، دېمەمۇ ئۆلەلمىگەندىن كېيىن ياشاشتىن باشقا چارەم قالمىغانلىقى ئېنىق ئىدى . لېكىن ... ئىنسانغا تىنىقلى بولمايدىغان دەرد ـ ئەلەم ، نومۇس مېنى قىيناۋاتاتتى . شۇ غەم ـ ئەندىشە بىلەن تۇرۇۋاتقىنىمدا ، دوختۇرخانا باشلىقى مېنى يوقلاپ كەلدى . ماھىرە ، بۇ دۇنيا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئارىلاشمىسى بىلەن تولغانىكەن . يامانلار ئازاب ئوقلىرى بىلەن قەلبىڭنى جاراھەتلەندۈرسە ، ياخشىلار ئۆزىنىڭ قايتۇرۇپ بولماس ياخشىلىقلىرى بىلەن سېنىڭ يۈرەك جاراھىتىڭگە مەلھەم بولىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن سەندە يەنە ھاياتقا نىسبەتەن سۆيگۈ ئويغىنىدىكەن .

باشلىق مېنى S ناھىيىسىگە ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش بىلەن يولغا سالدى . ئۆتمۈشنى ئويلىماسلىقىم ، كەلگۈسىگە ئىشەنچ باغلىشىم ھەققىدە كۆپ تەربىيىلەرنى بەردى . تەسەللى تاپقان كۆڭلۈم خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى . مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتى ماڭىمۇ ، باشلىقىمۇ ئايان ئىدى . لېكىن بۇ توغرىدا ھېچقايسىمىز ھېچنەرسە دېيىشمىدۇق . باشلىقنىڭ S ناھىيىسىدىكى دوختۇر ساۋاقدىشىغا يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خېتىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقتىم .

ماشىنا ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىدا چايقىلىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى ، سەن بىلمەيسەن ، بۇ يۇرتنىڭ قىشى ئانچە قاتتىق بولمايدۇ . تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجى بىلەن سەپەرگە چىققان سەپەرداشلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماشىنا ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن ، بەزىلىرى ماشىنا ئارقىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇزاق سايلارغا ، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلانغان قاقشال دەرەخلەرگە قاراپ خىيال قىلىشماقتا . ئاھ ! ئۇلار نېمىدېگەن بىغەم ـ ھە ؟ مەنمۇ بىر چاغلاردا شۇنداق خاسىيەتلىك سەپەرنىڭ پەيزىنى سۈرمىگەنمىدىم ؟ ئۇچۇرۇم بولغان قۇش بالىسىدەك ساددا ، سەبىي ئىدىم . ھايات ئۈچۈن ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇل قۇرۇشقا ، بەختىم ئۈچۈن ئاساس يارىتىشقا شۇنچىلىك خۇشال ئاتلانغان ئەمەسمىدىم ؟ ئۇ چاغدا پاك ئىدىم ، سۈرىدىغىنىم گۈزەل ھاياتنىڭ تاتلىق ئەسلىملىرى ئىدى .

شۇ كۈنىنىڭ دەھشەتلىك چاقمىقى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايتتى ، شۇ كۈندىكى ۋەقە كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيتتى .

ـــ يۈر ، كېتەيلى !

ـــ قارا ، يامغۇر شۇنداق قاتتىق يېغىپ كەتتى ، قانداق كېتىمىز ؟

ـــ ياق ، قايتايلى . بۇ ئۆيدە قونۇپ قالساق بولمايدۇ .

ـــ ھاماڭىمۇ يوق ، ئۇ بولمىغاندىكىن ...

ـــ ئۇنداق قىلما جېنىم ، ياق ھەرگىزمۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ماڭا ئىشەنمەمسەن ، سەن مېنىڭ ، ھامان مېنىڭ ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەنلەر ئۇچۇن توي قىلىش شەرتمىكەن ؟

— ناۋادا ...

— مەكتەپتىن چىقىپلا توي قىلمىز ، سەن ئانا بولىسەن ، شۇ .

شۇنچىلىك قاتتىق چاقماق چاقتى ، ئىشىك - دېرىزىلەر جاراقلاپ كەتتى ، مەن قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتىم . خۇدا نېمىشقا چاقماق چاققۇزدى ؟ بۇ ماڭا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇشمىكىن ۋە ياكى ماڭا ياغدۇرۇلغان غەزەپمىكىن .

دوستۇم ، شۇ چاغدا ، چاقماق تېخىمۇ كۈچلۈك چېقىپ ، كائىنات كۈلگە ئايلانغان بولسا ، ياكى تويان بالاسى مېنىڭ ئىپلاس ۋۇجۇدۇمنى لاي - لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولغان بولاتتى ، دەپ ئويلايمەن .

مانا ئەمدى يۈرىكىم ئازابتىن ئېچىشماقتا . مەن قورالدىن ئايرىلغان ئەسكەر ، توردىن ئايرىلغان بېلىقچى ، توكۇر يولۇچى بولدۇم . مۇھەببەت بابىدا شاھ ئىدىم ، ئەمدى ھايات چۆلىدە مېھىر - شەپقەتكە تەشنا دىۋانە بولدۇم .

ھەممىسى تۈگىدى ، مۇھەببىتىم ، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىستىكىم ھەممىسى بىراقلا تۈگىدى . كۈنلىرىم ئېقىن سۈدەك مەنىسىز ، ھېسسىياتسىز ئۆتۈشكە باشلىدى ، ئۆتۈپ كەتكەن ئازابلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يەنە بىر قېتىم باشتىن كەچۈرۈشمۇ ئازاب ئىكەن . مانا ، بۇ بىر يىل ئىچىدە ئارتىق رابىيە بىلەن توي قىلدى . ئۇ ياخشى بولسۇن ، يامان بولسۇن بىر ئائىلىلىك بولدى . مەن غەمكىن ، ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى ، پوچاڭزىلارنىڭ ئاۋازلىرى يېڭى يىلنىڭ ھارپا كېچىسىگە سۈرلۈك تۈس بەرمەكتە . سەن بىلىسەن ، مەن مەكتەپتىكى چاغدىلا ، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلاتتىم . ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپمۇ قوياتتىم . بۈگۈنمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ، ئازاب ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلىم ئۈچۈن شېئىر يېزىشقا باشلىدىم :

ئۆزاتتىم ياشلىقىمدىن يەنە بىر يىل ،
ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى ھاياتىممۇ .
ھەر كۈنى شۇ دەرد بىلەن ئۆرتىنەر دىل ،
شۇڭلاشقا سۇنۇق مېنىڭ قاناتىممۇ .

كونا غەم ئازابىدىن قۇتۇلماستىن ،
يېڭى يىل يېڭى غەمگە سالدى مېنى .
سۇلاشتى ياشلىق گۈلۈم ئېچىلماستىن ،
قوش ئەلەم ئۆز ئىلكىگە ئالدى مېنى .

يېڭى بەت ئاچسامۇ مەن خاتىرەمدىن ،
يېڭى سۆز تاپالماستىن ئاۋارە مەن .
ئەمدى مەن قۇتۇلالماسمەن دەرد - ئەلەمدىن ،
چۈنكى غەم ئوقى تەگكەن سەۋدايى مەن .

ياڭرايدۇ بۇ بېشىمدا ماتەم كۈيى ،
يېشىمغا يېڭى بىر ياش قوشۇلغاندا .
تۈگەيدۇ ھاياتىمنىڭ غەمكىن كۈنى ،
جان ئۈزۈپ ئەبەدىي گۆرگە قويۇلغاندا .

شېئىرىم ئۈزۈمگە ياقتى . مەنىسى ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ھېسسىياتلىرىمنى ئىپادىلەپ بېرەتتى . مەن يېڭى يىلنى شۇنداق ئۈمىدسىز ، غەمكىن كۈتۈۋالدىم . بۇ بىر يىلدىن بېرى دوختۇرخانا باشلىقى ماڭا خۇددى ئۆز قىزىدەك قارىدى . سائەتلەپ ۋاقتىمنى باشلىقنىڭ ساددا ، ئاق كۆڭۈل ئايالى بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزەتتىم . مۇبادا مۇشۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بولمىغىنىدا ، مەن راستىنلا تۇرمۇشنىڭ كىشى چىدىغۇسىز زەربىلىرى ئاستىدا يىقىلىپ قالغان بولاتتىم .

ماھىرە ، تىنچ ، خاتىرجەم ياشاش مۇمكىنمۇ ؟ بىراۋلار ئەلەمچىلىككە كېلىشىدۇ ، بىراۋلار كىنوغا

بېرىش تەلپىنى قويىدۇ ، بىراۋلار خەت يېزىپ قەلبىنى ئىزهار قىلىشىدۇ . ئاخىرى مەن توي قىلدىم . ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ تويۇم ئەمەس ، ماتىمىم ئىدى . يېقىنلىرىغا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقا ھەققى بولمىغان مەھبۇستەك ياشىلىقىم بىلەن خوشلىشىۋاتاتتىم .

دوستۇم ، تويى بولغان قىزلارنىڭ ھەممىسى توي كۈنى يىغلايدۇ ، قىزلارنىڭ بۇ يىغىسىنى ھېچقانداق بىر كىشى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ . مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ، لېكىن مەن نېمىگە يىغلاۋاتقىنىمنى شۇنچە ئېنىق بىلەتتىم . ئۆزۈم ياخشى كۆرمەيدىغان يات بىر كىشىنىڭ ئايالى بولۇش ، بۇ ئازابتىن پەيدا بولغان ئاچچىق يىغا كۆز چاناقلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى . ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قورقۇنچلۇق ئۆتمۈشنىڭ رەزىل سايىسى ھەر دائىم كۆز ئالدىمدا تۇراتتى . لېكىن تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ماڭا مۇشۇ يولنى كۆرسىتىپ بەرگەنىكەن ، بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى . مەيلى يوك قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ، كۆتۈرۈشۈم ، بەدەل قانچىلىك زور بولسىمۇ تۆلىشىم كېرەك ئىدى . ئاپامنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قىلىنغان بۇ توي تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ ، مېنى ئەڭ بەختلىك بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويسا ئەجەب ئەمەس . ئىل پامىنى يەنە رەنجىتىشنى ، ئاخىرقى ئۆمرىدە مەن ئۈچۈن قايغۇرۇپ ، مەن ئۈچۈن ئاۋارە بولۇشنى خالىمايتتىم . يولدىشىم ئېگىز بويى ، رەتلىك ، پاكىز كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ، خېلى قاملاشقان يىگىت ئىدى . مۇلايىملىقى ، خۇش پېئىللىقى ، مېھماندوستلۇقى بىلەن ھۆرمىتىمگە سازاۋەر ئىدى ، بىراق ئۇ ھاراقنى شۇنچىلىك كۆپ ئىچەتتى . جەمئىيەتتىكى كوچا - كويلاردا يۈرىدىغان بىساپا ئاغىنىلىرى كۆپ ئىدى . مەن ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى پەقەت ياقتۇرمايتتىم . بىراق ، ھەممە تەرەپتىن سېنىڭ دىتىڭغا ياقىدىغان ئادەمنى نەدىن تاپىسەن ؟ شۇڭا ئۇ خۇشال بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا رازى ئىدىم . ئىدارىدىكى خىزمەتنى تۈگىتىپ ئۆيگە ئالدىرايتتىم ، بەدەل تۆلىشىم ، بەرباد بولغان ئۆمرىدىم ، يوقالغان قىزلىق ئىپپىتىم ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىم كېرەك ئىدى . شۇنىڭ ھېسابىغا قۇرۇلغان بۇ ئائىلە ، بولۇپمۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى بالام ئۈچۈن جاپا چېكىشكە رازى ئىدىم ، ۋايسىمايتتىم ، ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەيتتىم . يولدىشىمنىڭ ئەدەبسىز ، ھاراقكەش مېھمانلىرىنى كۈتۈش — چاي قۇيۇش ، ئاش - تاماق ئېتىش ئىشلىرىدىن شۇنچىلىك تويۇپ كېتەتتىمكى ، نېكىن چىش يېرىپ تىنمايتتىم . قىلچىمۇ مۇھەببىتىم بولمىغان بۇ ئەرنىڭ ناباب قىلىقلىرىنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى ئۆزۈملا بىلەتتىم . لېكىن مەن چىدايتتىم .

— بۈگۈن كەچتە ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى ئىدى ، تەييارلىق قىلىپ قويساڭ ، — دېدى بىر كۈنى يولدىشىم چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا . مەن ئۇنىڭ ھەرقانداق مېھمانلىرىدىن بىزار ئىدىم . لېكىن ، شۇنداقتىمۇ ئۆيگە كەلگەن مېھماننى كۈتۈش كېرەك . بەلكىم بۈگۈنكى مېھمان ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدىرەك بولسا كېرەك .

كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ ، قازانغا گۆشنى ئەمدىلا سېلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ مېھمانلىرى يېتىپ كېلىشتى . غەلىتە ياسىنىشقان ئىككى قىز ۋە ئۇنىڭ مەن دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئاغىنىسىدىن بىرى بىللە ئىدى . ئۇ قىزلاردا ماڭا ھۆرمەت ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى . خۇددى ئۆزلىرى بۇ ئۆينىڭ خوجايىنلىرىدەك ، مېنىڭ بۇ ئۆيدە مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىشاتتى .

— مىجىت ، كۆزۈڭ خېلى مال تونۇيدىكەن جۇمۇ . مېنى تاشلىۋېتىپ قانچىلىك خوتۇن ئالدىكىن دېسەم ، خېلى جايىدا ...

uyghurkitap.com

تاشقىرىقى ئۆيدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ماھىرە، مەن يولدىشىمنى ئاق كۆڭۈل، ياۋاش دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ كونا مەشۇقىنى ئۆيۈمگە باشلاپ كېلىشى ماڭا ھار كەلدى. نېمىلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭ ئايالى، ماڭا ھۆرمەت قىلىشى، كىشىلىك ئىززىتىمنى دەپسەندە قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇبادا، بۇ قىزلار مېنىڭ ئۆيۈمگە يامان نىيەت بىلەن كەلمىگەن بولسا، مەن ئۇ قىزلار بىلەن دوست بولۇپ قېلىشنى خالايتتىم. بەلكىم مەن ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويغانىدىمەن. ئۇ مىجىتنى ياخشى كۆرىدىغان بولغىيدى. بەلكىم ھازىرمۇ ياخشى كۆرەر؟ لېكىن بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئەلۋەتتە مەن ئەمەس ئىدىم. ئىش مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىكەن.

ماھىرە، مېنىڭ ھاياتتا ھەممىلا نېمىدىن نارازى بولۇپلا يۈرىدىغان ئادىتىم يوق. نۇرغۇن مەسىلىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىمەن. خېتىم شۇنچىلىك ئۇزىراپ كەتتى. قىسقارتىپ يازاي دېسەم بەزى ئىشلارنى بىر-ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش بەكمۇ قىيىن. شۇ مەزگىللەردە، ئاپام ئېغىر كېسەل بولغاچقا، بەزىدە ئاپامنىڭ يېنىدا قونۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى كەچلىك دىجورنىلىكتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېلىپ نېمىنى كۆردۈم دېمەمسەن؟ مىجىت ئۆيگە كەلگەن ھېلىقى قىزلارنىڭ بىرى بىلەن ئانىدىن تۇغما ھالدا يوتقاندا يېتىپتۇ.

خورلۇق، ئازاب ...

يېرىلغۇدەك بولدۇم. لېكىن ۋارقىرىمىدىم، جار سېلىپ قوشنا-قولۇملارنىمۇ چاقىرمىدىم. ئۆزۈممۇ ئىشىنىپ كېتەلمەيدىغان بىر تەمكىنلىك بىلەن يان ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

ماھىرە! شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. باشقىلار «كۈنچىلىك ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى، ياخشى كۆرسە كۈنلەيدۇ» دەيدىكەن. لېكىن، ئۈنسىز بەكمۇ ئۇزاق يىغلىدىم. نېمىشقا يىغلىدىم؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. شۇ ئىشتىن كېيىن، جېدەللىمىز زادىلا بېسىقمىدى. ئۇ كۈن-كۈنلەپ ئۆيگە كىرمەيتتى. كەلسىمۇ مەست ھالەتتە كېلەتتى.

بىر كۈنى ئۇ، دەلدەڭشىگەن ھالدا ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى-دە، يەنە ھاراق ئىچكىلى تۇردى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن پىيالىنى تارتىۋالدىم.

— بولدى، ئىچمەڭ! جېنىڭىزغا ئىچكىڭىز ئاغرىمامدۇ؟

— ئىچىمەن، ئىچسەم مەن ئىچتىم. سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— مەن ئايالىڭىزغۇ؟ نېمىشقا كارىم بولمايدىكەن؟

— مېنىڭ ئايالىم؟ ...— ئۇنىڭ تىنىقلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، — سەن مېنىڭ ئايالىممۇ؟ قاچاندىن بېرى؟ سەن مېنى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ سەن ماڭا ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا تەگكەن ئىكەنسەن. مەن ئۆزۈڭنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭگە قاراپ سېنى كەچۈرۈپتىمەن. ياخشى كۆرۈپتىمەن. سەنچۇ؟ سەن ماڭا نېمە بەردىڭ؟ ھېچنېمە، ھەتتا ئۆيگە بىرىنى ئەكىرىپ ياتسامۇ بىر ئېغىز تىنمىدىڭ، كۈنلىمىدىڭ، مەن ئەسلىدە ھېسسىياتسىز بىر قۇرۇق تەنگە ئۆيلەنگەن ئىكەنمەن. تۇفى! سېنىڭ چىرايلىق جامالىڭ قۇرۇپ كەتسۇن!— ئۇ مېنى شۇنداق قاتتىق ئىتتەردىكى، دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدىم. تەستە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېلىندىم:

— مىجىت! مەست بولۇپ قاپسىز، يېتىپ دەم ئېلىڭ!

— يوقال كۆزۈمدىن پەس جالاپ! قورسىقىڭدىكى ئاۋۇ كۈچۈكۈڭمۇ ماڭا قارا،— تەستە

كىمگە تەگكەن بىر شاپىلاقتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

ماھىرە، بۇ ماڭا نېمە قىسمەت؟ ئېيىم تۇشماي كۆزۈم يورۇدى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن شۇنداق بولدى.

ئاھ ئانا. يۆلەنسە تاغ ئانا! قانداق قىلىمىز دوستۇم. بىز ئۇچۇم بولغان قۇش بالىسىدەك ئانىمىزنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىپ چىقىپ كېتىدىكەنمىز، بېشىمىزغا كۈن چۈشسە يەنە شۇلارنى تاپىدىكەنمىز. ئۇلار بىر ئۆمۈر بىز ئۈچۈن ــ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن سەكپارە بولۇشىدىكەن. نېملا بولمىسۇن مەن ئائىلەمنى ۋەيران قىلىشنى خالىمايتتىم. بۇ مېنىڭ مىجىتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس، بالامنى تىرىك يېتىم، ئۆزۈمنى شۇبھىلىك تۇل قىلىشنى خالىمايتتىم. لېكىن مىجىت ئېيتقاندەك، ئادەملەر ئۆز ئارا بىر ـ بىرىدىن مۇھەببەت، مېھىر ـ شەپقەت تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇ ئەقەللىي تەلەپنى ئورۇندىيالمىسا، بۇنى بىر ئائىلە كىشىلىرى دېگىلى بولمايتتى. مەن نىكاھ دېگەن ئىسسىقچىلىقنى بەرسە ئەجەب ئەمەس، بارا ـ بارا ياخشى كۆرۈپ قالارمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئەمەلىيەت مېنىڭ كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان نورمال تەلەپلىرىنىمۇ ئىنتايىن سەسكىنىپ تۇرۇپ ئامالسىزلىقتىن قوبۇل قىلاتتىم. ئۇمۇ ئىنسان ـ دە! ئۇ مەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلدى، لېكىن، مەن بېرەلمىدىم.

قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە ئېيىم تۇشماي كۆزۈم يورۇدى، مەن ئانا بولدۇم، بىر ئايال زاتى ئۈچۈن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولماس، دەپ ئويلايمەن. تولغاقنىڭ جاننى قاقشاتقۇچى ئازابلىرى ئىچىدە تولغىنىپ ياتقىنىمدا، دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان يۈرەك ـ پارىمىنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلانسا، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل شادلىق ئېقىمى بەدىنىمنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىدىكى ئاغرىق ئازابىنى غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن قوغلاپ چىقارغاندەك، ھارغىنلىقنىڭ راھەتكە، ئازابلىرىنىڭ شادلىققا ئايلىنىدۇ. بوۋاقنىڭ ھەر بىر ئاڭسىز ھەرىكىتىنى قانداقتۇر بىر ئىشلارغا ئوخشىتىپ، ئۆزۈڭنى خۇش قىلىسەن. بۇنداق چاغدىكى ھېسسىياتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، ئەھمىيىتىنى، ئەنە شۇ چاغدىكى شادلىقنىڭ لەززىتىنى نېمىگە تەڭ قىلغىلى، نېمە بىلەن ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتى يېنىدا چىراغ يېنىدىكى پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن ئانىدىن بۆلەك كىممۇ چۈشىنىدۇ.

مەن بارلىق خاپىلىقلىرىم، كۆڭۈلسىزلىكلىرىمگە قارىماي خۇشال ئىدىم، بەختلىك ئىدىم. چۈنكى مەن ئانا ئىدىم. ھاۋۋا ئانا مىراس قالدۇرغان، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكۈچى مۆجىزاتنىڭ ئانىسى ئىدىم. مەن بەختىمدىن مەست ئىدىم.

تۇغۇت ۋاقتىم توشقۇچە مىجىت مېنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ كەلمىدى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمايتتىم، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. بىر مەزگىل ساقلىسام، يا بايىدىن، يا سايرامدىن چىقار.

دوستۇم ماھىرە، دەھشەتلىك چۈشكە ئوخشايدىغان ئاشۇ ئۆتمۈشنى ئويلىساملا ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ باسىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئازابلىرىغا قانداق چىدىغانلىقىمغا ھەيران قالىمەن. تۇغۇت ۋاقتىم توشۇپ، خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈنى ئىدى، ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشۇمغا مىجىت ئالدىمغا كەلدى. ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرغان بولسا كېرەك.

ــ يۈر، ئۆيگە كېتىمىز، ــ دېدى ئۇ قوپاللا.

مېنىڭ غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى.

www.uyghurkitap.com



ــ كەتمەيمەن ،ــ دېدىم . ئىككىمىز گەپ تەگمىشىپ قالدۇق ، ئۇنىڭ مەن بىلەن جېدەللەشمەكچى بولۇپ قەستەن قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي ؟

ــ كېتەمسەن ، كەتمەمسەن ؟ ــ دېدى ئۇ كالىدەك ھۆركىرەپ .

ــ كەتمەيمەن ،ــ دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن .

كاچىتىمغا تەگكەن بىر شاپىلاق بىلەن ئۇچۇپ چۈشتۈم . ئۇ مېنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ يەنە بىرنى سالدى . مەن يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم .

ــ تارت قولۇڭنى ! مېنىڭ ئىدارەمگە كېلىپ ئادەم ئۇرۇشۇڭغا رۇخسەت يوق ،ــ بۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئىدى .

ــ ھە ، سىزمىدىڭىز ؟ ــ دېدى مىجىت سوغۇق كۈلۈپ ،ــ ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟ شۇنداق ، بۇ چىرايلىق چوكاننىڭ تاياق يېيىشىگە ھېچكىم چىدىمايدۇ . سىز تېخىمۇ شۇنداق . ئەگەر راستىنىلا ئىچىڭىز ئاغرىسا ، قانۇنلۇق خوتۇنۇمنى مېنىڭ ئالدىمغا سېلىپ بېرىڭ . ھازىرچە ئۇ مېنىڭ نىكاھىمدىكى خوتۇن ، شۇڭا مېنىڭ شەخسىي ئىشىمنى ئۆزۈمنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقۇم بار . مەن بۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن ، سىزگە ئۆتكۈچە بولىدۇ . خالىغىنىڭىزچە بولىدۇ .

مەن يىغلىمىدىم ، گويا مېڭىسى ئىشتىن توختىغان ئادەمدەك باشلىقىقا ــ غەمگۇزارىمغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم .

ــ بېرىڭ ، دېدى باشلىق ،ــ چىرايلىق پاراڭلىشىڭلار ، سىزگە ئىگە بولىدىغان ئادەم بار .

دەرۋازىدىن چىقىشىمغا مىجىت تېخىمۇ ياۋۇزلاشتى . ئۇ مېنى ئۆيگە سۆرەيتتى ، مەن ئاپامنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭاتتىم . تاياق ، تېپىك ئارىسىدا قالدىم ، يىغلايتتىم ، خۇداغا ئۇنسىز نىدا قىلاتتىم . نومۇس ـ خورلۇقتىن يۈزۈم ئوت بولۇپ ياناتتى . ئاخىر ئۇنىڭغا يېڭىلدىم .

ــ مىجىت ، نېمە گەپ بولسا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ دېيىشەيلى .

ــ ئاپاڭنىڭ يېنىغا ؟ ــ ئۇ كاچىتىمغا يەنە بىرنى سالدى ،ــ قېنى ھېلىقى قېرى ئاشناڭ ؟ سېنى قۇتقۇلدۇرغىلى كېلىدۇ ، دەپ ئويلامسەن ؟

ماھىرە ، سەن كوچىدا باشپاناھسىز ھالدا بىرلىرىنىڭ تاياق ، تېپىكلىرى ئىچىدە قېلىپ خورلۇنۇۋاتقان شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تونۇشلىرىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان ، يەنە قانداقتۇر ئۆز رەقىبىدىن كۈچلۈكرەك بىرەر غايىب مۆجىزاتنىڭ خورلۇغۇچىسىنى ئەدەبلەپ قويۇشىنى خۇدادىن تىلەۋاتقان بىر ئايالنى كۆرگەنمىدىڭ ؟ كۆرمىگەن بولساڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭ مۇمكىنمۇ ؟ سەن بۇنى ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇر قىلالايسەن ، ياتلار ، ناتونۇشلار بۇنداق كۆرۈنۈشتىن ئېچىنىدۇ . خورلانغۇچىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ، لېكىن ھەرقانداق ياتلارنىڭ ، ناتونۇشلارنىڭ ياردىمى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىدۇ . كىشىلەر خۇدانى بەك ئادىل ، سېخىي ، ئۇ كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىنى بېرىدۇ ، دېيىشىدىكەن . مەن شۇ چاغدا خۇداغا شۇنچىلىك نالە قىلدىمكى ، خۇدا نالىلىرىمگە قۇلاق سالغان بولسا ، پۈتۈن دۇنيانى قاراڭغۇلۇققا چۆمدۈرۈپ مەن تارتقان بۇ خورلۇقنى پىنھان قالدۇرسا ... خۇدا نالەمنىمۇ ئاڭلىمىدى .

ــ ھەي لەنىتى ھايۋان ، تارت قولۇڭنى !ــ بۇ مېنىڭ تاغام ئىدى ،ــ مانا ئۇرغان دېگەن ماۋۇ ...

تاغام باشقىلارنىڭ سالا ـ سۈلىلىرى بىلەن مىجىتنى ئۇرۇشتىن ئاران توختىدى .

ــ ئىتنىڭ بالىسى ،ــ دېدى تاغام ،ــ تۇغۇتتىن ئەمدىلا قوپقان ئايالنى ئۇرۇۋاتقىنىنى قارا ، ئادەممۇ سەن ؟ يۈر قىزىم كېتەيلى !

شۇ قېتىمقى جېدەلدىن كېيىن، تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق بولۇشى ساڭىمۇ مەلۇم. مەن تىرىك يېتىم ئوغلۇمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. مېنىڭ شۇبھىلىك، ئەمما غەم-قايغۇسىز ھاياتىم باشلاندى.

ماھىرە، ئادەم بىر مەجبۇرىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىكەن، ئۇ، قانچىلىك ئېغىر بولسۇن، ئۇ چوقۇم چىدىشى، چوقۇم شۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك. مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ئوغلۇمغا ھەم دادا، ھەم ئانا بولۇش. ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق مۇھەببەتنى ئوغلۇمغا ئاتا قىلىش ئىدى. ئاپام كېسەل ئىدى، مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق چاغدا ئاپامدىنمۇ ئايرىلدىم، ئۇ شۇ ياتقانچە تۇرالمىدى ...

ماھىرە، بۇ جۇدالىقنىمۇ يەڭدىم، بىر ئامالىلار قىلىپ كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتىم. لېكىن، ئېرىشكەن نەرسەممۇ ئاز بولمىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئوغلۇم ئىدى. مەن بارلىقىمنى ئوغلۇمغا بېغىشلىدىم. ھەرھالدا بەك خۇش بولمىسامۇ، ئانچە خاپىمۇ ئەمەس ئىدىم. بۇ تىنچلىقىممۇ بۇزۇلدى، ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ شۇنداق بىر تاسادىپىيلىق ئىچىدە، شۇنچىلىك يورۇق دۇنيادا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشىنى ئەقلىمگە زادىلا سىغدۇرالمايتتىم.

بىر كۈنى كېچىدە ئوغلۇمنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ قارىسام، ئاھ خۇدا، ئوتتەك قىزىق پىلتا ئۈستىدە ئوغلۇم تېلىقىپ يىغلاۋاتاتتى، كۆيۈك يارىسى. ئەمدىلا ئىككى ياشتىن ئاشقان بالامنىڭ ھاياتىنى تىلەپ، خۇداغا نالە قىلدىم. بارلىق خىزمەتداشلىرىمغا مۆڭگۈلۈك ئىلتىجا بىلەن يېلىندىم. ئوغلۇم مېنى داغدا قويۇپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. تەقدىر مەندىن ئۆچ ئالغانىدى. ئاھ قىساسكار جاھان!

ئەتىيازنىڭ كىشىنى ئېزىدىغان سۇس ئاپتىپى بۇلۇڭ-تەسكەيلەردە قالغان ئاخىرقى قار-مۇزلارنى ئېرىتىپ، پۈتكۈل جاھاننى ئويغىتىشقا باشلىدى. باھار تەبىئەت ئالىمىگە ئۆزىنىڭ شادلىقىنى ھەدىيە قىلسا، مەندىن ھەممىنى تارتىپ كەتتى. قەلبىمدە زىمىستان قىشنىڭ ئاچچىق شۇۋۇرغانلىرى ئۇشقىرتاتتى. مەن مۆڭگۈلۈك، غەمگە پاتقان ھالدا ھەر بىر قەدىمىمنى تەستە يۆتكەيتتىم. ئاز سۆزلەيتتىم، كۈلكە مەن ئۈچۈن يات ئىدى. كونىلار ئۆلۈك ئىشىكتىن چىقىشقا، پەرىشتىلەر تۆكۈلۈك، دېرىزىلەردىن سوغۇق سۇ چاچارمىش، بولمىسا، ھايات قالغانلار جۇدالىقنىڭ دەھشىتىگە چىدىماي، يۈرىكى يېرىلىپ كېتەرمىش، دېيىشىدىكەن. بەلكىم بۇ سۆز راستتۇر. بولمىسا، بۇ ئازابلارغا قانداق چىدار بولغىيدىم؟

مېنىڭ غەمكىن ھالىمنى كۆرگەن سىڭلىم ماڭا:

— بىلىمەن ئاچا، ئېيتمىغىنىڭ بىلەن ساڭا بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. لېكىن سېنىڭ دەردىڭنى بىز تارتىشىپ بېرەلمەيدىكەنمىز، دوستۇڭ رەنانىڭ قېشىغا بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلسەڭ، ئۇنىڭ يولدىشىنى بىر دوختۇرخانىدا باشلىق دېگەندەك قىلىۋېدىڭ. ئەگەر يۆتكىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، بىر ئاز پايدىسى بولارمىكىن دەيمەن، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ.

ئويلاپ باقسام سىڭلىمنىڭ مەسلىھەتىمۇ توغرا. ئادەم دەرد تارتقان، ئازابلانغان چاغلىرىدا ھامان ئۆزىگە سىرداش ئىزلەيدۇ. بولۇپمۇ بىز ئاياللار شۇنداق. يېقىنلىرىمىز بىلەن سىردىشىش ئارقىلىق، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىمىز.

سەپەرگە ئاتلاندىم، رەنا بىلەن كۆرۈشۈشىمىز مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئانچە قىزغىن بولمىدى: يىللار ئارىدىكى يېقىن دوستلۇق رىشتىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چوڭقۇر ھالڭ پەيدا قىلغانىكەن. مەن ھازىر شۇنچىلىك گۈزەل تولۇق ئايال ئىدىمكى، رەنانىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ گۈزەل ھۆسنىم بىلەن ھەرقانداق ئائىلىنى ۋەيران قىلغۇدەكمەن. مىجىت بىلەن ئاجرىشىپ خاتا قىلغانلىقىمنى ئۇ بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ ئەيىبلىدى. توي قىلىشىم توغرىسىدا ماڭا قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدى.

— ھەتتا مەن چېغىمدىمۇ سەندىن ئەنسىرەيمەن، رىزۋان، — دېدى ئۇ سۆز ئارىلىقىدا.

— نېمىشقا؟ — سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— سەن بەكمۇ گۈزەل، سېنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر ئەر كەينىڭگە بىر قايرىلىپ قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي، باشقا بىرىنى يوقلايدىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. بىر مېھمانخانىغا كېلىپ يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئۇخلاشقا ياتقان بولساممۇ، زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيتتى. رەنادىن رەنجىمىدىم، نېمىشقا؟ ئۇ مېكىير جاپادا قۇرغان ئاشۇ ئائىلىسىنى قوغداشقا، ئاشۇ ئىككى بالىسىغا ئۆزى ئانا بولۇشقا ھەقلىق ئىدى. ئادەملەر بولۇپمۇ ئەرلەر بەك ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز. ئۇلار ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ، تامىقىنى ئېتىپ، ئىشكىكە تەلمۈرگەن ئاياللىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن دەپسەندە قىلىدۇ. ساختىلىق ئۈچۈن، ساختا مۇھەببەتنى ئۈچۈن تالاي ۋاقتىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ دۇنيا ساختىلىق بىلەن سەممىيلىكنىڭ گىرەلىشىشىدىن چەكسىز تەۋرىنىپ تۇرىدىغان دۇنيا. كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى نېمە؟ ساختىلىق. كۆڭلۈڭدە ئۆچ بولساڭمۇ ئاغزىڭدا چاندۇرماسلىقتا، قەلبىڭدە نەپرەتلەنسەڭمۇ چىرايىڭدىن كۈلكە ياغدۇرۇشقا مەجبۇر بولىسەن. خۇشامەت قىلىسەن. چىراي شەكلىنىڭ گۈزەللىكى ئوخشاش ئىككى كىشى بىرى گىرىم بىلەن، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھالىتى بىلەن تۇرغاندا، سېنىڭ كۆز سالىدىغىنىڭ گىرىم قىلغان كىشى، بويالغان يۈزلەر. رەنا ھەقىقىي سۆزنى ئېيتتى. گەرچە ئۇ ئەينى چاغدىكى دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ ماڭا ئۇۋال قىلسىمۇ، مەن ئۇنى كەچۈردۈم. ئادەم ھاياتتا ھەممىلا نەرسىدىن رەنجىپلا يۈرمەسلىكى كېرەك.

مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك رەتلىك، پاكىز ياسالغان ئۆيىگە قىزىقتىم، ئۇماق پەرزەنتلىرىگە ئىچىم كۆيدى. ئۇ ئاشۇ مۈلكىنى قوغداشقا ھەقلىق ئىدى. مەن ھايات مۇساپىسىدە ھەممە نېمەمدىن ئايرىلغان بىچارە، دەردمەن ئىدىم. دەردىمگە شىپا بولغۇدەك ھېچ نەرسە تاپالمايتتىم. كوچا قىزلىرى يولدىشىمنى، تەقدىر ئوغلۇمنى تارتىپ كەتتى.

ماھىرە، يېشىم ئوتتۇزغا يەتمىدى. قەلبىم پۈتۈنلەي ئۆزۈم مېكىير جاپادا تىكلىگەن بەخت مۇنارىنىڭ پارچە - پۇرات كېسەكلىرى بىلەن تولدى. ئۇنى يا ئىشلەتكىلى، يا تاشلىۋەتكىلى بولمايتتى.

ماھىرە، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى قوبۇل قىلغۇچىلار ئەڭ باتۇر كىشىلەردۇر. ماڭا ئوخشاش ئۆز قولىدا ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ھېچقانداق نەرسىنى تۇتۇپ قالالمىغان كىشىلەر ئۆلۈشكە ھەقلىق ئىدى. مەن ھاياتتا نېمىنى خاتا قىلدىم؟ مېنىڭ بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىكىم مېنىڭ خاتالىقىممۇ؟ ئادەملەر بەكمۇ تاش يۈرەك، ئىپلاس. ئادەملەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ھەر نېمىلەر قىلىدۇ. بىرلىرىنى قاقشىتىدۇ، بىرلىرىگە خىيانەت قىلىدۇ. بىرلىرىنىڭ ۋەيران بولغان بەختى، يوقالغان شادلىقى ھېسابىغا بىرلىرى خۇشال كۈلۈپ بەزمە ئوينايدۇ، بەخت قولۋاقلىرىدا ئۈزۈشىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ھەرگىزمۇ تەڭپۇڭلۇق مەۋجۇت بولغان ئەمەس. بىر تەرەپ ھامان ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ياخشى كۆرگەن

تەرەپ قارشى تەرەپكە مۆلچەرلىگۈسىز بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇنداقتا مەنچۇ؟ مېنىڭ بارلىقىمنى ئارتۇق
ئېلىپ كەتكەندى. شۇڭا مەن يولدىشىمغا ھېچ نەرسە بېرەلمىدىم. مەن ئەرلىك بولغىنىم، ئانا
بولغىنىم ئۈچۈن قانائەت ھاسىل قىلالىغانىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مەندىن كۈتكىنى شۇمىدى؟ ياق، مەل
ھىرە، مەن ئوتتۇرىدىكى ھېسسىياتنى ساڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. مەن تۆلىگەن
بەدەل شۇنچە زور ئىدى. لېكىن مىجەزىمۇ ئىنتايىن چوڭ بەدەل تۆلىگەنىدى. ئەپسۇسكى، ھەر ئىك
كىمىز تۆلىگەن بەدەل بوشلۇقتا يېپىسىز قالغان لەگلەكتەك ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلاندى.
ھەرقانداق مېھرىبان ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ شۇنچە ئېغىر گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ھەقىقەت! ئۆگەي
ئانا ئۆگەي بالىنىڭ كىچىككىنە قىلىقىنىمۇ يامان كۆرىدۇ، بۇمۇ ھەقىقەت! مەن مىجەزىنى ئەبەدىي
كەچۈرەلمەيتتىم. مېنىڭ پولادتەك بىر ئىنسانغا ياكى بىرەر ھوقۇق ئىگىسىگە ياتلىق بولۇشۇم تامامەن
مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى.

ماھىرە، خېتىمنىڭ مۇشۇ قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ، رىزۋان بەكمۇ ئەخمەق ئىكەنسەن، رېئال
لىقتا نېمىشقا بويسۇنمايسەن؟ توي قىلساڭ ھەممە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، غەم ـ ئەندىشىلىرىڭمۇ
تۈگەيدۇ، مۇھەببەتسىز توي قىلىپ ياشاۋاتقان ئەر ـ ئاياللار جىق، دېيىشىڭ مۇمكىن. ھەرقانداق
بىر سىردىشىمنىڭ ماڭا مۇشۇ تەكلىپنى بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەمىسە مەن؟ ...

مەن ئىككى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ھاياتنى خورلىدىم، تۇرمۇشنى شۇنچىلىك ئاددىي.
ئانچىكىم نەرسە، دەپ چاغلىدىم. مەن ئۆزۈمنى، تۇرمۇشنى ئالدىدىم. شۇڭا، مەن ئەمدى قايتا
خاتالىق ئۆتكۈزۈشۈمگە يول قويالمايتتىم. ئۇنداقتا، ماڭا چىقىش يولى نەدە؟ بۇنىمۇ بىلمەيتتىم.
لېكىن تېپىشىم كېرەك ئىدى. ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىم، يوقالغان نەرسىلىرىمنىڭ ئورنىنى
تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىم كېرەك.

ماھىرە، كۆڭلىرىم شۇنچىلىك زېرىكىشلىك، قاشاڭ ئۆتكۈز قوشۇلغان يارىيار ھاۋۇدەك بىر
خىل ئۆتمەكتە. بۇ كۆڭلەرگىمۇ كۆنۈپ قالدىم. مېنى ئۇستۇرگەن ئۇلۇغ تەبىئەت ئۆزىنىڭ چەكسىز
نېمىتى بىلەن ماڭا ئاز ـ تولا شادلىق ئاتا قىلىپمۇ قوياتتى. بولۇپمۇ سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان
كۈنلىرى كۆڭلۈكسىز ئۆيۈم ئارقىسىدىكى دەريا بويىغا چىقىپ يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دەريا سۈيىگە
چۈشۈۋاتقان مەنزىرىسىنى سائەتلەپ كۆزىتەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ساياھىتىم ئىدى. بۇ
چاغدا تەبىئەت خۇددى جۇدالىق دەردىدە ياش تۆكۈۋاتقان بىچارىنى ئەسلىتەتتى ...

يەكشەنبە كۈنى ئىدى، چېچىمنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ئولتۇراتتىم. ھويلا دەرۋازىسىنىڭ قېقىل
غان ئاۋازى ئاڭلاندى، ياغلىقىمنى ئەمدىلا قۇرۇتۇپ، تېخى ئۆرۈلمىگەن چاچلىرىم ئۈستىدىن
باغلاپلا ھويلىغا چىقتىم. دەرۋازا قاققان كىشى چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان، ياداڭغۇ، چىرايلىرىغا
ئىنچىكە قورۇقلار ئىز سالغان، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر موماي ئىكەن. ئۇ ئولتۇرۇشۇپ
پىلدىرلاپ قالغان نۇرسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، ھاسىغا تايانغىنىچە قاراپ تۇراتتى. موماي
ئالدىغا سەل مۈكچەيگەن بولۇپ، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ھاياتقا بولغان ئۈمىد نۇرلىرى چاقنايتتى.
سەھرالىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئايال ماڭا ھەم تونۇشتەك، ھەم ناتونۇشتەك بىلىندى.
ئەدەب يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم، مېنىڭ دىلغۇللۇقۇمنى كۆرۈپ ئايال ئۆزى سۆز
ئاچتى:

— ئەھۋالىڭىز قانداق قىزىم؟ مېنى تونۇيالمىدىڭىز ـ ھە؟

مەن خىجىلچىلىقىمدىن ھېچنەرسە دېيەلمىدىم.

— ۋىيەي ئېسىم قۇرۇسۇن، سىلى ... — مېنى ئىزلەپ كېلىدىغان بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە

كۆپ ئۇچراپ تۇراتتى. نومۇر ئالالمىغانلار، پۇلنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلەر، كارىۋات يېتىشمىگەنلەر... تەبىئىيكى، ئۇلار چوقۇم يىراق سەھرادىن بولۇپ، دادام - ئاپاملارنىڭ تۇغقانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى بولاتتى. مەن بۇ موماينى كۆرگەندەك قىلاتتىم، لېكىن دەرھال ئېسىمگە ئالالمايۋاتاتتىم.

— سىز مېنى داۋالىغانىدىڭىز قىزىم، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى مېنى داۋالىغان. ھەتتا مېنىڭ تامىقىمدىنمۇ خەۋەر ئالغانىدىڭىز، سىزنى يوقلاپ كېلىشنى نەچچە قېتىم ئويلىغان بولسammۇ، كېلىشكە زادىلا ئامال بولمىدى، يېقىندا قوشنام مۇشۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغانىدى، سىزنى سورىدىم قىزىم، ئاپىڭىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئەردىن ئاجرىشىپ كېتىپسىز، بالىڭىزمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئادەم ئۇنداق چاغدا بەك غېرىبچىلىق تارتىدۇ، بېرىپ كېلەي دەپ ئاتايىن كېلىشىم.

شۇندىلا ئېسىمگە كەلدى، بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم يىل ئىلگىرى ھارۋا ئاستىدا قېلىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بىر ئايالنى مەن مەسئۇل بولۇپ داۋالىغان، ئۇنىڭ بىر تالالا ئوغلى نەچچە كۈندە بىر كېلىپ قارىغاچقا، بەزىدە مەن ئۆيدىن تاماق ئالغاچ كېلەتتىم.

— شۇنداق، گۈلسارىخان ئاچا، ھەممىسى كەتتى، — دېدىم مەن ھەسرەت بىلەن.

داستىخان راسلاپ چاي قويدۇم. سىڭلىمنى تاماقىقا يۈگۈرۈپ قويۇپ، بۇ ئاق كۆڭۈل پاراڭچى ئايال بىلەن ئۇزۇن گېپىمىزگە چۈشتۇق.


— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ قىزىم، بىز خۇدانىڭ بەندىسى، تۇغۇلىمىز، ياشايمىز، ئۆلىمىز. بۇ دۇنيا بىزگە باقىۋەندە ئەمەس، ئەردىن ئاجرىشىپسىز، مەنغۇ ئۆمرۈمدە بىرلا ئەر بىلەن ئۆتكەن. رەھمەتلىك بەكمۇ زالىم ئىدى، ئۇ زامانلاردا «تۇماقتا ئۇرسا ئۆرۈلۈپ چۈشمىسىلا بولدى»، دەپ ئەرگە بېرىشىدىغان. مەن توي قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇ ئەرنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ، تايىقىنى كۆتۈرۈپ سەككىز بالا تۇغدۇم، ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، سىز كۆرگەن ھېلىقى بالام توققۇزىنچى بالام. ئىشقىلىپ خۇداغا قىلغان نالىلىرىم بىكارغا كەتمىدى. بۇ بالام توختاپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئېتىنى تىلىمۋالدى قويغانىدىم. ئاجرىشىپ كەتسىڭىز ئايدەك چىرايىڭىز بىلەن سىزنى ئالىمەن دەيدىغان يەنە بىرى چىقىدۇ، بالا ئىچىڭىزدە تولا...

ماھىرە، مەن نېمىمۇ دەيمەن؟ بۇ بىچارە ئاق كۆڭۈل موماي شۇنچە يىراق سەھرادىن ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كەپتۇ. مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم، لېكىن كۆڭلۈمدە ئاھ بىچارە، نادان گۈلسارىخان ئاچا، تۇرمۇشنى، كىشىلىك ھاياتنى، مۇھەببەتنى شۇنچىلىك ئاددىي ئويلايدىكەنسىز. 13 - 14 ياشلارغا كىرىپلا، ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ، قاسساپنىڭ پىچىقى ئالدىغا كېتىۋاتقان قوزىدەك، قىلچە ئەركىنلىكى بولمىغان ھالدا مۇھەببەتنىڭ، نەپرەتنىڭ، ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن بىر ئۆمۈر زالىم ئەرنىڭ تايىقىنى يەپ، دەشنىمىنى ئىشىتكەن بىچارە مەزلۇم! پەرزەنت نىداسىدا، ئانا بولۇش ئارزۇسىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن يۈرەك پارىلىرىنى ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن قوشۇپ قارا يەرگە كۆمۈشكە مەجبۇر بولغان مېھرىبان ئاجىزە! مۇبادا مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن تۇرمۇش پاجىئەسىنى چۈشەنگىنىڭىزدە، ھەرگىزمۇ ماڭا شۇنداق سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتىڭىز، خاتالاشتىڭىز، گۈلسارىخان ئاچا، ئىككىمىز ئوخشاشلا ئايال، ئاجىز بەندە. بىراق، ئىككىمىز ئىككى دۇنيا، ئىككى تارىخقا مەنسۇپ، سىز بويسۇنغۇچى، ئۈن- تىنسىز بويسۇنغۇچى. مەنچۇ؟ مەن... لېكىن ئويلىغانلىرىمنى ئەلۋەتتە ئېيتالمايمەن.

شۇ كۈنى گۈلسارىخان ئاچا ئۆيۈمدە قونۇپ قالدى. بىز بىر كېچىنى ئۇخلىماي دېگۈدەك

تاڭغا ئۇلىدۇق . نېمىلەر دېيىشتۇق دېمەمسەن ؟ ئۇ يېزىدىكى ئاياللارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشى ، ئەر-لىرىنىڭ زالىملىقى ، شۇنداق چىرايلىق ئاياللىرى تۇرسىمۇ تالاغا قارايدىغانلىقى ، ھەتتا ئۆز ئېرىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا تالاغا قارىغانلىقى ھەققىدە ئۇزاق ، بەكمۇ قىزىق سۆزلەپ بەردى .

ئەتىسى گۈلسارىخان ئاچا مېنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىرقانچە كۈن تۇرۇپ مېھمان بولمىسام زادى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، مەندىن بېرىشقا ماقۇللۇق ئالغاندىن كېيىن ، ئوغلىنى ھارۋا بىلەن مېنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتمەكچى بولۇپ كەتتى .



تورۇق ئات قوشۇلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ئەگرى ـ توقاي يېزا يولىدا گاھ ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان پاكار سوقما تاملارنى ، گاھ كىشى قورققۇدەك جىمجىت ساھىللارنى ، گاھ جىگدە پۇراپ تۇرغان بۈك ـ باراقسان باغلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، توپتوغرا ئالتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى .

ــ كەلدۇق ،ــ دېدى تىلىۋالدى ئاخۇن قامچىسىنى ھارۋىنىڭ شوتىسىدىكى قوزۇققا قاداپ قويۇپ ،ــ سەھرايى قىيامەت دېگەن شۇ ، بىز قىتىم بازارغا بېرىش ئۈچۈن . كېچە ماڭىمىز . ھېرىپ ھاللىرىڭىزدىن كەتتىلە خانىم . بىزنىڭ ئۆي ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىك ھويلا ،ــ ئۇ قولى بىلەن يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بۈك ـ باراقسانلىق بىر ئۆيىنى كۆرسەتتى . تىلىۋالدى يولبويى بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى . ئۇ ئەمدىلا سۆزلەشكە ئىجازەت ئالغاندەك ئەمدىلىكتە سۆزلەپلا كەتتى ،ــ ئاپام سىلىنى زادىلا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ، ئاشۇ خانىم مىز بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئىكەن ، ماڭا ئۆز قىزىمدەكلا كۆيۈندى ، مېنى داۋالاپ ساقايتتى ، مەن ئۇ قىزنىڭ ياخشىلىقىنى زادىلا قايتۇرۇپ بولالمايمەن ، دەپ يۈرگەنىدى . باشلىرىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنى ئاڭلاپ ، ئاپام بەكمۇ ئەندىشە قىلدى . ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ . خانىم ، قانداق قىلىمىز ، تىرىكلەر ياشىشى كېرەك ، ئىشلىمىسەك نان يوق ، ھۆكۈمەت بېرىڭلار دېمەيدۇ ، بېيىغانلار بېيىدى ، كەمبەغەللەر يەنە كەمبەغەل ، سىلىنى مېھمان قىلغۇدەك نېمىمىزغۇ يوق ، شۇنداقتىمۇ ، قولىمىز تېخىمۇ ئۇزارغاندا يەنە

كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالارمىز ...
سادىدا ، ئاق كۆڭۈل دېھقان يىگىتنىڭ سۆزلىرىگە تېخى جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ، گۈلسارىخان ئاچا ئالدىمدا پەيدا بولدى .

ئېخ سەھرا ! ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى ، پاك نىيەت ، ساپ ۋىجدانىنى پەپىلەپ يېتىشتۈرگۈچى ساپ ھاۋا ، باي سەھرا . بىر ئۆمۈر شەھەر دېگەننىڭ قانداقلىقىنى كۆرمەي ، ئېرى ئېلىپ بەرگەن بىر كۆڭلەك ئۈچۈن ۋۇجۇدى شادلىققا چۆمىدىغان ئىنتائەتچان ، مۆمىن سەھرا ئاياللىرى ، جاپاكەش ، ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست مەرد ئىنسانلار .

سەھرادا تۇرغان تۆت كۈنۈم شۇنچە كۆڭۈللۈك ئۆتتى . ھېچنەرسە ئويلىمىدىم . ئويلىغۇدەك ۋاقتىممۇ چىقمىدى . لېكىن تۇرمۇشنى ، ئىنسانلارنى تېخىمۇ چۈشەنگەندەك بولدۇم . مەن مېھمان بولۇپ كىرگەن ھەربىر ناتونۇش ئۆيدە ماڭا بەكمۇ تونۇش ، ئەمما مەندىن بەكلا يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنگەن نەرسىنى كۆرگەندەك بولاتتىم . شەھەردە ئاللىبۇرۇنلا مودىدىن قالغان ئېتەكلىك كۆڭلەكىم يېزا ئاياللىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى . ئۇلار مەندىن شەھەر ھەققىدە تۈرلۈك نەرسىلەرنى ھېيىقىش ئىچىدە سورىشاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەمبەغەل بولغىنىغا قارىماي شۇنچە پاكىز ئىكەن .

ماھىرە ، ھايات بەكمۇ جاپالىق . بىراق بەكمۇ گۈزەل . ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ، لەززىتى ئۇنىڭ جاپاسىدا ، ھايات مېھنەتكەش ئادەملەردە شۇنداق بىر ئۇلۇغۋار خاراكتېر ياراتقانكى ، ئۇلار ھاياتنى خورلاشنى ، ھاياتنى دەپسەندە قىلىشنى ، ھاياتقا قۇۋلۇق قىلىشنى زادىلا بىلمەيدۇ . مانا شۇلار ھەقىقىي بايلىققا ئىگە كىشىلەر . ئۇلاردىكى بۇنداق بايلىق ھەرقانداق مىليونېرلاردىمۇ تېپىلمايدۇ .

ماھىرە ، مەن تېخى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا ھاياتقا پەرۋاسىز قارايدىغان بىر ئىنسان ئىدىم . خۇددى ئۆسۈملۈككە ئوخشاش داد - پەريادسىز ، ھېسسىياتسىز ياشاشقا ئادەتلەنگەنىدىم . تۇرمۇشتىن ، ئادەملەردىن شۇنچىلىك بىزار ئىدىم . تەقدىردىن ئاغرىناتتىم . لېكىن ئويلاپ باقسام بىزنىڭ ھاياتتىن ، تەقدىردىن رەنجىشكە نېمە ھەققىمىز بار ؟ ئاشۇ كۆك ئاسمان ، گۈزەل تەبىئەت ، سالقىن شامال ، ئاپئاق قار ، تولۇن ئاي ، ئۆزىنىڭ سېخىي قوينى بىلەن سېنى ئىللىتىۋاتقان سۆيۈملۈك زېمىن ، ساڭا يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق ئاتا قىلغۇچى نۇرلۇق قۇياش ، بۇلار سېنىڭ ياشىشىڭ ئۈچۈن يەتمەمدۇ ؟

ماھىرە ، بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ مازاق قىلىپ كۈلەرسەن ، ھاياتتا سەن ئويلاپ خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان كىچىككىنە بىر ئىشلار سېنىڭ پۈتۈن تەقدىرىڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدىغان مۆجىزىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن . ئۇنداقتا ، بۇ مۆجىزە نېمە ؟ ئۆزۈممۇ ھەيران قىلىمەن . بەلكىم ئاشۇ گۈزەل سەھرالىق مومايدۇ . ئىشقىلىپ بۇ ئادەملەر دۇنياسى ئاجايىپ قىزىقارلىق ، مۇرەككەپ بىر دۇنيا ئىكەن . ھەي ئادەملەر ! بىرلىرى ئازاب كىرىچىلىرىنى تارتىپ دەرد ئوقيالىرى بىلەن سېنى جاراھەتلەندۈرسە ، يەنە بىرلىرى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى كومزەك قىلىپ ، مۇھەببەت شارابىنى ساڭا ئايىماي بېرىدىكەن ...

يېزىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن روھىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . يېزا ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆز تۇرمۇشۇمنى سېلىشتۇراتتىم . ئىچىمدىكى خۇشلۇق تېشىغا تېپىپ ، بەزىدە ئۆزۈم قىزىقىدىغان بىر ناخشىلارغا غىڭشىپمۇ قوياتتىم . بۇنداق چاغدا سىڭلىم ئۈن - تىنسىز ھالدا بېشىنى ئۇياق - بۇياققا ئىرغىتىپ كۈلۈپ قوياتتى . تەبىئىي ، مېنىڭ روھىي ھالىتىمدىكى خۇشلۇق ئۇنىڭ

دىققىتىنى تارتقانىدى .

بىز كۈنى كېچىلىك دىجورنى بولۇپ ئولتۇراتتىم ، بىر ئەر بىلەن ئايال ئۈچ ياشلاردىكى بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، بالا ئەتىگەندىلا ساق ئىكەن ، كەچتە تۇرۇپلا قىزىپ كېتىپتۇ . بىرقانچە خىل دورا بېرىپ ئەتە ئەتىگەن كېلىشنى بۇيرۇپ ئۇلارنى يولغا سالدىم . ئەتىسى بالىنىڭ كېسىلى ئېنىقلاندى .

بالىسى ئاغرىپ قالغان شۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ شۇ سائەت ، شۇ مىنۇتلاردىكى روھىي ھالىتىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرەلمەيمەن ، ئۇ پەقەتلا پەرزەنت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرەك ئىگەلىگەنىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن . بالىغا كۈندە ئاسما ئوكۇل ئۇراتتۇق ، كېسەلنىڭ ئازابىدىن بەكرەك ئاتا - ئانىلارنىڭ نالىسى يۈرەكنى ئېزەتتى . بالىنىڭ دادىسى قايسىدۇر بىر زاۋۇتتا ئىشلەيدىكەن ، ئانىسى ماشىنىچى ئىكەن . ئۇلار بالىغا ئالمىشىپ قارايتتى . ئايال بۆلۈمدىكىلەردىن ئىككۈزىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورايتتى . مېنىڭ پەلتو كىيىشكە ئېلىپ قويغان رەختىم بار ئىدى . ئايالغا تىكىشكە بەردىم ، ئەتىسى ئەتىگەندە پەلتونى تىكىپ ئېلىپ كەپتۇ . ئايال بۇ پەلتونى بىر كېچە كىرپىك قاقماي تىكىپ پۈتتۈرگەنىدى .

ماھىرە ، باشقىلارنىڭ بۇ ئايال ھەققىدە قانداق خىياللاردا بولغىنىنى بىلمەيمەن ، بەلكىم ئۇلار بۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلىنغان خۇشامەت ، دەپ ئويلىشار ۋە ياكى ... لېكىن ئانا دېگەن بۇ ئۇلۇغۋار ئىسمىنىڭ قۇدرەتلىك ماھىيىتىنى ، جاپاكەش ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن سەكپارە بولۇۋاتقان ھەربىر مىنۇتلىرى كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ ، مېنى ھاياجانلىق خىياللار قاينىمىغا تارتاتتى . ئۇنىڭ مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلىشى نېمە ئۈچۈن ؟ پەرزەنتى ئۈچۈن ! ھايات — خاتىرجەم ياشاۋاتقانلار ئۈچۈنمۇ ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان بىمارلار ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك ...

ماھىرە ، مۆلۈلۈق ئىزتىراپ ئىچىدە مۆلدۈرلەپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلەر ... ئۇلار ھاياتقا - يىلتاشقا تەشنا ئارزۇلىرىنى پەقەت نۇرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلىپ ، جانغا پاتقان ئازابلىرىنى جانسىز ئىڭراش بىلەن يېگىدۇ . لېكىن ، بۇنداق جانسىز ئىڭراشلارنىڭ ھاياتتىن كېچىش ، ھاياتتىن بېزىش تۇيغۇسى بولماستىن ، ئاغرىق ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئىستىكى ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمەن . ئۇلار ئاشۇ مىنۇتلاردا — جان ھەلقۇمغا يەتكەن ئاشۇ دەقىقىدە ئۆلۈشنى ، ھايات بىلەن خوشلىشىشنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، ياشاش ئۈمىدىدە ، ھايات قېلىش ئىستىكىدە پۈتۈن ئۈمىدىنى ساڭا ، پەقەت ساڭىلا بېغىشلايدۇ .

ئىككى ئاي دېگەندە بالا ساقايدى ، ئاتىمۇ ، ئانىمۇ ، بىزمۇ ھايات شادلىقى ئىچىدە كۈلەتتۇق .

زىمىستان قىش ، ئاپئاق قار لىباسى بىلەن پۈتۈن كائىناتنى بېزىگەن ، يەرمۇ ئاق ، ئاسمانمۇ ئاق ، ئۆيلەرمۇ ، ھەتتا ئادەملەرمۇ ئاق ... ئۇنىئالغۇدىن بىتخوۋېننىڭ «تەقدىر» ناملىق داڭلىق مۇزىكىسى ياڭرىماقتا . يۈرەك - باغرىمنى ئېزىپ ، يىراق ئۆتمۈشنىڭ چۈشلىرىگە مەپتۇن قىلغۇچى بۇ مۇزىكىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىمكى ، تىنىق ھاۋادا يۈرەكنى تىترەتكۈچى جاراڭلىق سادا ياڭرىتالىغان ئۇلۇغ ئىنسانلارغا ھەيران قالاتتىم . ئۇلار ياراتقان بۇ ئۆلمەس بايلىقلار تەبىئىي تالانتنىڭ مەھسۇلىمىدۇ ياكى ھاياتنىڭ قاراڭغۇ تونلىرىدە تاڭغا تەلمۈرگەن چاغلىرىدىكى مۆلۈلۈق ئىستىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قىلغان جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىمىدۇ ...

كۆز يەتمەس ئۇپۇق ، ئۇپۇقنىڭ ئۇ چېتىدە نېمىلەر باركىن . ھاياتلىقمۇ ئەنە شۇ ئۇپۇقنىڭ

www.uyghurkitap.com



چېتىدەك غۇۋا، چۈشىنىكسىزمىكىن؟

ماھىرە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يىللار ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. بارلىقىمنى بېغىشلىغان، مۇقەددەس بىلگەن، چوقۇنغان نەرسىلەر مەندىن يىراقلىشىپ، مېنى تاشلاپ كەتتى. مېنىڭ كۈتكىنىم شۇلارمىدى؟ ئەجەبا مېنىڭ تەقدىردىن كۈتكەن نەرسەم بىر ئايال ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاددىي نەرسىلەر ئەمەسمىدى؟ ئەپسۇسكى، ئېرىشىش تۇرماق، ئۆزۈمدە بار نەرسىنىمۇ يوقىتىپ قويدۇم. لېكىن تەقدىر مەندىن بارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ كەتكەن بىلەن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. ئۇ بولسىمۇ، چىدام، غەيرەت، ھايات بىلەن كۆرەش قىلىش ئىرادىسى. تەقدىر ھەقلىق ئىدى. ئۇ ئىنسانغا تەن، ئەقىل - ئىدراك، ھاياتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى، سۆيگۈ ئاتا قىلدى. ئۇنداقتا مەن تەقدىردىن نېمىشقا رەنجىيمەن؟ تەقدىر ماڭا ياشاشنى ئۆگەتتى، مەندىن ئەقىل - پاراسەتنى تارتىپ كەتكىنى يوق. ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ سوتچىسى، ئۆز ھاياتىنىڭ قۇرغۇچىسى. مەن نېمىشقا ئۆز ھاياتىمنى قايتىدىن باشلىيالمايمەن؟

دوختۇرخانا باشلىقى ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولدى، تاشلاندۇق قەغەز دۆۋىسى ئىچىدىن ماتېرىياللىرىمنى تېپىپ پىششىقلىدىم، ئىككى يىل ئىچىدە نەتىجىلىرىم خېلىلا كۆزگە كۆرۈندى. كۆڭلۈم شۇنچىلىك خۇشال، پۈتۈن كائىنات ماڭا كۈلۈۋاتقاندەك.

باھار، سۆيۈملۈك باھار، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، جىمى جانلىقلار دۇنياسىنى ئويغىتىۋېتىدىغان سۆيۈملۈك باھار. ئۆرۈك، ئالما چېچەكلىرى پۈتۈن دالالارنى قاپلاپ، ئىنسانغا چەكسىز خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مېنىڭ خۇشلۇقۇمغا يېڭىدىن بىر خۇشلۇق قوشۇلدى.

مەن يەنە ئانا بولدۇم.

ئەجەبلەنمە ماھىرە، ئاشۇ باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كوچىغا چىقىپ سەي - كۆكتات ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئۆيۈم تەرەپكە ئەگىيدىغان دوقمۇشقا كېلىشىمگە ئوتتۇرا بوي، زىلۋا، قوڭۇر چېچى چاپىنىدىن ئېشىپ چۈشكەن چىرايلىق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. قىز يول ياقىسىدىكى ستولبىغا يۆلەنگىنىچە نېمىدىندۇر ياتسىرىغاندەك ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى، قىزنىڭ ھالىتى دىققىتىمنى قوزغىدى:

— بىرىنى ئىزلەمسىز؟ — سورىدىم قىزدىن. قىز باش - ئايىغىغا تارتىنىش ئىچىدە قاراپ قويدى - دە، جاۋاب بەردى:

— ئىش ئىزلەپ كەلگەنىدىم. بالا بېقىش بولامدۇ، كىر يۇيۇش بولامدۇ، نېمىلا ئىش بولسا مەيلى.

— بۇ شەھەردە بىرەر تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— كەنجەم.

يات، ناتونۇش بىر قىزنى كوچىدىن ئۆيگە باشلاپ كىرىشىنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. چۈنكى، مەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن پالانچىنىڭ ئۆيىدىكى بالا باققۇچى ساندۇقنى چېقىپتۇ. پوكۇنچىنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلايتتىم. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن بۇ شەھەردە ھېچقانداق تونۇشى بولمىغان بۇ مۇساپىر

قىزنى مۇشۇ ھالەتتە قالدۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي، ئۆيگە باشلاپ كىردىم. تاماق يېگەچ قىزغا سەپسېلىپ قارىدىم، بۇلاقتەك ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ئۈستىدىكى قارا قاشلىرى، زىننىقى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقانىدى، بېشىغا چىگىۋالغان كونا يىپەك ياغلىق بىلەن ئۈستىگە كىيىۋالغان چىت كۆڭلەك قىزنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇ سورىغان سوئاللىرىمغا قىسقا، ئېنىق قىلىپ جاۋاب بېرەتتى. مەن ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيدىغان بىر خىل تەسىرات ئىچىدە بۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم - دە، ئىش تاپقۇچە مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇشنى ئېيتتىم.

قىز تولىمۇ چېچەن كۆرۈنەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزلىگىنىدە، ھەرىكەت قىلغاندا ئېھتىيات قىلىشلىرى، ھەتتا ئۈركىگەن كېيىكتەك كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقېچىشلىرى، بولۇپمۇ چىرايلىق بۇرنى ئۈستىدە روشەن بىلىنىپ تۇرىدىغان سۇس داغ دىققىتىمنى قوزغىدى. قىزنىڭ تىنىقلىرى، مېگىشلىرىمۇ غەلىتە. قايتا - قايتا سورىدىم، قىز دەسلەپتە ئېيتقىلى ئۇنىمىدى، راست گەپ قىلمىسا ئۆيۈمدە ئېلىپ قالالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقاندىم، بىچارە قىز ئاياغلىرىم ئاستىغا يىقىلدى. قار - يامغۇر يىغلاپ تۇرۇپ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپتىن كېلىۋاتقىنىدا، يولدا تونۇمايدىغان بىر كىشى تەرىپىدىن خارلىنىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئامالسىز ئانىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. كەنجەمنىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاچچىقى بەك يامان ئىكەن، قورقۇپ كەتكەن ئانا كەنجەمنى ئۇرۇپ - تىللاپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. قىز ھازىرمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ سوراشنى بىئەپ كۆردۈم. كۆپ ئويلىدىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ بالىنى ئالدۇرۇۋەتسەم... بىرمۇنچە رەسمىيەت ئۆتەيدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تارتقان ئازابلارنى بۇ ئاق كۆڭۈل سەھرا قىزىنىڭ تارتىشىغا چىدىيالمىدىم. ئامال تېپىلدى. ئەگەر كەنجەم قوشۇلسىلا... بەلكىم بەكمۇ شەخسىيەتچىدۇرمەن. خۇدا ۋاقىتسىز قازا قىلغان بالامنىڭ ئورنىنى باشقا شەپقەتتى بىلەن ئۆچۈرسە ئەجەب ئەمەسقۇ؟

ماھىرە، كەنجەم ئىككى يىلغىچە كەتمىدى، مەنمۇ ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىمىدىم. شەرتىمىز بويىچە ئۇ ئاپىسىغا ھېچ نەرسە دېمىدى. يۇرتىغا پات - پات باراتتى، لېكىن بالا تۇغرۇلۇق چىش يېرىپ تىنىمىدى، ئۇنىڭ قولى ئەپچىل بولۇپ، مەن خىزمەتتىن چۈشكۈچە تامىقىمنى ئېتەتتى. كىرلىرىمنى يۇياتتى، قولى بوشىغاندا، ياستۇققا كەشتە تىكەتتى، ئۇنىڭ ئىشلىگەن گۈللىرى نەپىس، يىپلىرىنىڭ رەڭلىرى شۇنچە ماسلاشقان بولغاچقا، شۇنچە بازار تاپتى. ئۇنىڭ ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى بانكىغا سېلىپ بېرەتتىم، ئۇنىڭ بالىسى — ياق مېنىڭ بالام ئوغۇل بولۇپ، ئىسمىنى شەپقەت قويدۇم. شەپقەت! بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم!

ماھىرە، كەنجەم — بالامنىڭ ئاپىسى كەتتى. بالام ئىككى ياشقا تولغان كۈنى، ئوغلۇم ئۈچۈن ئويۇنچۇق، بىر قۇر كىيىم ئېلىپ ئۆيگە كىرسەم كەنجەم كۆزلىرى ياش يۇقى غەمكىن ئولتۇرۇپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ:

— رىزۋان ئاچا، سىز ماڭا شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ناتونۇشلۇقىمىزغا قارىماي، مېنى ھىمايىڭىزغا ئالدىڭىز، مەن بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈربويى قايتۇرۇپ بولالمايمەن، مەندىن يانمىسا، خۇدادىن يانار. خۇداغا شۈكۈر بالام، ياق، مېنى كەچۈرۈڭ، بالىڭىز ئىككى ياشقا كىردى، مەن ئەمدى كېتىش قارارىغا كەلدىم. راستىمنى ئېيتسام بالىغا شۇنچە مېھرىم چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلمىسام بولمايدۇ. بالا بىلەن داۋاملىق بىرگە ياشاش ماڭىمۇ، سىزگىمۇ پايدىسىز، شۇڭا...

www.uyghurkitap.com



— نەگە بارىسىز ، يېزىغا كېتەمسىز ؟
— ياق ، مەن ئەمدى يېزىغا قايتمايمەن ، ئاپامنىڭ بىر شىرىم تۇغقىنى ئۈرۈمچىدە ئىدى ، ئىل
پامدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى سۈرۈشتە قىلىپ بىلىۋالغانىدىم ، ھەرھالدا بېشىمنى سىلاپ قويار دەيمەن .

ئاھ ماھىرە ، كەنجەمنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ، قانچىلىك مۇڭ ، ئىزتىراپ ئىچىدە
ئېيتقانلىقىنى بىر ئاڭلىساڭ ئىدىڭ ، شۇدەم ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن مۇنچاق - مۇنچاق ياشلىرىم
سىرغىپ چۈشتى . مەن كەنجەمنى باغرىمغا چىڭ باستىم ، بىر تەرىپىمدە ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز
كىمنىڭ ئۆز ئاپىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ، مەسۇمە شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى ، يەنە بىر تەرى
پىمدە بولسا يۈرەكلىرى لەختە - لەختە قان بولغان ھالدا جۇدالىق ئازابلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار
تۇرغان بىر ئاجىز ئانا ، يۈرەك پارىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئارزۇسىدا بالىغا ئىنتىلەتتى .
كەنجەمدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى ، لېكىن ئۇنى تۇتۇپمۇ قالالمايتتىم . ئانامدىن مىراس
قالغان قۇلىقىمدىكى ئۈچ مىسقال ئالتۇن زىرىمنى كەنجەمنىڭ قۇلىقىغا سېلىپ قويدۇم ، چۈنكى
كەنجەم شۇ تاپتا بۇنداق ئالتۇننىڭ نەچچە پارچىسى بىلەنمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك
نەرسىسىدىن مەھرۇم قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئەسلىدىلا ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان نەرسىنىڭ باشقىلارغا
نېسىپ بولغىنىنى كۆرۈپ ئازاب بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى . ئېھتىمال ئۇ بالىسى ئۈچۈن قانچىلىك
چىرايلىق ئەللەي ناخشىلىرىنى توقۇغاندۇ ، ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى تالاي قېتىم مېھرى بىلەن
بالىسىنى يېنىشلاپ سۆيگەندۇ ؟
— كېلىپ شەپقەتنى كۆرۈپ كېتىڭ ، سىزگىمۇ ، ماڭىمۇ ئامال يوق ، مەن ئۇنىڭغا ياخشى
ئانا بولىمەن ، دەپ ئويلايمەن . ئۆلۈپ كەتكەن بالام ئۈچۈن بولسىمۇ .
كېيىنكى سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا نېمىشقا ئېيتتىم ، ئۆيگە كىرگىنىمدە يۈزلىرىمنىڭ
نەملەشكەنلىكىنى بىلدىم . دېمەك يىغلاپتىمەن ، نېمىشقا يىغلىغانىدىمەن ، ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم .
ماھىرە ، ئوغلۇم تۆت ياشقا كىردى ، ئۇنىڭ ئاپا ، دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىغىنىمدا ، پۈتۈن
ۋۇجۇدۇم سىماپتەك ئېرىپ ، كۆزلىرىمدىن شادلىق ياشلىرى تۆكۈلىدۇ ، خىزمەت ماڭا شادلىق ئاتا
قىلدى ، ئۇدا ئۈچ يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندىم . گېزىتخانا ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى
دىن مۇخبىرلار كېلىپ رەسىمگە تارتىپ كېتىشتى . ئالىي ئۇنۋان بېرىشتى .
ماھىرە ، ئىنسانىنىڭ ھامان مېھىر - شەپقەتكە تويمايدىغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلارسەن ، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ، ئېغىر كۈنلەردە دوستقا ، ياردەمگە ، مېھىر - شەپقەتكە تەشنا ئى
دىم ، ھازىر مېنىڭ دوستلىرىم ھەممىلا جايدا بار . ئۇلار مېنى ھۆرمەتلەيدۇ ، سېغىنىدۇ ، ماڭا
چوقۇنىدۇ ، ئۇلار مەن داۋالىغان كېسەللىرىم . بۇ مەڭگۇ ئۈزۈلمەيدىغان دوستلۇق . بۇنى ماڭا كەس
پىم — دوختۇر دېگەن ئاجايىپ نامىم بەرگەن ، مەن ئاشۇ دوستلىرىم بىلەن ، كەسپىم بىلەن بەكمۇ
بەختلىك .

ئارتۇق رابىيە بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى ، ئىككى بالىسى تىرىك يېتىم بولدى . مەن ئۇنىڭدىن
كۆلمىدىم ، ئېچىندىم . خۇددى ئەجەلسىز ئۆلگەن ، ۋاقىتسىز خازان بولغان ياشلىق باھارىمغا ئې
چىنغاندەكلا ...
ماھىرە ، تاڭ يورۇپ ئۈپۈقتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . قۇياش سېخىيلىق بىلەن
نۇرىنى ئايىماي پۈتۈن كائىناتقا چاچىدۇ . ئىنسانلارمۇ ئۆزىنىڭ بىباھا ئۆمرىنى ئاشۇ بىر كۈنگە
تەقدىم قىلىدۇ . ئېخ ، ھاياتنى ياراتقۇچى ، ھاياتنى بېزىگۈچى بارلىق مەۋجۇدات ! تىرىشچىلار ،

ھايات سىلەرگە كۈلۈپ باقماقتا، دېمەك خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ.

مانا سەن قىزىققان قىسقىغىنا تارىخ. دوستۇم ئەنە ئوغلۇممۇ ئويغاندى، كەل مۇشۇ بىر كۈن ئۈچۈن، يېڭى بىر تاڭ ئۈچۈن ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلايلى.

خېتىمنى ئاخىرلاشتۇراي.

ساڭا بەخت تىلەپ:

رىزۋان

سالام ماھىرە، يازغان خېتىڭنى ئوقۇدۇم، رىزۋاننىڭ خېتىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. سەن مېنى ئەيىبلەشكە ھەقلىقسەن. ماھىرە، مەن يىغلىدىم، شۇنچىلىك ئۇزاق يىغلىدىم. نېمىشقا يىغلىدىم؟ چۈنكى مېنىڭ دوستۇم تەسەللىگە، ياردەمگە موھتاج بولغاندا، مەن ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى بېرەلمىدىم. مەن بېرىشنى خالىمىدىم ئەمەس، بېرىشكە قۇربىم يەتمىدى. مەن ساڭا نېمىلەرنى دەي؟ مەن ھەتتا رىزۋان بىلەن تۈزۈكرەكمۇ ئەھۋاللىشالمىدىم. ئۇنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى مەن ئۈچۈن ۋەھىمە بولدى. ھەقىقەتنى يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن تۇل ئاياللار ھەققىدە بەكمۇ يامان سۆزلەرنى ئاڭلىغان. ھەرقانداق كىشىلەرنىڭ تۇل ئاياللىدىن قورقۇپ، ئۆيلىرىگە يولىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۆز بەختىمدىن قىزغىناتتىم. رىزۋان ئۆزىنىڭ ئاشۇ ۋېناستەك گۈزەللىكى بىلەن مېنىڭ يولدىشىمدەك شاللاق ئەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى (ئۇ بۇرۇنلا رىزۋاننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، رىزۋان ھەققىدە كۆپ سۈرۈشتۈرگەنىدى).

مەن يولدىشىمنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەن ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىغا رىزۋاننى يۆتكەپ قويالايتتىم. لېكىن، رىزۋان ھەرقانچە ئەخلاقلىق بولغىنى بىلەن مەن يولدىشىمدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدىم. ئۇ شۇنداق بىر ئىنسان ئىدىكى، مەن ئۇنى قانچە ياخشى كۆرگىنىمگە قارىماي، ئۇنىڭ ماڭا بېرىدىغىنى پەقەتلا ئەرلىك مەجبۇرىيەت ئىدى.

ماھىرە، بىز ئاياللارنىڭ ھاياتتا تۆلەيدىغان بەدىلىمىز ناھايىتى كۆپ، ئەپسۇسكى، ئېرىشىدىغان ئىمتىيازلىرىمىز بەكمۇ ئاز. جەمئىيەتتىكى ھوقۇق، ئىمتىياز، كەسىپتىكى نەتىجە ئەرلەرگىلا مەنسۇپ. شۇ ئەرلەر بىزنىڭمۇ غايىمىز بارلىقىنى، بىزنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى، بىزنىڭمۇ چوقۇم خالايدىغان، خالىمايدىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ قويۇشمايدۇ.

ماھىرە، رىزۋان كەتتى، ئۇ كېتىپ مېنى ئازابلانمىدى دەمسەن؟ ھاياتتا سەن تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدىكەن. بۇلارنى بىراۋغا ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىكەن. بۇ خۇددى كۈندۈزى ساقىيىپ، كېچىسى ئاغرىپ سېنى ئازابلايدىغان ساقايماس كېسەللەرگە ئوخشاش، پۇرسەت تېپىپ سېنى قىينايدىكەن. خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن رىزۋاننىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن، ئۇنىڭ مەندىن رەنجىگىنىنى بىلىپ، تېخىمۇ ئازابلانماقتىمەن. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، رىزۋان غەلىبە قىلدى. ئۇ ھايات بىلەن، تۇرمۇش بىلەن كۈرەش قىلدى. يوقاتتى، يەنە تاپتى.

ھايات شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەن. ئۇنىڭ گۈزەللىكى ھاياتنىڭ جاپاسى بىلەنلا مەزمۇن تېپىدىكەن. جاپا بىلەن ئېرىشكەن بەختنىڭ مېۋىسى شۇنچىلىك تاتلىق، شېرىن بولىدىكەن.

خەير دوستۇم، ھايات كەلگۈسىگە مەنسۇپ، ئۆتمۈش ئۈچۈن ئۆكۈنمەيلى، كەلگۈسىگە ئاتلىنىپ، رىزۋان ئېيتقاندەك يېڭى بىر تاڭ ئۈچۈن تەييارلىنايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىزنى سېغىنىپ :
دوستۇڭ رەنا

*　*　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان :

مۇبادا ھېكايەمنى مۇشۇ يەردىلا توختاتسام بەكلا چولتا ئىش قىلغان بولۇپ قالارمەنمۇ ؟ كىتابخان قەھرىمانلىرىمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالماسمۇ ، دېگەن نەرسە كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى . راستىنى ئېيتسام ئۆزۈممۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە قىزىقىپ قالدىم ، بوپتۇ ، بىز بىرلىكتە ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇچرىشىپ باقايلى .

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ، ئۈرۈمچى «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئالدىدا قارا پىكاپ توختاپ ، ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلاردىن ھالقىغان ئىككى ئايال چۈشتى . زامانغا لايىق كىيىنگەن ، گۈزەللىكتە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان بۇ چىرايلىق چوكانلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرىدىن يول سوراپ ئائىلىلىكلەر بىناسىغا كىرىپ ، ئىككىنچى قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنى چەكتى .

— كىرىڭ ! — ئۆي ئىچىدىن زىل ئاۋاز ئاڭلاندى .

.....

ئون سەككىز يىلدىن كېيىنكى ئۇچرىشىش !

— كېرەم ، چاققان بولۇڭ ، ماشىنىدا ئەرلەر ساقلاپ قاپتۇ .

ماھىرە يولدىشىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاردى . دوستلار ، ساۋاقداشلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . ئۇلارنىڭ شادلىق ياشلىرى مەڭزىدىن ئاقماقتا ...

— ۋۇي ، سىز ؟ — ماھىرە ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئېگىز بوي كېلىشكەن ئەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ، — سىز ...

ئەر كۈلۈپ كەتتى .

— ھەش - پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، ھەرھالدا ئۇنتۇپ قالماپسىز . قاراڭ ، تەقدىرنىڭ ھۆكمى بىلەن سىز بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدۇق . لېكىن مەن ئۇ چاغدا سىزنىڭ بىملىك ئىدىم . قارىغاندا بۈگۈن مەن سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بولۇپ كەتتىمەن ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ رىزۋانغا قاراپ قويدى .

ئۈچ ئايال — ماھىرە ، رىزۋان ، رەنا بىر - بىرىگە تۈگىمەس سوئاللارنى بېرىشەتتى . ئۇلار دەسلەپتە ناتونۇش ئەرلەرنىڭ چىقىشالماسلىقىدىن ئەنسىرەشكەنىدى . لېكىن ئىش ئۇنداق بولمىدى . سورۇن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە داۋاملاشماقتا .

— كېسەللىكىڭىز ساقايماي كېتىپ قالغاندىن كېيىن ، بۆلۈمدىكىلەر ھەممىمىز ئىنتايىن ئازابلاندۇق ، — دېدى ماھىرە سۆز ئارىلىقىدا .

— قايتىپ بارسام ئائىلىدە بەزى كۆڭۈلسىز ئىشلار سادىر بوپتۇ ، ئايالىممۇ ئۆز يولىغا ماڭدى . مۇخبىرلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە رىزۋان بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . تەقدىرىمىز ئوخشاش ئىكەن ، ھەرھالدا ئۇنىڭ بالىسى دادىسىز قالمىدى . مۇھىمى مەنمۇ بالىسىز ھەم مۇھەببەتسىز قالمىدىم . مەن تۇرمۇشۇمدىن ئىنتايىن رازى . ئاق كۆڭۈل ، تىرىشچان ، مېھرىبان ئەل يالىم بار . ئۇ ماڭا دوست ھەم سىرداش .

ئەرلەر هاراق ئىچىشمەكتە ...

ــ ئەينى چاغدىكى ئىشىمنى ئويلىسام بەكمۇ خىجىلمەن ،ــ دېدى رىنا ئاشخانىغا چىققاندا ماھىرەگە ،ــ لېكىن رىزۋان مېنى پەقەت سۆزلەتمەيدۇ ، يولدىشىم هازىر ئۆگىشىلىپ قالدى ، پۈتۈن ۋاقتىنى خىزمەت ، بالىلار ئۈچۈنلا سەرپ قىلىدۇ . بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە يىغىنغا ماڭغانىدى ، يولدا ئۆتكەچ رىزۋانلارنى ئېلىپ كەلدۇق . بالىسى قېيىن ئاپىسىنىڭ قېشىدا قالدى . بىزدىن بىزار بولمايدىغانلا بولساڭ ، بىرنەچچە كۈن سېنى ئاۋارە قىلىمىز .

ــ هەر هالدا ئېرىڭلارنى ئېلىپ كەپسلەر ، خاتىرجەم تۇرۇڭلار .

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى ، بۇ كۈلكىلەر شۇنچىلىك تەبىئىي ۋە ياڭراق ئىدى .

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

1993 ـ يىل نويابىر ، شىخەنزە



باھارگۈل ساۋۇت 1958 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىدە كادىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1976 ـ يىلى بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان . 1978 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . ئۇ هازىر شىخەنزە شەھەرلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ .

باھارگۈل ساۋۇتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە باشلانغان . ئۇ «چېچەك پەسلى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن . ئۇنىڭ «ئۇشتۇشۇگەن ياپراق» ناملىق ھېكايىسى 6 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن .

تۇنساخان يۇسۇپ

# تۇنجى مۇھەببەت

## ( ھېكايە )

مەن ئىشتىن چۈشۈپلا تورت ئېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا چاپتىم. خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان چاغ ئىدى. تەلىيىمگە ماگىزىن ئېچۇق بولسىدى، دەيمەن.

بۈگۈن يالغۇز قىزىمىز دىلئارانىڭ بەش ياشقا تولغان كۈنى. كېتىۋېتىپ يانچۇقۇمدىكى نەپىس ئىشلەنگەن دۇخاۋا قۇتىنى تۇتۇپ قويدۇم. ئۇ قۇتىدا توي قىلغانلىقىمىزنىڭ ئالتە يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئايالىمغا ئالغان ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى.

كوچىدا ئادەملەرنىڭ ئايىغى خېلىلا سېيرىكلىشىپ قالغان، لىق كۆمۈر قاچىلانغان ماشىنىلار ئاندا - ساندا ئۆتۈپ تۇراتتى. مەن يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا كىردىم.

— كېلىڭ، قاسىم ئاكا، بىر نەرسە لازىممۇ؟ — دېدى پىرىكازچىك يىگىت مېنى كۆرۈپ خۇش خۇي كۈلۈمسىرەپ، — دۇكاننى تاقاي دەپ تۇراتتىم.

— ماڭا بىر تورت بەرگىن، ئۇكام، — مەن شۇنداق دەپلا ئۇنىڭغا پۇل ئۇزاتتىم.

مەن تورتنى ئېلىپ، دەرھال ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا ئايالىم بىلەن قىزىم مېنى ساقلاپ تاقەتتى تاق بولۇپ كەتكەندۇ. تېزرەك ئۆيگە باراي. مەن ئالدىراپ مېڭىپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشىمگە بىرىنىڭ:

— قاسىم ئاكا، توختاپ تۇرۇڭا، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ كەينىمگە قارىسام بىزنىڭ بىناغا يېقىندىن كۆچۈپ كەلگەن قوشنىمىز ئېلى ئىكەن. ئۇ ئىدارىمىزنىڭ خەت - چەك تارقىتىش بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى.

— قاسىم ئاكا، بۇ سىزنىڭ خېتىڭىز ئىكەن، ئىشخانىغا ئەكىرسەم ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپ قاپسىز. ئۆيىڭىزگە ئەكىرىپ بېرەي دەپ ئېلىۋالغانىدىم، — دېدى - دە، قېلىن بىر كونۋېرتنى ماڭا بەردى.

— سىزنى ئاۋارە قىپتىمەن، رەھمەت سىزگە، — مەن ئۇنىڭ قولىدىن كونۋېرتنى ئېلىپ ئادرېسقا قارىدىم. ماڭا ناتونۇش بولغان ئارمان دېگەن ئىسىمنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدىم. بۇ كىم بولغىيدى؟ تونۇش - بىلىشلىرىم ئارىسىدا ئارمان ئىسىملىك بىرەرى يوق ئىدىغۇ؟ قېنى، خەتنى كۆرگەندىن كېيىن بىر گەپ بولار. مەن كونۋېرتنى سومكامغا سالدىم.

ئۆيگە كىرسەم ئايالىم بىلەن قىزىم مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مېنىڭ ئالغان

سوۋغاتلىرىمنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئايالىمنىڭ قولىغا ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇۋېدىم، ئۇ:

— كۆزىڭىز راستىنلا مال تونۇيدۇ جۇمۇ سىزنىڭ، ھازىر مۇشۇ شەكىلدىكى ئۈزۈك مودا بولۇۋاتىدۇ. تازا كۆڭلۈمدىكىنى ئاپسىز، — دەپ مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتتى. قىزىممۇ ئۇ زىگە ئالغان ئويۇنچۇقلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى.

بىر پەستىن كېيىن ئۆيگە قىزىمنىڭ دوستلىرى كىرىپ كېلىشتى. قىزىم ئاپىسىغا يارىدەملىشىپ كىچىك مېھمانلارغا ھېلى كەمپۈت تۇتسا، ھېلى چاي قۇيماقچى بولاتتى. ئەمدىلا بەش ياشقا تولغان قىزىمنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرى، چۈچۈك تىللىرى بىلەن مېھمان كۈتۈۋاتقانلىقىغا قاراپ دىلىم سۆيۈنۈپ كەتتى. قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىچىك مېھمانلارمۇ ئۇزىدى. تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ، قىزىم بىلەن ئايالىم ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى. شۇندىلا مەن سومكامدىن ھېلىقى كونۋېرتنى ئالدىم. كونۋېرتنى ئېچىۋىدىم، ئىچىدىن ئىككى پارچە خەت چىقتى. بىرى ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ماڭا يازغان خېتى، يەنە بىرى بىر ئايالنىڭ ئۇنىڭغا يازغان خېتى ئىكەن. ئۇ يىگىتنىڭ ماڭا يازغان خېتى مۇنداق ئىدى:

... قاسىم ئاكا، سىزنىڭ 〈 تۇنجى مۇھەببەت 〉 ناملىق ھېكايىڭىزنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتىم. سىز مېنى تونۇمايسىز. مەنمۇ ئىلگىرى سىزنى تونۇمايتتىم. تونۇمايدىغان ئادەم نېمىشقا ماڭا خەت يازىدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران قېلىۋاتقانسىز، خېتىمنى ئوقۇپ چىقسىڭىز ئاندىن چۈشىنىسىز. سىزنىڭ ھې كايىڭىزدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىز مۇھەببەت تارىخىمنىڭ دەل ئۆزى. مەن بېشىمدىن

ئۆتكەن ئاچچىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتەمنى تېخىچە ھېچكىمگە تىنمىغانىدىم. ھېكايىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن قاسىم دېگەن بۇ كىشى كىمدۇ؟ مېنىڭ ئىشلىرىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ، دەپ ھېكايە بېسىلغان ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە باردىم. ئۇ يەردىن ئادرېسىڭىزنى ئۇقۇۋېلىپ سىزگە بۇ خەتنى يازدىم. ئىنسان بالىسى كۆڭلى خالىغان بىرىگە ھامان ئۆز سىرىنى ئېيتقۇسى، قەلبىنى ئەزگەن دەرد - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ ئۇلۇغ بىر تىنىۋالغۇسى كېلىدۇ... قاسىم ئاكا، مۇمكىن بولسا سىز بىلەن تونۇشۇپ قالسام دەيمەن...

مەن خەتنى تۇتقىنىمچە ئولتۇرۇپ قال دىم.

بۇ ئەسلى مۇنداق ئىش ئىدى: ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم «ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ مېنىڭ شېئىر، ھېكايە يېزىشقا ئانچە - مۇنچە قولۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر قېتىم مېنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا بىر ھېكايە يېزىپ بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. ياشلىق دەۋرىدە كىم مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن دەيسىز. ئەينى چاغدا مەنمۇ نۇرغۇن ئاچچىق - چۈچۈك سەرگۈزەشتىلەرگە يولۇققان. بۇ كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر كۆڭۈل ئېكرانىمدىن تېخى يېتىپ كەتمىگەنىدى. ئاشۇ ئەسلىمىلىرىمدىن خاتىرە قالدۇرۇش يۈزىسىدىن مۇھەببەت تېمىسىدا بى رەر نەرسە يېزىش ئىستىكى مېنىڭ روھىمنى غىدىقلاۋاتاتتى. شۇڭا دوستۇمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. بىرنەچچە كېچە ئۇخلىماي ئاخىر بۇ ھېكايىنى يېزىپ چىقتىم. شۇنداق قىلىپ «تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق ھېكايەم ژۇرنالغا بېسىلدى. ئويلىمىغان يەردىن بۈگۈن ناتونۇش يىگىتنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

www.uyghurkitap.com


قاسىم ئاكا ، سىزگە بېشىمدىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ . شۇنداق قىلسام بىر ئاز يېنىكلەپ قالارمەن .

1990 - يىلى مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇشۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدىم . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى مېھماندوست ، چىقىشقاق ئىكەن . يېزا مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ئادەمنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلىدۇ . كۈز كۈنلىرى پايانسىز جىلغىلار ، دالالار ، تاغ گۈللىرى بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكلەر ، كاككۇك سايرىغان باغلاردىن گۈل ھىدى ۋە شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ . بۇ مەنزىرىلەرگە قاراپ مېنى بۇ يەرگە تەقسىم قىلغان تەشكىلاتتىن بەكمۇ رازى بولدۇم . مەكتەپ مۇدىرى مېنى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارغا دەرس بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم باشلىنىپ كەتتى .

مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە قەدىرىيە ئىسىملىك قىز تۇيۇقسىزلا مەكتەپكە كەلمىدى . ئادەتتە كەم سۆز ، ئېمىشقىدۇر غەمكىن يۈرىدىغان بۇ قىز دەرستە ياخشى ئىدى . سۈرۈشتۈرسەم دادىسى يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ .

قەدىرىيە ئۈچۈن مۇسىبەتلىك بولغان ئاشۇ كۈنلەردە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى باشلىنىپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ئۇ قىز ئىمتىھانغا قاتنىشالمىدى .

ھەش - پەش دېگۈچە قىش يېتىپ كەلدى . ئاچچىق سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى . بىر كۈنى قەدىرىيەنىڭ قورۇسى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدىم .

— چاققان بول ، ھەي تەييار تاپ ، ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىلىپ ئۇكىلىرىڭنىڭ كىيىمىنى يۇيۇۋەت !

ئايال كىشىنىڭ قەھرلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدا تۇرۇپ قالدىم .

— ئوتۇننى يېرىپ بولۇپ ئاندىن سۇ ئەكىلەي ، — بۇ قەدىرىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى .

سىرتتا قار يېغىۋاتاتتى ، ئۆستەڭ بويلىرىنىمۇ مۇز قاپلاپ كەتكەنىدى ، بۇنداق چاغدا يول ماڭماقمۇ تەس ئىدى .

— داداڭ ئۆلدى ، ئەمدى كىمىڭگە ئەركىلەيسەن ، گەپ بىر ، قولاق ئىككى ، تېز بول !

ئىشىك ئېچىلىپ ، ئىككى قولىدا چېلەك كۆتۈرگەن قەدىرىيە چىقىپ كەلدى . ئۇ مېنى كۆرۈپلا :

— مۇئەللىم ، بۇياققا كەپسىز ، — دېگىنىچە ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى .

— ئاپىڭىزنىڭ نېمانچە ئاچچىقى يامان ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، قەدىرىيەنىڭ ئۆز ئاپىسى كېسەل بىلەن ئۇ سەككىز ياش چېغىدىلا ۋاپات بولۇپ كېتىپ ، دادىسى مۇشۇ ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرغانىكەن . ئۆگەيلىكى قاتتىق بۇ ھازازۇل ئايال قەدىرىيەنى ئەسلىدىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن ، دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۈنى تېخىمۇ تەس بوپتۇ .

مەن ئۇنىڭ چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىپ ئىشىك ئالدىغىچە ئەكىلىپ بەردىم .

— مۇئەللىم سىزنى بەك ئاۋارە قىلدىم ، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ ، — دېدى ئۇ مېنىڭ چېلەكنى قويۇپ ماڭاي دەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ .

— رەھمەت ، كېيىن يەنە كېلەرمەن ، — دېدىم - دە ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتىم .

پىژ - پىژ ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى

ئىدى. مەن ئۇنىڭ يالغۇز بۇغداي ئورۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاپىڭىز ياردەملەشمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئاپام ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئېتىز ئىشلىرىنى مەن قىلىمەن، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، كەچ كىرگۈچە بۇغداي ئورۇشۇپ بەردىم. دەم ئېلىش كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مەندىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتەتتى ھەم: «مۇئەللىم، سىلىنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم، رەھمەت سىلىگە» دەپ قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ كېتەتتى.

— قەدرىيە ئۆي ئىشلىرىڭىزدىن بوشىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا دەرس تەكرارلاپ بۇ يىللىق ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ، سىزنىڭ ئاساسىڭىز ياخشى، چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسىز، — دېدىم بىر كۈنى ئېتىزدىن بىللە كېلىۋېتىپ.

— شۇنداق قىلسامغۇ بەك ياخشى بولاتتى، مۇئەللىم، — دېدى ئۇ كۆزىگە غىلىلىدا ياش ئېلىپ، — بىراق ئانام ئەمدى مېنى ئوقۇتمايدۇ. ئۇ «قىز بالا ئوقۇپ نەگە باراتتى، بولدى، ئەمدى ساڭا مۇشۇ ئۆيدىكى ئىشمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، ئوقۇش دېگەنگىمۇ پۇل كېرەك، سېنى ئوقۇتقىلى نەدىكى پۇل؟» دەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى. ئاھ، بىچارە قىز، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغان بولسا، بۇ كۈنلەرگە قالارمىدى، دەيمەن ئىچىمدە ئۇنىڭ باغرى تاش ئۆگەي ئانىسىغا نەپرەتلىنىپ.

شۇ كۈنلەردە مېنى يوقلاپ يۇرتتىن دادام كېلىپ قالدى. قەدرىيە خۇددى مېنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىمنى قايتۇرماقچى بولغاندەك، كۈندە دېگۈدەك ۋاقىت چىقىرىپ ياتىقىمغا كېلىپ بىزگە تاماق ئېتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىشقا چۈشەرلىكى، پاكىز، چاققانلىقى، مىجەزىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئېغىر - بېسىقلىق مەندە بارغانسېرى ياخشى تەسىرات پەيدا قىلماقتا ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزرىشىغا ئەگىشىپ ئۇنى دائىم ئويلايدىغان، سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

— قەدرىيە، ئىككىمىز مەڭگۈ بىللە ئۆتسەك نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ — دېدىم بىر كۈنى كۆڭلۈمنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ.

— سىز ... مەن ... — ئۇ ھوپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— راست، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، قەدرىيە.

— راستما؟ ئەگەر سىزلا مېنى ياخشى كۆرسىڭىز مەن ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇراتتۇق.

بىر كۈنى تويۇقسىزلا ئۆيدىن ئاپامنىڭ ئېغىر كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. مەكتەپ بىر ئايلىق رۇخسەت بەردى. مەن يولغا چىقىش ئالدىدا قەدرىيە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى دادام، ئاپاملارغا دەيدىغانلىقىمنى، بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ئاپىڭىزنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ قالسىلا پاتراق قايتىپ كېلىڭ، — دېدى ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ. بۇ گەرچە ۋاقىتلىق ئايرىلىش بولسىمۇ، ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئاپام ئۈت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن، ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ساقايغۇچە ئاپامنىڭ قېشىدىن ئايرىلالمىدىم. رۇخسەت سورىغان ۋاقتىم ئاللىقاچان توشۇپ كەتكەنىدى. قەدرىيەنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم يوق. ئىككى ئايدىن كېيىن ئاپامنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. مەن قەدىرىيە ئىككىمىزنىڭ ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە دېدىم ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بىرمۇنچە سوۋغا - سالاملار بىلەن قايتىپ كەلدىم. كېلىپلا قەدىرىيەنىڭ توي قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەر ماڭا ئوچۇق ھاۋادا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. بىر ھەپتىدەك گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ھەممە نەرسىدىن رايىم يېنىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ گۈزەل ناھىيە ماڭا خۇددى ئادەمسىز چۆل - باياۋاندەك بىلىنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ قانچىلىك زېرىكىشلىك، كۆڭۈلسىز ئۆتكەنلىكىنى دېمەيلا قوياي.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى مەكتەپ مېنى ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى ھەقىقەتەن چوڭ شەھەر ئىكەن. ھايات شاۋقۇنى ھەممە يەرنى قاپلىغان بۇ شەھەردە يەكشەنبە كۈنلىرى ئاۋات كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، قىز - چوكانلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويىمەن. قەدىرىيەنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپىمغا تەلمۈرىمەن.

مانا، ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگىمۇ بىر يىل بولۇپ قالدى. بىر كۈنى قىزىلتاغ سودا سارىيى ئالدىدا قەدىرىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئاقىرىپ، سەمرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. مېنىڭمۇ پۇت - قوللىرىم تىترەپ، تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك گەپ - سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. بىر پەستىن كېيىن ئۆزۈمگە كېلىپ:

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، قەدىرىيە؟ — دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدىم.

— بۇ سىزمۇ، ئارمان؟ بۇ يەرگەن قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى قەدىرىيە ماڭا يەنىلا ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش بىلەن قاراپ.

— سىزنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن، قەدىرىيە. نېمىشقا مېنى ساقلىماي كېتىپ قالدىڭىز؟ — مەن ئۇنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئۇدۇللا دەۋەردىم، — يۈرۈڭ تالادا تۇرمايلى، بۈگۈن سىزنى ئاران ئۇچراتتىم. ئازراق پاراڭلىشايلى.

مەن ئۇنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدىم. بىز تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەن ئاپامنى يوقلاپ يۇرتقا كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن ئۆگەي ئاپىسىنىڭ بىر تۇغقىنى كەپتۇ. ئۇ كىشى قەدىرىيەنى كۆرۈپلا كۆڭلىگە بىر مۇددىئانى پۈكۈپتۇ - دە، قەدىرىيەنىڭ ئۆگەي ئاپىسىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام، پۇل - پۇچەك بېرىپتۇ. پۇل - مالغا ھېرىسمەن ئۆگەي ئانا قەدىرىيەنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قىستاپتۇ. قەدىرىيە قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بولغاچقا، بۇ ھازازۇل خوتۇن مېنى يول ئۈستىدە ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ. ئاخىر ئۇ ئۆگەي ئاپىسىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۆزۈمنى شۇنچە تۇۋالاي دېسەممۇ كۆزلىرىمدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. گەپلىرىممۇ قولاشمايۋاتاتتى:

— قەدىرىيە، بۇ دۇنيادا مەن سىزنى... پەقەت سىزنىلا ياخشى كۆرىمەن. بىز كۆرۈشمىگىلى تۆت يىل بولدى. سىزنى بىرەر كۈنمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىنىم يوق. سىزدىن ئايرىلىپ ياشىغان تۇرمۇشنىڭ ماڭا نېمە لەززىتى، بىز تېخى ياشقۇ، تۇرمۇشىمىزنى

قايتىدىن باشلايلى ...

— ئارمان ! — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، بۇ ئىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، مەن ... — ئۇ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ يانغا قارىۋالدى، — يولدىشىمنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ۋاقتىڭىز يەتسە ئۆيىمىزگە بېرىڭ، مەن قايتاي.

ئۇ ئورنىدىن قوزغالدى، مەن ماشىرىپ شۆيۈمىنگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلىكىمنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى يېزىپ بەردىم. ئۇنىڭغا ئاتاپ بۇيرۇتقان ھەر خىل قورۇمىلار، تاماقلار شىرەدە شۇ پېتىچە قالدى. مەن ئاشخانىدىن چىقىپ گاراڭ ھالەتتە ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانچە كۈتسەممۇ ئۇ مېنى ئىزلەپ كەلمىدى. مەنمۇ ئۇنى ئىزلەپ بېرىشقا پېتىنالمىدىم. كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقا تەن بەرمەي، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتتۈم، يولىغا قارىغۇم كېلەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

قاسىم ئاكا، ئۇ خەتنىمۇ سىزگە قوشۇپ ئەۋەتتىم. باشقىچە نىيىتىم يوق. خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈۋەتسىڭىز بولىدۇ.

ناتونۇش ئىنىڭىز : ئارمان

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قەلبى ھەسرەتكە تولغان بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتكە ئەچىم ئاغرىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئاچتىم. يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قاراپ ئۇزاققىچە تۇردۇم. يىراقتىن كەلگەن پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن يەنە بىر پارچە خەتنى ئاچتىم. ئۇ قەدىرىيەنىڭ ئارمانغا يازغان خېتى ئىدى:

قەدىرلىك ئارمان، سىز بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈپ قالارمەن دەپ قىلچە ئويلىمىغانىدىم. سىزنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مەن سىزنىڭ پاك مۇھەببىتىڭىز ئالدىدا، ئۆز ۋىجدانىم ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدىم، شۇ گۇناھلىرىم ئۈچۈن مەن ئەيىبلىك. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز ئۆلۈپ كەتمىسەكلا ھەرگىز ئايرىلمايمىز، مەڭگۈ بىرگە ئۆتىمىز، دەپ قەسەم ئىچكەنىدۇق. ئاھ! ئارمان، ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمىزنى بۇ قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىراق ... تەقدىر بىزگە رەھىمسىزلىك قىلدى، بىزنى مۇراد - مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزمەي، ئۆمۈرلۈك ھىجران ئازابىغا دۇچار قىلدى. بۇ دۇنيادا بەختسىز ئادەملەر بار دېسە ئىككىمىزنى دېسە بولىدۇ، ئېھتىمال مەن تۇغۇلۇشتىنلا ئاشۇنداق شور پېشانە تۇغۇلغانىدىمەن. خۇدا زادى قانداق ئاياللارغا بەخت ئاتا قىلىدىغاندۇ؟ دۇنيادا ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ، بەختلىك ياشاۋاتىمەن دېيەلەيدىغان ئاياللار بارمىدۇ؟ بەلكىم شۇنداق تەلەيلىك ئاياللار دۇنيادا ئانچە كۆپ ئەمەستۇ.

قەدىرلىك ئارمان، سىزنىڭ ماڭا بولغان پاك مۇھەببىتىڭىزنى ياخشى چۈشىنىمەن. سىزنىڭ بىغۇبار، يارقىن ئوبرازىڭىزنى قەلبىم تۆرىدە ھېلىھەم ساقلاۋاتىمەن. بىراق مەن ھازىر بىر بالىنىڭ ئانىسى، بىر ئەرنىڭ ھەمراھى بولۇپ قالدىم. بۇنداق دېسەم سىز ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئۆزىڭىز قايتىدىن بەلگىلەپ، ئىنسانىي ھوقۇقىڭىزنى يۈرگۈزەلمەمسىز؟ ئۆز مۇھەببىتىڭىزدىن ۋاز كېچىشكە قانداق چىدايسىز، دېيىشىڭىز مۇمكىن. تەقدىرگە تەن بېرىش بىز ئاياللارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى بولسا كېرەك. بىزنىڭ قەلبىمىزدە نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بولسىمۇ، بۇ ئارزۇ - ئارمانلاردىن ئەمەلگە ئاشىدىغىنى ناھايىتى ئاز، چۈنكى بىز كۆپ ھاللاردا تەقدىرگە تەن

www.uyghurkitap.com



بىرىپ كەلدۇق . بۇ روھىي ھالەتنى قاچانمۇ ئۆزگەرتەلەيمىز ؟ قەدىرلىك ئارمان ، بىزگە ئەمدى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن باشقا ئامال يوق . مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر مۇشۇ يولنى تاللىۋالدىم ، ھەممىنى ئۇنتۇغاندىلا كۆڭۈل ئارام تاپىدۇ . سىزمۇ مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ . ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ ، ھايات گۈزەل ، بۇ گەپلەرنى ئەينى ۋاقىتتا سىز ماڭا دېگەنىدىڭىز ، ئەمدى بۇ گەپنى مەن سىزگە دېمەكچى . سىزدەك قەلبى گۈزەل ، ۋاپادار يىگىتكە چوقۇم مېھرىبان ، ھۆرمەتكە لايىق قىزلار چىقىدۇ . مېنى كەچۈرۈڭ .

سىزگە چەكسىز بەخت تىلەپ :

قەدىرىيەدىن

مەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى ھازىرچە كىتابخانلارغا تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن . مۇھەببەت ۋىسالىغا قانمىغان ئىككى يۈرەكنىڭ ئىنىمدىسىز ئۆرۈشىدىن چىققان سادالار قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلانغاندەك ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتىلگەن سىماسى كۆز ئالدىمدا ئايان بولغاندەك بىلىندى . ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن كېچە ئاسمىنىدىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىمچە يەنە خىيالغا پاتتىم .

يۈزۈمگە كېچىنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇرۇلماقتا ئىدى . سائەتكە قارىسام ئۈچتىن ئېشىپتۇ . ئۇخلىماي چارچاپ كەتكەنلىكىمنىمۇ بېشىم سەل قايغىلى تۇردى . قوللىرىم بىلەن دېرىزە رامىنى تۇتۇۋالدىم . توۋا ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمگە نېمىدېگەن ئوخشاپ كەتكەن - ھە ! توغرا ، ئىنسانىيەت ، ھاياتلىق دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپلا مۇھەببەت بارلىققا كەلگەن . ھەرقانداق ئىنسان بالىسى مۇھەببەتنىڭ ھەم گۈزەل ، ھەم خەتەرلىك ، ھەم شېرىن ، ھەم ئاچچىق سەرگۈزەشتىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ ، شۇڭا مۇھەببەت تېمىسى ھەممىگە ئورتاقتۇر . مەن ھازىر بەختلىك ئائىلە قۇرۇۋالغان ، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئىجىل - ئىناق ياشاۋاتقان بولساقمۇ ، لېكىن ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرىم پات - پات كۆڭۈل ئېكرانىمدا زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ . بەزى كۆرۈنۈشلەر كۆڭلۈمنى ھۇزۇرلاندۇرسا ، بەزىدە دىلىمنى غەش قىلىدۇ . دېمەك ھەركىمنىڭ كۆڭلى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە سىرلىق بىر دۇنيا . مۇھەببەت مۇقەددەس ، مۇھەببەت مەڭگۈلۈكتۇر .

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئالتۇنگۈل رەجەپ

# لەيلىگۈل

(ھېكايە)



— ئەنە ئۇ .

— كىمنى دەيسىنا ؟

— لەيلى قاشاڭنى . ئەنە كۈلدى ، راستىنلا چاقچاق قىلغان نېمە ، بولمىسا ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلەمتى ئۇ قىلىن ، — دىقماقىنە كەلگەن . لەۋلىرى سۇرۇخ رەڭ بويالغان قىزنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى .

— ۋاي قوۋۇرغام ، كىمكىن دەپتىمەن تېخى ، ھېلىقى ئولتۇرۇشلاردا ناخشا توۋلاپ پۇل تاپىدىغان قانجۇقكەنغۇ ئۇ . ئۇنى كىم بىلمەيدۇ ، بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە پاراللېل ئوقۇيتتۇق ، تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا بەش پۇڭ بېرىپ ناخشا توۋلاتقۇزاتتۇق . تەتۈر پېشانىلىكىدىن دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ ، تۆت تېزى ئانىسىغا قېپقالدى . بالىسىنىڭ چوڭى شۇ لەيلەك ئىدى . قىش - ئەتىيازلىرى پۇل سەدىقە بېرىپ ، كىيىملىرىنى قىلىپ بېرەتتۇق ، مانا ، دۆمبىسى ئاپتاپ كۆرۈپ ، ئىشتىنى تىزىدىن ئاشقىلى تۆت كۈن بولمۇدى ، تېرىسىگە سىغمايلا قاپتىغۇ ئۇ پاسكىنا ، — سەپكۈن يۈز ، ئورۇققىنا كەلگەن يەنە بىر قىز تەرىنى پۈرۈشتۈردى .

لەيلىگۈل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى .

— سەندىن ئىككىلا دۇنيا رازىمەن ، سېنىڭ يۈزۈڭ يورۇق ، ئاناڭ ئالدىدىمۇ ، خۇدا ئالدىدىمۇ يورۇق لەيلى ! ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى بالام ، — كېسەلچان ئانا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان قىزىغا ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈردى . لەيلىگۈلنىڭ يىڭنە تۇتقان قوللىرى توختاپ قالدى ، چاناقلىرى مۆللىدە ياشقا تولدى .

— دېگىنە ئانا

— ئالدى بىلەن ماقۇل دېگىن ، ئۆلسەممۇ گۆرۈمدە تىنچقىنا ياتاي بالام . — ئانا قىزىنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى يىرىك ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ، — 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدىڭ ، تەڭتۇشلىرىڭ بالا - چاقىلىق بوپبولدى . ياتلىق بولساڭ ئاشۇ خەققىمۇ زۇۋانى بېسىقار ئىدى . ئۇلار بىلمەيدۇ ، سەن نومۇس قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلىپ باقمىغان بالام ، ئائىلىمىزدىكى بەش جان ساڭا قاراشلىق بولغاچقا ، كىچىك تۇرۇپ جاپا تارتتىڭ ، توي - مەشرەپلەردە ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپتىڭ ، بۇنىڭ نېمىسى يامان . ۋاي خۇدايىم ، گېپىم نەلەرگە ئېزىپ كەتتى مېنىڭ . كىچىك ھامماڭ بىرىنى تېپىپتۇدەك ، بىر نىكاھلىق بولغان بالىمىش ، ئىسمىنى نېمە دېۋىدى ئۇنىڭ ، ھە توغرا ، ئابلىكىم ئاخۇن . ئۆزى ياۋاش ، يۈزى تۆۋەن بالىمىش ، قايسىدۇر بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغانىنىڭ گېپىنى قىلغان ، بۇ قېتىم «كۆمسەم پىشارمۇ ، ياپسامۇ» دەپ تۇرماي

ماقۇللا دەۋەت بالام. ئىشىمىزغا شەيتان ئارىلىشىپ قالمىسۇن. بىلىسەن، تېنىم بەك ئاجىزلىشىپ كەتتى مېنىڭ، ئۆزۈم تۇيۇپ تۇرىمەن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ... — ئانا كۆز ياشلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچىدا سۈرتتى.

* *

لەيلىگۈل ئويلىنىپ قالدى. ئانىنىڭ گېپى راست ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغىنى راست. ئۇنىڭ گۈلدەك ئېچىلىپ، ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان چاغلىرى، ئەركەكلەرنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ، يۈرىكىنى قورۇيدىغان چاغلىرى بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈپ، خاپىلىقنى غەملەش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدىچۇ؟ ئۇ «قېرىدى»، 30 ياشقا كىرىپ قالدى. ئەجەب 30 ياشقا ـ ھە؟! لېكىن شۇنىڭلىق بىلەنمۇ ئۇ تېخى خېلى يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەلەيدىغۇ؟ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلاندۇرالايدىغۇ؟ ئەمسە، ئۇ نېمىشقا ئاشۇلاردىن بىرنى تاللاپ تۇتۇپ توي قىلمىدى؟! ياق، ئۇ خالىمىدى. تۇتمىدى ئەمەس، دەسلەپ بىر يىگىتكە سۆز بەرگەنىدى. «سەھنىدە دىسكو ئويناپ، خەققە ئويۇنچۇق بولۇپ بەردىڭ» دەپ لەۋزىدىن يېنىۋالدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە بىرىگە ماقۇل دېگەندە، قېيىن ئانا بولغۇچى «شۇ چاغقىچە ئەرسىز ئولتۇرۇپ قېلىشىدا بىر گەپ بار، يا بولمىسا بەدىنىدە بىرەر ئەيىبى بار» دەپ ئۇنى كېلىن قىلىشتىن باش تارتىپ تۇرۇۋالدى. يىگىتلەر ئۇنى خوتۇن قىلىشتىن قورقسا، ئانىلار ئۇنى كېلىن قىلىشتىن قورقتى ...

ئەجەب ئىش، ئۇ كىملەرگە بۇنچە يامانلىق قىلىپ قويغان، قايسى ئىشتا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولغىيدى؟! جاراستاندا ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقىنى ئۈچۈنمۇ، قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرگىنى ئۈچۈنمۇ يا؟ ئاشۇ «ئەركەك بىز»، «يىگىت بىز» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان نىنى گۇسمۇس يىگىتلەر ئەجەب ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالسا ـ ھە؟!

لەيلىگۈل ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، گىرىم ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى. ئالدىدىكى تىكلىمە ئەينەكتە جىيەكلىرىگە سۈرمە تارتىلغان كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدىكى ئىنچىكە نۇر تالالىرىدەك بىرنەچچە تال قورۇق ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىشى بىلەن قەلبىنى قانداقتۇر بىر خىل ئەلەملىك تۇيغۇ چۇلغىدى. ئۇ بىنەپشەرەڭ خېنە يېقىلغان نازۇك بارماقلىرى بىلەن بۇلۇتتەك كۆپۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تارىۋىدى، بىرنەچچە تال قۇندۇزدەك چېچى بارماقلىرىغا ئىلىنىپ چىقتى. لەيلىگۈل ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

— لەيلى، تامىقىڭنى يەۋال قىزىم.

— يېمەيمەن ئانا، خوش بوپ كېتەي سەندىن، مېنى بىردەم ئارامىمدا قويغىنا، — ئۇنىڭ نازۇك يەلكىسى بوش سىلكىندى. بىر ئەزگۈ مۇڭ، مىسكىن يىغا ئاۋازى كېچە جىملىقىنى بۇزۇپ ئۆتتى.

* *

يىگىت بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئېغىر سۈكۈت ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىۋەتتى.

— ۋىيەي، ئەجەب تىنجىق، — دەۋەتتى لەيلىگۈل ئىختىيارسىز ئورنىدا قىمىرلاپ.

— ئەمىسە شامالدۇرغۇچنى ماڭغۇزۇپ قويايمۇ؟ — كىچىك ھامىسى تونۇشتۇرغان ئابلىكىم ئىسىملىك بۇ يىگىت ئېغىز چىشلىرىغىچە كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى. لەيلىگۈل قولىدىكى شاكىلات قەغىزىنى ئوينىغاچ ئۇدۇلىدا سەل ئالدىغا ئېگىلگىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان بۇ يىگىتكە ئاستىرتىن كۆز سالدى.

بوي - بەستىمۇ يامان ئەمەسكەن، شۇنچە ئىسسىقتا كاستيۇم كىيىۋالغىنى قىزىق. چىرايىمۇ بولغۇدەك، بۇرۇتى ھەم سېرىق، ھەم

شالاڭ ئىكەن ، ئەڭ ياخشىسى ، چۈشۈرۈۋەتسە بولغۇدەك .

— لەيلىگۈلخان مەن ، مەن قانداقراق كەنمەن ؟ — ئابلىكىم خۇددى لەيلىگۈلنىڭ خىيالىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك ئېغىز ئاچتى . لەيلىگۈلنىڭ يۈزىگە لېپپىدە قان تەپتى . ئۇ يەرگە بېقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۈزمەستىن بوشقىنا باش لىڭشىتتى ۋە پەس ئاۋازدا دېدى :

— مەنچۇ ؟

— سىزما ؟ بولمايدىغان نەرىڭىز بار لەيلىگۈلخان ، سىز بەك چىرايلىق ، بولۇپمۇ كۆزلىرىڭىز ، خۇددى «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» فىلىمىدىكى رۇخسارنىڭكىگە ئوخشاش ... — لەيلىگۈل يىگىتكە قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى .

— زاڭلىق قىلماڭا لەيلىگۈلخان . مەن گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن ، لېكىن كۆڭلۈم ياخشى ، قولۇم ئوچۇق ، ھەرھالدا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى بار . ئاڭلىسام كىشىلەر مېنى «ياۋاش» دەيدىكەن . بىراق كىمدىكىم مېنى بوزەك ئېتىمەن دەيدىكەن ئۇخلىماي چۈشى . بىر قېتىم توي قىلغىنىم راست ، لېكىن بالام يوق ، شۇنداق ، بىرەر بالىمۇ . مەن ئەركىشى بولغاندىكىن ئەمدى تۇزۇت قىلىپ تۇرماي راست گېپىمنى دەۋېتەي ، بىز ئىككىمىز توي قىلايلىمۇ ؟ ماڭا تېگىشنى خالامسىز لەيلىگۈلخان ؟!

شۇ تاپ لەيلىگۈلنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى . ئۇ ھېلى ھەم قولىدىكى شاكىلات قەغىزىدىن گۈل چىقىرىپ قاتلاپ ئولتۇراتتى . قىسىلغان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ، غۇنچىدەك لەۋلىرى ھىم يۇمۇلغانىدى .

لەيلىگۈلنىڭ سەل قىيسىيىپ تۇرغان چىلگىدەك بېشى لىڭشىغاندا ئابلىكىمنىڭ سارغايغان بارماقلىرى ئارىسىدىكى تاماكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى . گالستۇكى چىڭ قىسىپ تۇرغان توخۇئەت بۇغدىيىكى ئاستىن-ئۈستۈن مىدىراپ ، كۆزلىرى چىمچىقلىدى .

* *

بىر قىزنىڭ ئەرگە تېگىشى ھېچقانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى . لېكىن لەيلىگۈلنىڭ توي قىلىشى خىلۋەتتىكى بۇ بازار ئىچىنى لەرزىگە سېلىپ قويدى .

— تۆشۈك مۇنچاقيەردە قالمايدىكەن...

— ئەمدى ئۇ جاراستاندا ناخشا ئېيتمايدىغان بوپتۇدەك . ئالىدىغان ئېرى شۇنداق شەرت قويۇپ ئالغۇدەك ...

مانا بۇ خەۋەر كۆجۈم مەھەللىنىڭ ئاۋات بازىرىدا قانچە تېز تارقالغان بولسا ، يەنە شۇنچە تېز بېسىقىپ قالدى . ئادەملەر قانداق قىزىق مەخلۇق-ھە ؟! مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ پۇخانى چىقتى . بىر قىزنىڭ توي قىلماسلىقى ، ئەرگە تەگمەستىن بويتاق يۈرۈشى ئۇلارنىڭ ئىچ باغرىنى ، يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپ ئارام بەرمىگەنتى . مانا ئەمدى لەززەتلىك غەيۋەتنىڭ نوقۇل تېمىسى بولۇپ بەرگەن لەيلىگۈل توغرۇلۇق ھېچكىممۇ غىم قىلمايدىغان ، باش قاتۇرمايدىغان بولدى .

* *

لەيلىگۈل ئانا بولدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پات ئارىدا كۆز ئاچىدىغان يېڭى بىر جان شادلىقى ئۇنى بەخت قۇچىقىغا ئېلىپ ، چەكسىز لەززەت بىلەن پەپىلەيتتى . ئۇ گىرىم ئۈستەلى ئالدىدىن تۇرغاندا مۇرىسىنى تەكشى ياپقان چاچلىرى دولقۇنلىنىپ ، يېڭىدىن تىككۈزگەن ھاۋارەڭ كۆڭلىكى سەرۋى بويىدا لىغىلداپ تۇراتتى . ئۇ سافا يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ، تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە ، بويىنىغا گىرە سالدى :

— قانداق ، كۆڭلىكىم يارىشىپتۇمۇ ؟

— يارىشىشىنىغۇ كارامەت يارىشىپتۇ ،

بەك چىرايلىق بوپكېتىپتۇ، شۇغىنىسى، تويغا بارمىغانىدىكىن دەيمىنا، بۇنچە ياڭزا قىلىپ كېتىدىغىنىڭىز قىزىق.

— قانداق، ئايالىڭىز گۈزەل بولسا خالىمامسىز؟

— خالاشنىغۇ خالىغۇلۇق، لېكىن ...
لېكىن مەن ئەنسىرەيمەن.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟

— سىزدىن، يەنە يامان كۆزلەردىن.

لەيلىگۈلنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى.

— تۇمارىم بار تۇرسا ئابلىكىم. ئانام بەرگەن تۇمار بۇ. ئۇ سىزگە قورساق كۆتۈرگەنىدىمۇ مۇشۇ تۇمارنى ئاسقانىكەن، — لەيلىگۈل سۇتتەك بويىنىدىكى نەپىس زەنجىرنى كۆتۈرۈۋىدى، يېڭىدىن قاپلانغان قىزىل دۇخاۋا تاشلىق كىچىككىنە تۇمارچە كۆرۈندى، — مانا كۆردىڭىزمۇ؟ ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسىز، — پىچىرلىدى ئۇ ئېرىنىڭ نېمىلەردۇر يوشۇرۇنغان مەيۈس كۆزلىرىگە سادىدىلىق بىلەن تىكىلىپ. ئۇنىڭ نازۇك بىلەكلىرى تېخىچە ئېرىنىڭ بويىندا ئىدى. ئۇ ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال ئېرىنىڭ پېشانىسىگە، ئاندىن پاكىز قىرىلغان يۈزىگە سۆيدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيدى. ئۇنىڭ مامۇقتەك تېنى، لومشۇپ تۇرغان، ۋايىگە يېتىپ تولغان كۆكسى ئېرىنىڭ تېنىگە تېگىپ تۇراتتى. يۇمشاق قوللىرى ئېرىنىڭ چاچلىرىنى توختىماي تارايتتى، سىلايتتى.

— ئابلىكىم جېنىم. دوست - دۈشمەنلىرىم ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق قىلغىنىڭىزغا رەھمەت! ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزەرىدىن، جان - جېنىمدىن ئۆتىدىغان ئۆسەك سۆزلىرىدىن قۇتۇلدۇرغىنىڭىزغا رەھمەت! بىلەمسىز، سىز ماڭا ئىشەنگەن بىردىنبىر ئەركەك، بىردىنبىر ئوغۇل بالا. سىز ئۈچۈن قانچىلىك قۇربان بەرسەم ئەرزىيدۇ قەدىرلىكىم ...

ئابلىكىمنىڭ كاللىسى تۇمانلىشىپ كەتتى. خۇدايىم بار لەيلىگۈل، سەن بۇنداق سۆيۈشنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيتتىڭ، سېنىڭ خۇلقۇڭ نېمىدېگەن يامان؟! ئىلگىرىكى ئايالىم مېنى ئەسلا سۆيۈپ باققان ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىمۇ سۆيدۈرمەيتتى. ئۇ شۇنچىلىك ھايالىق خوتۇن ئىدىكى، ئاھ خۇدا، قانداق شەيتان ئازدۇرۇپ ئاشۇنداق پاك، ھايالىق خوتۇننىڭ سۆزىنى بېرىۋەتكەندىمەن، ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ھامماڭ، ئۇ سېنى ماڭا سايە قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ... ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئوغرىلاشقا كەلگەندە چارە - ئۇسۇللىرىڭ نېمانچە جىق سېنىڭ، نېمانچە خۇلقلۇق خوتۇنسەن. يا بولمىسا موللىغا پۇل خەجلەپ مېنى ئوقۇتۇۋالغان نېمە. توغرا، ئەجەب بۇ تەرىپى ئېسىمگە كەلمەپتا مېنىڭ. نېمىشقا يولدا ماڭسامۇ، ئىشلەپ تۇرسامۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمايسەن. توختاپتۇر لەيلىخان، ياندۇرۇۋەتمىگىنىمنى كۆر. سەن موللىغا خەجلىگەن پۇلنى مەن خەجلىيەلمەيدىكەنمەن.

ئابلىكىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چىداپ بولماس بىر سېزىم چاقماق چېقىلغاندەك يېنىپ ئۆچتى. لەۋلىرى سوۋۇشقا باشلاپ، ئايالىنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرى ئىختىيارسىز چۈشۈپ كەتتى.

* *

ئۆرۈمچىگە ئوقۇشقا بېرىش - بارماسلىق توغرىسىدا بولۇۋاتقان دەتالاش خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى.

— بارمايمەن دېدىم بارمايمەن. نېمە قىلاتتىڭىز بۇنچىلا زورلاپ مېنى، ماڭاشىم كەملەپ كەتتىمۇ يا؟

— گەپنى نەلەرگە ئەكەتتىڭىز؟ گەپ پۇلدا ئەمەس ئابلىكىم، پۇرسەت قولدىن كەتمىسىكەن دەيمەن. ئارانلا ئىككى يىللىق ئوقۇشكەنغۇ، كۆزىڭىز ئېچىلىپ، نەزەر

دائىرىڭىزمۇ كېڭىيىپ قالار ئىدى، — لەيلىگۈل ئېرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈردى، — ماقۇل دەۋېتىڭا ئابلىكىم، مەن خۇش بولۇپ قالاي.

— مەن ئوقۇشقا ماڭسام ئەجەب سىز خۇش بولۇپ كېتىۋاتىسىزغۇ. مېنى بۇنچىلىك زورلىمىسىڭىزچۇ لەيلىگۈل.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ئابلىكىم، سىز مېنى دەپلا تارتىنىپ تۇرۇۋاتىسىز، ماڭا چىدىمايۋاتىسىز، — لەيلىگۈلنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. قىزغۇچ لەۋلىرى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۈمچەيدى، — ئىككى يىل دېگەنمۇ بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە ئۇن نەچچە كۈندىن كېيىن يەڭگىگۈدەكمەن، ئىلناملار ھالىمدىن ياخشى خەۋەر ئالىدۇ. يازلىق تەتىلدە قايتىپ كەلسىڭىز ئوغلىڭىز دادا دەپ تايتاڭلاپ ئالدىڭىزغا چىقىدۇ تېخى...

ئابلىكىمنىڭ بۇلۇتتەك تۇتۇلغان چىرايى ئېچىلدى. ئايالىغا خېلىغىچە ئۈنسىز قاراپ تۇردى-دە، بىردىنلا چايان چاپلىشىۋالغاندەك سەسكىنىپ، لەيلىگۈلنى سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى.

— بارمايمەنغۇ قانداق، ئۆلسەممۇ بارمايمەن، «پۇرسەت»، يەنە بىر دەپ باقە قېنى، «ياخشى پۇرسەت» ؟! — ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىلىقىدىن چىقىۋاتقان بۇ سادا تولىمۇ سوۋۇرلۇك ئىدى، — ياخشىغۇ لەيلىخان! مانا ئەمدى راست گېپىڭىزنى قىلدىڭىز.

— تۇۋا خۇدايىم، ئابلىكىم سىز... — لەيلىگۈلنىڭ كۆز ئالدى خىرەلەشتى.

— خۇپسەنلىكنى بۇنىڭ، ئارتىسلىقىڭنى سەھنىدە قىلىۋال، بىلمەيدۇ دەمسەن مېنى، ئەركىلەشلىرىڭگە ئالدىنىدۇ دەمسەن مېنى: بۇنداق خۇيلىنىشلىرىڭنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھىيلە، سەن تاش سانساڭ، غوجاڭ قوم سىلنايدۇ! — ئابلىكىم قاتتىق ھاسىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. كۆزلىرىمۇ قورقۇنچلۇق چەكچەيدى، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چىدىمىدىم، يۈرەك باغرىم قورۇلۇپ كەتتى مېنىڭ، ھەممە ئادەم بىلىدىكەنغۇ سېنى، ئۆز ئەسلىڭنى، كىملىكىڭنى ئۇنداق ئاسان ئۇنتۇپ قالما لەيلىخان، مەن دېمىسەممۇ خەق شۇنداق دەيدىكەنغۇ... ھازىرچە دۈمبە كۆرسىتىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆپكە كۆرسىتىدىغىنىڭنى ئويلىسام... ئاھ خۇدا، ساراڭ قىلىۋەتتىڭغۇ مېنى، قايسى نەس باسقان كۈنى رىسقىم قېتىلىپ قالغان ساڭا، مېنىڭ ئوقۇشقا بارغۇم يوقمۇ؟ چوڭ شەھەرلەردە يۈرگۈم يوقمۇ؟ ئىلگىرىكى ئايالىمدەك ياۋاش خوتۇن بولساڭ ئىدىڭ، ئۇن يىل ئوقۇش بولسىمۇ باراتتىم. بارسام سەن مېنىڭ دوپپامغا جىگدە سالىسەن!

ئۆي ئىچىدە گۆردەك جىملىق ھۆكۈم سۈردى. لەيلىگۈلنىڭ قېتىپ قالغان قارىچۇقىدىن ئىككى تامچە ياش ئۈزۈلۈپ چۈشتى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قورسىقى كۈچلۈك تەۋرەپ، ۋۇجۇدىدىن غايىبانە بىر ئاۋاز — رەزىللىك! تۆھمەت! تۆھمەتخورلار. ئۇلار تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ ئانا، دادامۇ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ، مەن سېنىڭ پاكىز تېنىڭگە، پاكىز روھىڭغا سىڭىپلا كېتەي جېنىم ئانا! — دېگەن بىر سادا گويا يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك ناھايىتى يىراقتىن ئاڭلاندى.

**مەسئۇل مۇھەررىر يۈلتۇز تېيىپجان**

www.uyghurkitap.com

ئىمىن راشىدىن

# ياشلىق لىرىكىلىرى

## تۇرپان گۈزىلى

ئىشلەيدۇ تەك ئارا تۇرپان گۈزىلى ،
(يۈرەكنىڭ پارىسى ، كۆزنىڭ قارىقى .)
مەستلىكنىڭ يېشىلمەس، سۆيۈپ سالمىغىن،
باركەن لېۋىدە ئۈزۈم ھارىقى .

## قىزىلگۈلدەك قىزاردى يۈزى

قىزىق چاينى ئۇتلىغان قاچان ،
لېۋىڭىزدە كۆيۈكنىڭ ئىزى .
دېسەم شۇئان ئاشۇ دىلبەرنىڭ
قىزىلگۈلدەك قىزاردى يۈزى .

## باغچىدا

باغچىدىكى ئورۇندۇقلارنى
قوشماقلىرىم ئاپتۇ ئىگىلەپ .
بىرى ئارقاق ، بىرى ئۆرۈشكەن ،
كىم بۇلارنى تۇرار يۈگەنلەپ .

قىزىق ، لەۋلەر قاپتۇ چاپلىشىپ ،
گويا ئۇستام كەپشەرلىگەندەك .
كېتىپ قالدىم گەدىنىنى قاشلاپ ،
ئەسلى بىر ئىش ئەپلەشمىگەندەك ...

## جاۋاب

باي خوجايىن ئاتمىش يېشىدا
ئايالىدىن كەتتى ئاجرىشىپ .
ساقال قىرىپ ، ياساندى پۈزۈر ،
قېرىلىقتىن ياشلىق تالىشىپ .

يېقىنلاشتى ، مودا قىز بىلەن
لېۋى ياقۇت ، جامالى سۈزۈك .
شادلاندۇردى قىزنى پارقىراپ
بارماقلاردا ساپ ئالتۇن ئۈزۈك .

بىر كۈن دېدى قىزغا خوجايىن :
نىكاھ قاچان بولاركىن ئادا ؟
دېدىكى قىز : ئويلاپ قاپتىمەن ،
تاپتىمغۇ دەپ ياخشى بىر دادا .

## قايچا خىسلىتى

تا ئەزەلدىن قايچا خىسلىتى
دېمىسەكمۇ ھەممىگە ئايان .
بىراق ، ئۇنىڭ كەسكىنلىكىنى
تەكتىلىسەك بولمىغاي زىيان .

سىزىق بويلاپ چۈشكەندە يولغا ،
ئىككىلىنىپ تۇرمايدۇ ھەرگىز .
بىردەمدىلا ئايرىيدۇ رەختنى ،
قايسى لازىم ، قايسى كېرەكسىز .

ئوت كەتكەندە ئايۋان ـ سارايغا ،
ئولتۇرامدۇق مۈزاكىرىلىشىپ .
جارى بولسا قايچا خىسلىتى ،
كەتمەسمىدى ئىشلار تېزلىشىپ .

## بوۋام كۆلكىسىدىن

جان بوۋامنىڭ قولىدا كۆچەت ،
تىكمەكچىكەن بېغىغا ياڭاق .
ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئىشىغا ،
سىلىققىنە تاشلىدىم سوراق :
ئاڭلىغانمەن ياڭاق كۆچىتى
ئوتتۇز يىلدا بېرەركەن مېۋە .
تىكسەڭ ئۇنى يەتمىش يېشىڭدا ،
بۇنىڭ ساڭا پايدىسى نېمە ؟

بوۋام ماڭا تازا بىر قاراپ ،
كۈلۈپ كەتتى راسا قاقاقلاپ .
كۈلكىسىدىن جاۋاب تاپقاندەك
خىجالەتتە كەتتىم يىراقلاپ .

## پاسما قۇدۇق

سۇ ئالماق بولسىڭىز باسما قۇدۇقتىن ،
قۇرۇق قول بارسىڭىز بولىدۇ قىيىن .
بىر نوگاي سۇ قۇيۇڭ ئۇنىڭ گېلىغا ،
چېلەكمۇ سۇ بىلەن تولىدۇ كېيىن .

بىر نوگاي سۇ ئالماي بارسىڭىز بەزەن
قۇپقۇرۇق قايتىدۇ چېلەك بىچارە .
خۇيىنى ئۆزگەرتسە باسما قۇدۇقلار ،
سۇ ئالساق بولمايتتۇق بۇنچە ئاۋارە .

مۇھەممەت كامال ( خۇش خۇي )

# غەزەللەر

### 1

دىلىمدىن ياقتۇرۇپ سۆيگەن ۋەتەن چولپانغا ئوخشايدۇ ،
ۋەتەنگە ئوقچۇغان مېھرىم گويا فونتانغا ئوخشايدۇ .

ۋەتەن بەردى بەخت ـ ئامەت ، ماڭا قوشتى ھۆسن ـ قامەت ،
ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ تاپقان بەخت ئۆلتانغا ئوخشايدۇ .

ۋەتەندەك مېھرىبانىم يوق ، ۋەتەندە كۆڭلى ـ قارنىم توق ،
ۋەتەننى كۆيلىگەن ناخشام تۈمەن داستانغا ئوخشايدۇ .

ۋەتەننىڭ ئاسمىنى زەر تون ، ۋەتەننىڭ تۇپرىقى ئالتۇن ،
ۋەتەننىڭ چۆل ـ جەزىرىسى گۈزەل بوستانغا ئوخشايدۇ .

كېلىپ ئەزرائىل ئالدىمغا تەلەپ قىلغاندىمۇ جاننى ،
ۋەتەننىڭ قوينىدا ياتسام ، كۆنۈم سۇلتانغا ئوخشايدۇ .

ۋەتەنگە جان نىسار ئەتمەي ، مۇراد ـ مەقسەتكە ھەم يەتمەي ،
خۇش خۇي كەتسە بۇ ئالەمدىن گويا شەيتانغا ئوخشايدۇ .

www.uyghurkitap.com

## 2

رىيازەت ئاھىنى چەكمەس ۋەتەنگە ئىشقى يانغان ئەر ،
ۋەتەننىڭ مېھرىدىن زەم - زەم ئىچىپ تەشناسى قانغان ئەر .

بېرىپ يات - ئۆزگە بىر ئەلگە ، ئۇ تاپسا قانچە كۆپ بايلىق ،
تاپالماس مەڭگۈ چىن سىرداش ۋەتەندىن ، ئەلدىن تانغان ئەر .

قىلىپ پەرداز جامالىنى كۆرەككە قويسىمۇ (ئاي - ھاي) ،
تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال ، ۋاپا بابىدا چانغان ئەر .

غەنى مەن دەپ ئۇرۇپ لاپنى ئۆزىنى ماختىسۇن مەيلى ،
ئىشەنمە ، كۆكلىمەس زىنھار ۋەتەنگە مېھرى يالغان ئەر .

مۇھەممەت ، سەن ۋەتەن سۆيگىن ، ۋەتەنسىزلىك ساڭا ياتتۇر ،
جاھان ئىچرە تېپىلمايدۇ ۋەتەندەك بىر قەدىردان ، ئەر .

## 3

ئەگەر سوزسا بىراۋ سوغ قول ، رەھىمسىز قايرىغاي باغۋەن ،
گويا غۇنچە - چېچەكلەرنى كۆزدەك ئاسرىغاي باغۋەن .

سۇرۇپ چىقسا غولىدىن گەر ھارام شاخۇ پۇتاق ، شۇمبا ،
ئېلىپ قولغا پولات قايچا تېنىدىن ئايرىغاي باغۋەن .

باراقسان بولسا ھەر كۆكلەم تېرىدىن ئاينىغان نوتا ،
ئاشۇ باغدا بولۇپ بۇلبۇل ، خۇشال - شاد سايرىغاي باغۋەن .

ۋەتەن - ئەلگە بەھىر بەرسە كۆچەتلەر كۆرستىپ مېۋە ،
تېنىگە سىغمىغاي جانى ، دىلىدىن يايرىغاي باغۋەن .

## 4

چاڭقىساڭ زەم - زەم بولايكى شەۋكىتىم - شانىم ئانا ،
ئىللىتاي يالقۇن بولۇپ گەر توڭلىساڭ جانىم ئانا .

قاتقۇچە سەپكە مېنى تۈنلەردە ئۇيقۇڭ كەلمىدى ،
سەن يېتىپ داق، يەردە ، بولدى كۆرپىدە يانىم ئانا .

كىرگۈدەك بولسا تىكەن ئالدى چوقۇپ كىرپىكلىرىڭ ،
خۇشلۇقۇم ئالەمشۇمۇل دەردىمگە دەرمانىم ئانا .

بىر كېچە بەرگەن سۈتۈڭچۇن بىر ئۆمۈر يۈرسەم يۈدۈپ ،
بولمىغاي قەرزىم ئادا غېمىمگە غەمخانىم ئانا .

ئۆزگىلەر ماختانسا مەيلى تاغ كەبى مۈلكى بىلەن ،
سەن ئۆزۈڭ قەلبىمدە ئالتۇن - زەرگە باي كانىم ئانا .

سەن ئانا قىلدىڭ ھايات ، تاپتىم ھاياتتىن جۈپ قانات ،
مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ ئۇرمايدۇ جۇش قانىم ئانا .

5

چېچىم تاڭ رەڭگە كىرگەندە كۆڭۈل بىر قىزنى يار ئەتمىش ،
ئۇنىڭ ئىشقى - پىراقى بۇ يۈرەكنى پارە - پار ئەتمىش .

لېۋىم قاسراق تۆكۈپ ھىجران چۆلىدە كۈي - مۇقام ئېيتسا ،
ئۆزى پىنھاندا ئۇ دىلدار مېنى تەشنائى زار ئەتمىش .

ئىشق زەنجىرىدە باغلانغان كۆڭۈل مەھبۇسنى ھۆر ئەتسەم ،
ئۇ باشلاپ تاغ - ئېدىرلارغا تۇرار جايىمنى غار ئەتمىش .

نىتەي كار قىلمىدى دىلغا نەسىھەت مەلھەمى ئاخىر ،
مەگەر تەن ئالمىسام ئول كۈن نىگار زۇلپىدا دار ئەتمىش .

كۆڭۈل سۆيگەننى سۆي خۇش خۇي ، ۋاپا ئوكيانىغا چۆككىن ،
ۋاپاسىز بەندىنى تەڭرىم جىمى ئالەمدە خار ئەتمىش .

6

نىگاردىن خۇش خەۋەر ئاڭلاپ ، بولۇپ ئەلچى سابا كەلدى ،
يۈرەك شادلىقتا پۇركەندى . ئەجەب ياڭراق ناۋا كەلدى .

كۈتۈپ بولغان ئىدى كۆز تۆت ، قولاق ھەم كىرمىگەن يولدىن
ئۇچۇر تىڭشاپ ، چۆكۈپ مۇڭغا ، زارىقتۇرغان سادا كەلدى .

نېمىشقا تولمايىن زوققا بىتاقەت ئەيلىگەن كەلسە ،
بىمار دىلغا شىپا بەرمەك ئۈچۈن غەمخان - داۋا كەلدى .

ئىشق چىرمايتۇ يادىڭنى دىبان ھەيرانۇ ھەس بولما ،
ساداقەت بابىدا يەكتا ، ساناشقا باب زىبا كەلدى .

قېنى سازەندە سازىڭدىن ۋىسالنىڭ كۈيلىرىن تۆككىن ،
بۈگۈن خۇش خۇيغا دىلداردىن ئەقدە - چىن ۋاپا كەلدى .

7

قاي زامان كۆردۈم جامالىڭنى يۈرەككە چۈشتى ئوت ،
تەلمۈرۈپ كۈتتۈم ۋىسالىڭنى ، يۈرەككە چۈشتى ئوت .

ئەيلىمەي تۇتۇرۇق مېنى ئىشقىڭدا گۈلخان ياندۇرۇپ ،
كەل يېنىمغا ئەي نىگار ، يارۇ يۆلەككە چۈشتى ئوت .

كۆيدۇرۇپ ھەم سۆيدۇرۇپ ، كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر ئۆزۈڭ ،
يوق شۇڭا مەيلىم ئەبەد سەندىن بۆلەككە ، چۈشتى ئوت .

بۇ مېنىڭ چىن - راست سۆزۈم ، شاھىت ئاڭا ئوتلۇق كۆزۈم ،
ئۆتمىگىن سىرداش بولۇپ ھەييار - كىمەككە ، چۈشتى ئوت .

تەزدۇرۇپ قىلما خاراب خۇش خۇينى سەن بۇ سۆيگۈدىن ،
يەتمىسۇن ئاھ - زارلىرى ئۆرلەپ پەلەككە ، چۈشتى ئوت .

## 8

ئەي جانان قىلدىڭ مېنى كۈرمىڭ ئازابقا مۇپتىلا ،
كۈنۈ تۈن بىمارىمەن تەشنايى ئابقا مۇپتىلا .

سۆيگۈنىڭ گۈلخانىدا كۆيدۈرمىگىن ، جانان دېسەم ،
دەيسىنا باش ئىرغىتىپ : سەن بولما لايقا مۇپتىلا .

پۈتمىسەڭ لەۋزىمگە يار ، كۆرگىن يۈرەكنى پارچىلاپ ،
شۇندىلا قەلبىڭ ئىگە بولغاي جاۋابقا ، مۇپتىلا .

بىر سېنى ياد ئەيلىمەكتىن ئۆزگە ئايەت يوق ماڭا ،
سەجدە قىلسام سەن ئۈچۈن لايىق تاۋاپقا ، مۇپتىلا .

قالدى خۇش خۇي دەرد - ئەلەمگە ، يۈرمىگىن ئۈنداق بىغەم ،
كەل ، ۋىسال ئەيىامى كۈلسۇن ، بول ساۋابقا مۇپتىلا .

## 9

بارار بولدۇم ۋىسالدىن تاڭ - ئۈپۈق ئىزلەپ ،
بىمار دىلغا شىپالىق سۆز - نۇتۇق ئىزلەپ .

قوبۇل كۆرسەڭ مۇرادىمنى ، كۆتۈرگىن قول ،
مۇھەببەتنىڭ قۇياشىغا ئۇتۇق ئىزلەپ .

ئەگەر سۆيمەك ئۈچۈن جانان كېلەر بولساڭ ،
ياپاي زىلۋا بويۇڭغا زىر يوپۇق ، ئىزلەپ .

ساڭا كۆيدۈم ، سېنى سۆيدۈم ، خۇمار كۆزلۈك ،
قەلەمقاشلىق ، ھەسەل سۆزلۈك ئوچۇق ئىزلەپ .

ئىشەن ، خۇش خۇي سۆزى زىنھار ئەمەس ساختا ،
ئەقدە باغىدىن يۇرمە يوچۇق ئىزلەپ .

10

ۋەدىلەشكەن جايدا ساقلاپ ئايغا قالدىم بىر كېچە ،
ئۆرتىدى ئىشقىڭ ئوتى ۋاي - ۋايغا قالدىم بىر كېچە .

يول ئېلىپ چىقسام سەپەرگە مەن سېنى ئىزلەپ ئۇ كۈن ،
يېتىلەپ ھىجران گويا «تاي - تاي» غا قالدىم بىر كېچە .

باغ ئىرەم سەيلىسىدە يالغۇز ئۆزۈم دىۋانىدەك ،
ئېيتقىلى ھېچ ناخشا يوق «ناي - ناي» غا قالدىم بىر كېچە .

دىلبىرىم كەلمەكچى دەپ ئېيتقان ئىدىم دوستلارغا سۆز ،
كەلمىدىڭ ئەل ئالدىدا «ھاي - ھاي» غا قالدىم بىر كېچە .

ۋەدە بەرسەڭ قايتا - قايتا ئالدىنىپ ، ئەخمەق بولۇپ ،
سۆيگۈنىڭ سەھراسىدا غىڭ سايغا قالدىم بىر كېچە .

ئىبراھىم نىياز

# ئېھ ، ئوغلۇمنىڭ ئوماق يۇلتۇزى

## تەبىئەت ھەر تاڭدا يازار بىر شېئىر

تەبىئەت ھەر تاڭدا يازار بىر شېئىر ،
ئۇنتۇيمەن ئۆزۈمنى ئاشۇ دەم بىر پەس .
باغرىمغا ئاققاندا بىر دەريا مېھىر ،
ئاجايىپ تۇيغۇدا ئالىمەن نەپەس .

تەبىئەت سەن ماڭا ئەبەدىي ئانا ،
سېنىڭسىز مەن قانداق بولىمەن ئوغلان .
ئۆزۈڭ كۆي ، ئۆزۈڭ چوغ ، ئۆزۈڭ بىر دانا ،
جاھاندا بىر ئۆلمەس سۆيگۈ ياراتقان .

تەبىئەت سەن مېنى ياراتقان ئانا ،
ياشىدىم بىر ئۆمۈر مەن سېنى پۇراپ .
ئۆزۈڭگە مېنىمۇ بىر پەرزەنت سانا ،
تۇرىمەن مەن سېنى مەڭگۈ قۇچاقلاپ .

## يېڭى سورەتكە ئىزاھات

1

ئۇ
تۇرۇپ قالدى ھەۋەس ئىچىدە ،
كىتابپۇرۇش ئالدىغا كېلىپ .
ئالماقچىدەك ياخشى بىر كىتاب .
بىراق
چىدىماستىن ئىككى تەڭگىگە ،
يۈرۈپ كەتتى جەننەتنى تاشلاپ .

2

ئۇ بىر بوتكىنىڭ ئالدىدا توختاپ ،
سېتىۋالدى ئىككىلەنمەستىن
ئالىي سورتلۇق بىر قاپ تاماكا .
ئاندىن يەنە بىر كۈيگە غىڭشىپ ،
يۈرۈپ كەتتى چىقارغانچە ئىس ،

www.uyghurkitap.com

تەن ـ تېنىگە تارىدى دوزاخ
ياش ئۆمرىگە قىلىپ ئاتاكا .

## سىر

ئۆزۈمگە قارايمەن سىرلار ئاختۇرۇپ ،
بىر كەسكىن ئىزاھات بېرەلمەيمەن ھەم .
ئەجدادىنىڭ ئەجدادى ئەمەسمەن ئەسلا ،
بالامغا ئوخشايدۇ مېنىڭ ھۆجەيرەم .

دادامنىڭ ئىسمى بار ، ئىسمىم قېشىدا ،
ئوغلۇمنىڭ ئىسمىغا ئۇلانغان ئىسمىم .
قەيەردە قالغاندۇ ئانامنىڭ ئىسمى ؟
بىلمەيمەن ، ئەزەلدىن بۇمۇ بىر تىلسىم .

قۇياشنى ئانامغا ، ئاينى ئاتامغا
ئېيپ بەرسەم ماقۇللۇق بېرەرمۇ ئاسمان ؟
يېزىلغان سەترىلەر قەبرەم تېشىغا
چۈشكە كىرەرمۇ بوۋامنىڭ پىنھان ؟

## ئېھ ، ئوغلۇمنىڭ ئوماق يۇلتۇزى

ئېھ بالامنىڭ ئوماق يۇلتۇزى ،
بولۇپ قالدىڭ نېمىشقا يالغۇز ؟
سېنى دەپ
ئاتاپ قويدۇم يۈرىكىمنىمۇ .
ئىشەنمەسسەن ئېھتىمال ماڭا
ئىشەنمىسەڭ ، بىلسەم ناۋادا
قەسەم بېرەي ، دەسسەپ تۇرۇپ تۇز .
ئۇمىدىمنى بېغىشلاي ساڭا
ئەسىرلەرنىڭ تىلسىمنى بۇز .
شۇندىلا ،
چاقنىشىڭدىن تونۇپ ئالىمەن ،
ئاھ ، ئوغلۇمنىڭ يۇلتۇزى بۇ ، دەپ
چوغدەك يېنىپ تۇرغان جېنىمنى
ئىككى قوللاپ ساڭا بېرىمەن .
ئېھ ، ئوغلۇمنىڭ تەنھا يۇلتۇزى
تونۇماسسەن مېنى ئېھتىمال
مەن ئاشۇنداق مەردنىڭ خىلىمەن ،
.........
ئېھ ، ئوغلۇمنىڭ ئوماق يۇلتۇزى ،
بولۇپ قالدىڭ نېمىشقا يالغۇز ؟
دۇئا قىلاي بەختىڭگە سېنىڭ ،
ئىشەنمىسەڭ ، دەسسەپ بېرەي تۇز .

## يۈرىكىمگە ئۇلانغان يوللار

تال ـ تال نۇرنى يۇدۇپ چۈشكەن كۆي ،
قانلىرىمدىن تىرىلگەن قۇرلار .
مەن ئۆزۈمگە ئوخشىغان ئەمەس ،
تۆرەلمەستە باغرىمدا ئۇلار .
تېپىۋالدىم يۈرىكىمنى مەن ،
تېپىۋالدى مېنىمۇ ئۇلار .
شېئىرلىرىم كۆيگەن يېلىنجاپ
يۈرىكىمگە ئۇلانغان يوللار .

## سۆيۈش قىسسىسى

1

بولدى ئەمدى ئۆتكەن ئىشنى كۆڭۈلگە سالما ،
ئەسلىمىلەر سالغان ئوتتا چەكمەيلى ھەسرەت .
ئۇنتۇش ئۈچۈن لەۋ ياقىقاننىڭ سىرلىرى نەدە ؟
ساقلاپ قالار بۇ قىسسىنى يۈرەكلەر ئەبەت .
ئادىم ئاتام كۆيگەن ئوت بۇ ، مېنى كۆيدۈرگەن ،
ئەمدى بىر رەت سۆيۈشۈمگە بەرگىن ئىجازەت .

**2**

سىرلىرىنى يېشەلمەيدۇ تۇنجى سۆيگۈنىڭ ،
ئادىملەرنى ئەللەي ئەتكەن سىرلىق تەبىئەت .
كۆزلىرىڭدىن شادلىق يېشى تۆكۈپ ئەي ، قىزچاق ،
بەرگەنىدىڭ بىر چاغ ماڭا ، سۆيۈشكە تىلخەت .
سۆيەلمىدىم ، سۆيەلمىدىڭ زارىقىپ كەتتۇق ،
ئەمدى بىر رەت سۆيۈشۈمگە بەرگىن ئىجازەت .

**3**

سۆلمايدۇ پاك - چىن سۆيگۈنىڭ گۈلى ھېچقاچان ،
ئىككىمىزنىڭ تارىخىدا بۇ بىر ھەقىقەت .
سەن ئاسماندا ، مەن زىنداندا بولساقمۇ ئەگەر ،
پاكلىقنى يوقاتمايدۇ مەڭگۈ مۇھەببەت .
ئۇنتۇپ قالاي غەملىرىمنى بىراقلا ، ئەي ، قىز !
ئەمدى بىر رەت سۆيۈشۈمگە بەرگىن ئىجازەت .

**4**

ئىشەنمەيمەن ئوت كۆيمەيدۇ يۈرەكتە ، دېسە ،
ئۆچۈرۈشكە بولمايدىكەن بۇ ئوتنى پەقەت .
«سوغۇق سۇمۇ كۆيدۈرىدۇ» ناگان - ناگاندا ،
بۇمۇ بىر چاغ ئۆزۈڭ بەرگەن غايىۋى لەززەت .
ئۇ ناخشىلار ئىككىمىزنىڭ كەلمەيدۇ قايتىپ ،
شۇڭا بىر رەت سۆيۈشۈمگە بەرگىن ئىجازەت .

**5**

جۇدالىقنى بەخش ئەتتى بىزگە زادى كىم ؟
ھوشسىزلىناي ، قۇچاق ئېچىپ كەلگىنە بۇ پەيت .
تەقدىر دېگەن تىلسىملارغا بايدۇر ئاشۇنداق ،
بۇگۈنكىسى ئىككىمىزگە ئۆمۈرلۈك ئامەت .
چاڭقاق لەۋلەر ئېرىپ كەتسۇن چوغنىڭ تەپتىدىن ،
ئەمدى بىر رەت سۆيۈشۈمگە بەرگىن ئىجازەت !

كېرىمجان سۇلايمان

# ئانا سەھرا ، مۇھەببەت ۋە مەن

**1**

چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن مۇزا ،
ئويغۇمىدىمۇ بىر كۆرگەن ئەمەس .
تالاشمىغىن مەن بىلەن ئۇكا ،
قەلىمىمنى ئۇ بەرگەن ئەمەس .

بالىلىقىم سەھرادا ئۆتكەن
پەرىلەرنى كۆرۈپ تالاي رەت .
شۇ چاغ سەبىي قەلبىمگە پۈتكەن ،
كۈي كۈيلەشنى ئانا تەبىئەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولالمىدىم بۈگۈن ۋە لېكىن ،
سەھرايىمنىڭ كۆيچى بالىسى .
غېرىبسىنىپ قالغىلى نەۋاخ ،
مېنى كۈتۈپ گۈلگۈن دالىسى .

مەنچۇ ؟ ھازىر بىغەم ، بىپەرۋا ،
نىگاھلارغا يۈرىمەن چۆكۈپ .
قارىچۇقلاردا يالغۇز بىر سەييار ،
كىرپىكلەرگە زىبەنىنى تۆكۈپ .

شۇڭا مېنى شائىر دېمىگىن ،
شائىر بولۇش ئوڭاي گەپ ئەمەس .
ھۇزۇرۇڭدىن چىققاندىن كېيىن ،
شائىرمىش دەپ كۈلمە بىر قەپەس .

2

سۇمۇرگۇم بار سەھەردە تۇرۇپ ،
بۇلاقلارنىڭ مۇزدەك سۈيىنى .
ئاڭلىغۇم بار ئورمانلاردا ھەم
جىگدىچىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىنى .

ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان تۇقاي ،
خىيالىمدا يېشىل سەن ھامان .
جىگدىلەرگە قونغان يېڭى ئاي
ئەس - ھوشۇمنى ساقلىغىن ئامان .

3

سەھرا ، سەھرا مېنىڭ دىلكەشىم ،
بەردىڭ ماڭا ئوتلۇق بىر يۈرەك .
چېچەكلەيدۇ سەندە ھەر سېزىم
شېئىر بولۇپ پورەك ۋە پورەك .

دىلخانەمدە غېرىبلىق كۆيەر
بوسۇغاڭغا كەلگەنچە يېقىن .
ئانام كەبى ئېسىمگە چۈشەر
ئايىغىمدا ئۇنتۇلغان زېمىن .

سۆزلىدىڭمۇ ئاخىر سىرىڭنى ،
تويا كەچسەم مەن يالاڭ ئاياق .
سۇمۇرىمەن تونۇش ھىدىڭنى ،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق .

4

قۇياش قىزىل پورەكلىگەن پەيت
گۈزەل شۇنچە سەھرا ئۇپۇقى .
قايتىپ كېلەر بۇتناپ كەتكەن بەخت
جىلۋە قىلسا ئىلھامنىڭ تۇغى .

يىراقلاردا كۆيگەن تاغ گويا
ئالتۇن سۆيگۈ ، ئالتۇن مۇھەببەت .
شەلپەر كەبى قىزارغان دەريا ،
چوغ رەڭگىنى يوقاتماس ئەبەت .

چۈش سەتەمدەك گۈزەل بىر ماكان ،
چەكسىز - چەتسىز ياتقان كەڭ دالا .
قويلىرىنى ھەيدەپ شادىمان ،
ئۆزاپ كېتەر پادىچى بالا .

قىياقلاردا تۇنگەن شەبنەم ،
زۇمرەت كەبى چاقنايدۇ سەردان .
ئوخشاپ تىللا تەڭگىلەرگە ھەم ،
ياپراقلاردىن ئۇن كېلەر لەرزان .

گۈلباغلارنى چۆمكىگەن شەپەق
يېلىنجىغان يالقۇن بەئەينى .
ئۇنتۇپ قالغان شاخلاردا بەرھەق
ياغلىقنى قايسىبىر پەرى .

قۇياش قىزىل پورەكلىگەندە
ئۇپۇقتىكى بولۇپ ئاتەش خال .
بار گۈزەللىك سەھرا دېگەندە
تاڭ بەرگىدىن تۆكۈلگەن تال - تال .

5

قەلبىم ئىدى ئارمانسىز دۇنيا ،
ئازاب نېمە ، بىلمەيتتىم ، خالاس .
بەخت تۇگۇل شادلىقنى ھەتتا
بۇلاپ كەتتى رەھىمسىز ۋىناس .

نىگاھىڭغا تىكىلسەم بىراق ،
ئىلاھ بولغۇم كېلەر بىر نۆۋەت .
كەل ، ياشايلى مۇڭلاردىن يىراق ،
بولسىمۇ بۇ بىردەملىك پەقەت .

سۆي ئەسەبىي ، سۆيۈۋەر ئۇنلۇك ،
كۆرگەنمىدىڭ مېنىڭدەك مەستنى ؟
يامغۇر ياغسا دەپتىمەن كۆنلۈك ،
بولۇق ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسنى .

قەدىمىي جاڭگالنىڭ بالىسى بولۇپ
ئىسقىرتىپ ئۆسكىنىم يادىچى كۈيى .
ھەتتەك ، ئەمدى كىم سالغاندۇ قولۇپ ،
ئىشىك ئاچماس ئۇ بالىلىق ئۆيى ؟!

## 6

چۆچەكلەر دۇنياسىغا كىردىمۇ باشلاپ
تۇسۇن تايلاردەك بالىلىق ھەۋەس .
سەبىي ھېسلاردا قانىماي باغاشلاپ ،
ئانا تۇپراق بىلەن ئالدىم بىر نەپەس .
چاپتىم دالالارغا سۆرەپ سەھەرنى ،
ياتىدۇ ئۇ يەردە قەھرىمان بوۋام .
تىڭشاپ سۇكۇتتە مۇقەددەس يەرنى ،
قىزىل يۇلغۇنلارغا بەردىم مەن سالام .
داۋاشتىم بارخانلارغا يېرىم يالىڭاچ ،
ئاپئاپتا تېنىمنى مىس كەبى تاۋلاپ .
قېلىشماي كەينىدىن چاپتىم تەشنا ، ئاچ ،
ئۆتۈشسە ئالدىمدىن توشقانلار تاقلاپ .
قۇمساڭغۇ ساھىلدا ئاسمانغا بېقىپ ،
بۇلۇتلارنى قىيىپ ياسىدىم قورچاق .
سۈكرە خىياللاردا ماموق پەر قېقىپ ،
قۇياشقا ئېسىپمۇ يۈردۈم كۆز مۇنچاق .
بۆك ئورمانلارنى كېزىپ يۈردۈم ھەم
ئانا تەبىئەتتىن ئالماق بولۇپ سىر .
ئاھ ، قوندى تۇقاچتەك مەڭزىمگە شەبنەم ،
ئۆگەنگەندە قۇشلار كۆزىدىن مېھىر .

## 7

تاڭلا ياشلىقنىڭ بوسۇغىسىدا
تۇيغۇلار كۆزىدىن تۇغۇلدۇم ھەيھات .
ئاقار يۇلتۇزلارغا دېدىم ئەلۋىدا ،
مەڭگۈلۈك چاقناشنى بەرگەندە ھايات .
شۆھرەت كاۋىكىدا تۇتمىدىم ۋەتەن ،
قەلەمگە مىنگىشىپ قوغلاشقانچە شان .
ناخشامدا خىزىردەك ئۇلۇغلۇق بىلەن
ھارغىن دەريالارنى ئەيلىدىم راۋان .
باستىم نۇرلار ئىزلەپ يىللارغا مۇ[illegible] .
قورام تاشلاردا ھېسسىمنى بىلەپ .
بەردىم كۆيلىرىمدە دوستلىرىمغا تۆر ،
ئۇلارغا ھەر جايدا ئېسەنلىك تىلەپ .
سۆيۈشنى ئۆزۈمگە ئەيلىدىم مىزان ،
سۆيۈلۈش تەمەسىدە بولمىدىم زىنھار .
كۆمسىمۇ سوئالغا قايسىبىر ئىنسان ،
ئەيتاۋۇر ، دىلىمدىن كەتمىدى باھار .
خەيرىيەت ، يار بولسۇن ئاڭا ئېزىزجان ،
يۈيۈپمۇ قالغۇسى قەلبىنى يامغۇر .
بىراق ئۇ بولمىغاي زىنھار سېغىزخان ،
مەرد بولسا مەيدانغا چىللايدۇ غۇرۇر .

**تۇرسۇن نىياز**

# رۇبائىيلار

## 1

ئەجداد بىر ، ئەۋلاد بىر ، قىسمەت ئوخشىماس ،
قىسمەتتىن قونغان قۇش ـ نۇسرەت ئوخشىماس .
نە سەۋەب ؟ دېدىممەن بەخت قۇشىغا ،
دېدى ئۇ : پاراسەت ، غەيرەت ئوخشىماس .

## 2

ئەجدادلار قامۇسى بىباھا قىممەت ،
بىراق ئۇ ، ئەۋلادقا بېرەلمەس شۆھرەت .
بىز بۈگۈن ئۇلارنى ياتساق سايداپ ،
ئۆلگەنلەر روھىدىن ياغماسمۇ نەپرەت ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3

ئادەم بىز ، گۇۋاھدۇر تىل ۋە ئەقلىمىز ،
شۇ سەۋەب بازاردا يوقتۇر نەرقىمىز .
بىراق قىل ئۇستىدە قىلىمىز جاڭجال ؛
ئەمدى دەڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقىمىز ؟

4

چىرايلىق سۆزلەشكە قىلما كۆپ ھەۋەس ،
گەپ قىسقا ، پىكرىڭ ئېھ بولسا يېتەر ، بەس .

كۆرمىدىم قۇشقاچنىڭ ئالدىدا تېخى
بۇلبۇلنىڭ ئاز سايراپ بولغىنىنى خەس .

5

ئەجدادلار ئەجرىنى دېسەك بىر پىلەك ،
ئەۋلادلار ئۇلاردىن تۇغۇلغان خەمەك .
ئەجىرسىز پىلەك يوق ، چېچەكسىز خەمەك ،
ۋە لېكىن چېچەك بار مېۋىسى پوچەك .

6

«مەن» دېيسەن ھەمىشە ، تىلىڭدا «سەن» يوق ،
ئۆزگىلەر نە كويدا ، دىلىڭدا غەم يوق .
تەييارغا ھەييارلار بى پەرق ئوغرىدىن ،
ۋەلېكىن ئوغرى دەپ يۈزۈڭدە ئەن يوق .

7

دىيانەت ـ پاكلىقتىن ئېچىلغاندا گەپ ،
ئۆزىنى دالدىغا ئالار شۇئان نەپ .
سەن مېنى ، مەن سېنى كولىغان چاغدا ،
چىقار ئۇ : مەن سېنى نەدە كۆرگەن دەپ .

ئەيبۇ ياقۇپ

## ئىككى شېئىر

### ئىلتىجا

دەڭسەپ ـ دەڭسەپ تاشلايمەن قەدەم ،
كۆلمە دوستۇم ، كۆلمە بۇرادەر .
يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ يىقىلسام بۇدەم ،
سەن يۆلەيسەن ، باشقىلار كۈلەر .

ئاھ ، گىرىمسەن يوللار نەقەدەر ،
تۇتۇق ـ تۇتۇق كېتىدۇ يىراق .
قېنى دوستۇم ، بېرىپ مەدەتلەر
يوللىرىمغا ياندۇرغىن چىراق .

### كېچىكىش

باھارمىكىن دەپ ،
ئايازمىكىن دەپ ،
نەچچە زامان كۆزەتتىم چەتتە ،
تومۇزمىكىن دەپ ،
ۋە قىشمىكىن دەپ ،
تۇرغان سائەتتە
رومىلىڭنى قايرىدىڭ دىلبەر ،
كەتتى ئۇتۇپ ھەممە سۈرەتلەر ... ،



گۈلبوستان ئابدۇقادىر

# فەرۇزە

( پوۋېست )

ئۇنىڭ كۆزى ھەدەپ ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى ، پات - پات بېشىنى سىلكىپ قويسىمۇ بولالماي قالدى . بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چىققاندا ئۇ مۇئەللىمدىن رۇخسەت سوراپ ، ياتاققا چىقىپ كەتتى .

كارىدوردا كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك كۈلكە ئاۋازىدىن ئويغىنىپ سائەتكە قارىۋىدى ، دەل ئون ئىككى بوپتۇ ، ئۇ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ ياتاقداشلىرىمۇ كىرىپ كەلدى .

— ماۋۇ بىر نېمە كېچىچە ئۇخلىمىغان ئوخشىمامدۇ ، كېچىسى ئويناپ ، كۈندۈزى دەرسكە قاتناشماي ئۇخلىسىمۇ بولغۇدەك ، — دېدى ئايزىم ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭ چىملىدىقىنى قوپال قايرىپ .

— ئاستىراق سۆزلىگىنە ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئويغىتىۋەتمەي ، مىجەزى يوق ياتقاندۇ ، — دېدى خاسىيەت پەس ئاۋازدا .

— كىم بىلىدۇ ، كېچىسى نەلەردە يۈرۈپ نېمە ئىش قىلغىنىنى ...

فەرۇزەنىڭ جان - پىنى چىقىپ كەتتى :

— ئاغزىڭنى يۇمۇپ تامىقىڭغا ماڭە — دېدى ئۇ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ .

ئايزىم ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ، ئويلىمايلا گەپ قىلىپ سالغىنىغا سەل خىجىل بولغاندەك قىلسىمۇ ، يەنە تەن ئالماستىن ، قاچىسىنى كۆتۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر غۇدىرىغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى .

فەرۇزە ئورنىدىن تۇرۇپ ، تېز سىزما مەشىق دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقتى . قېلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ پۇتلىرى ، ماشىنا ئەينىكىدىن

www.uyghurkitap.com



سىرتقا قاراپ يانتۇ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ قىياپىتى، تېلېفون بوتكىسى ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ مۈرە - قوللىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئېمىشقىكىن بۈگۈن ئۇنىڭ توختىماي رەسىم سىزغۇسىلا كېلەتتى. خىيالىغا كەلگەن كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ سىزىپ باقاتتى..

* * *

شۇ تاپتا ئۇ «ياتاقتا ياتماي، سىرتتا كۆپ قونۇپ قېلىش» گۇناھى بىلەن سىنىپ مەسئۇلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ئادەم ئۆزى ھېچبىر گۇناھ قىلمىسىمۇ بىراۋنىڭ ئالدىدا گۇناھكار سۈپىتىدە ئولتۇرغاندا تەبىئىي ھالدا بېشى چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ بېشىنى ھېلىدىن - ھېلىغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويسىمۇ، يەنە بارا - بارا پەسلەپ، كۆزلىرى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىكى بىر نۇقتىلارغا تىكىلىپ قېلىۋاتاتتى.

— سىزدىن ئۈمىدىم زور فەرۇزە، يېقىندا شەھەر بويىچە ئېچىلغان رەسىم كۆرگەزمىسىدە بىر پارچە ماي بوياق رەسىمىڭىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنىنى ئاڭلاپ بەك سۆيۈندۈم. بىراق مەن كۆرگەزمىگە بارالماي قاپتىمەن، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ژۇرناللارغا بېسىلغان بىرقانچە پارچە ئەسەرلىرىڭىزنى كۆرۈپ سىزدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتنى ھېس قىلغانىدىم. تالانت بىلەن ئەخلاق بىرلەشسە، ئادەمگە يېڭىلمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە سىزنى ئەخلاقلىق، ئۆزىگە تەلەپچان قىز دەپ ئىشىنىمەن. لېكىن سىز توغرۇلۇق ئىنكاسلار ئانچە ياخشى بولمايۋاتىدۇ. ياتاقتا كۆپ ياتمايدىكەنسىز.

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

— رەھمەت مۇئەللىم، ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن زور مەدەت، دەرۋەقە مەن شۇ كەمگىچە سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويىدىغان ئىشلارنى قىلىپ باقمىدىم. ياتاقتا پەقەت ئىككى قېتىملا ياتمىغىنىم ئېسىمدە، بىرىنچى قېتىم سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى كامال مۇئەللىمنىڭكىدە تۈركىيىلىك ئىككى رەسسام بىلەن پاراڭلىشىپ، كەچ قېلىپ قايتىپ كېلەلمىدىم؛ ئىككىنچى قېتىم شەھەرلىك دارىلمۇئەللىمىندىكى ئۆمەر مۇئەللىمنىڭكىدە قونۇپ قالدىم — دېدى ئۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ماڭا تونۇشلۇق ئۇستا رەسساملار، كەسىپ ئۈچۈن ھەرقانداق ئەھۋالدا توغرا يول تاللاپ ماڭسىڭىزلا مەن سىزنى قوللايمەن.

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىدە دەسلەپ ئەكس ئەتكەن گۇماننىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، فەرۇزە ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇ يات - يات مۇئەللىم بىلەن كەسىپ توغرۇلۇق پىكىرلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار بارا - بارا يېقىن ئىككى دوست پاراڭلىشىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك كەيپىياتقا چۆمۈلۈپ كەتتى...

ئۇ مۇئەللىمنىڭ يېنىدىن چىقىپ ياتاققا خۇشال كىرىپ كەلدى. مۇئەللىمنىڭ ئۇنى چىل قىرتقىنىدىن ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەۋەردار، يەنە كېلىپ ئۇ توغرۇلۇق مۇئەللىمگە پىكىر بەرگەنلەر مۇئەللىم بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت تېمىسىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ھەممىسىنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى. ئۇ كارىۋىتىدا ئۆزىگە سوئال نەزەرىدە تەقەززالىق بىلەن قاراپ ئولتۇرغان دىلنۇرغا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە:

— جۇرە ئاداش، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى، — دېدى.

ئايزىم بىلەن مەستۇرە چۈشىنىكسىز بىر تەرىزدە بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى .

## 1

سائەتكە قاراپ چۆچۈپ كەتكەن فەرۇزە ئالدىراش كىيىنىشكە باشلىدى .

— نېمانچە تېپىرلاپلا كەتتىڭ ، ئەتىگەندىلا نەگە؟ — دېدى دىلنۇر ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ .

— غەيرەت بىلەن شەھەر سىرتىغا رەسىم سىزغىلى چىقماقچىدۇق . ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ . ئۇ ساقلاپ كەتتىمىكىن ، — دېدى ئۇ .

— سەنمۇ يەكشەنبە كۈنىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيسەن ، — دىلنۇر شۇنداق دېدى - دە ، ياستۇققا قايتىدىن باش قويدى .

فەرۇزە نەرسە - كېرەكلىرىنى تەقلەپ ياتاقتىن چىقتى . راست دېگەندەك ، غەيرەت بىنا ئالدىدا ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن ساقلاپ تۇراتتى .

— كەچۈرۈڭ غەيرەت ، يەكشەنبە بولغاچقا ۋاقچىراق ئۇخلاپ قاپتىمەن ، — دېدى ئۇ غەيرەتكە .

ئۇلار بارماقچى بولغان مەنزىرىلىك جايىنى غەيرەت ئۇزاقتىن بېرى ماختاپ يۈرگەچكىمىكىن ، فەرۇزە ئۇ يەرگە تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئۇلار ئاپتوبۇس بىلەن يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق يول ماڭدى . ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى .



ياپيېشىل چىمەنلىكلەر ، كاككۇك گۈلى ۋە مامكاپلار بىلەن قاپلانغان يانتۇ تۆپىلىكنىڭ باغرىدىكى باراقسان ئورمانلىقتا چاڭقىلداپ سايرىشىپ تۇرغان قۇشلار ، ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان سۈزۈك ، ئويناق ئېقىن كىشىنى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن

www.uyghurkitap.com



پادىشاھلارنىڭ چاھار بېغىغا كىرىپ قالغاندەك گۈزەل، تۈيغۇلارغا ئەسىر قىلاتتى .

فەرۇزە شۇ تاپتا قىن - قىنىغا پاتمايتتى . ئۇ ئاۋۋال سۆزلۈك سۇدا يۈزىنى يۇيۇۋېلىپ ، ئۆزىنى باغرىغا ئالغان ۋە پۈتۈن روھىي ئالەمىگە سىڭىپ كىرگەن بۇ سېھرىي دۇنيانى ئايلىنىشقا باشلىدى ...

ئورمانلىقنىڭ سىرتىدىكى كەڭرى دالىدا يالغۇزلا ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپ دەرەخ ۋە دەرەختە يېقىنلا يەردە پادا تۇپىدىن ئايرىلىپ ئوتلاۋاتقان بۇدرۇقىنە يالغۇز قوزا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى . دەرەخ تۈۋىدىكى ئۆسكىلەڭ ئوت - چۆپلەر مەيىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى .ئۇ شۇ مەنزىرىنى سىزماق بولۇپ تۇتۇندى ...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، رەسىم پۈتۈشكە ئاز قالغاندا ئارقا تەرەپتىن ئاڭلانغان ناتونۇش بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى :

— ئاينۇر ، ئاز قالدىمۇ ؟

فەرۇزە چۆچۈپ كەينىگە قارىدى .

— ۋۇي ، مەن تېخى سىزنى بىر ئوقۇغۇچۇمغا ئوخشىتىپ قاپتىمەن ، كەچۈرۈڭ .

— ھېچقىسى يوق ،— ئېگىز تۇرقىغا ياراشقان ، ئۇ يەر ، بۇ يېرىگە بوياق يۇقۇپ قالغان ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈرۈلگەن يەڭلىرى ، قولىدا كۆتۈرۈۋالغان سىزىش تاختىسى ۋە كۆپىنچە رەسساملار ئىشلىتىدىغان بېرىتنت سومكىسىدىن قاراپلا فەرۇزە بۇ كىشىنىڭمۇ رەسسام ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى .

— سىزغىنىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟— دېدى ئۇ كىشى فەرۇزەگە يېقىنلاپ كېلىپ .

— بولىدۇ ، لېكىن تېخى پۈتمىدى .

ئۇ كىشى بىردە رەسىمگە ، بىردە ئالدىدىكى ئۆرنەك مەنزىرىگە دىققەت بىلەن قارايتتى .

— رەڭ سېزىمىڭىز بەك يۇقىرىكەن ،— دېدى ئۇ رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ،— ئىشلەتكەن رەڭلىرىڭىز ساپ ھەم مول ، رەڭلەرنى دادىل ئىشلىتەلەيدىكەنسىز .

فەرۇزەنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى كۆپ تىلغا ئالاتتى .

— ئەكىلىڭ ، سىزنىڭكىنى كۆرۈپ باقاي ،— دېدى ئۇمۇ ھودۇقۇپ تۇرمايلا .

ئۇ كىشى فەرۇزەگە لاپ قىلىپ بىر قارىدى ۋە قولىدىكى سىزىش تاختىسىنى ئۇزاتتى .

ئۇيۇقتا تۇتاشقان تۆپىلىك ، تۆپىلىكتە كۈن پېتىش ئالدىدىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن يېگانە دەرەخ فەرۇزەنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى .

رەڭلىرى ئېغىر ۋە ھېسسىياتقا باي بۇ رەسىمدە كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر خىل كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . فەرۇزەنىڭ سىزغانلىرىنى ھەرقانچە ياخشى دېگەندىمۇ ، پىشقان سەنئەتكار ياراتقان بۇ ئەسەر ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى . ئاسانلىقچە بىر نەرسىنى ياقتۇرمايدىغان ، خاراكتېرى ئۈستۈن بۇ قىز شۇ تاپتا يېنىدىكى بۇ كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولۇپ قالدى . ئۇ رەسىم توغرىسىدا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، لېكىن شۇ تاپتا يېتىپ كەلگەن غەيرەت ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلدى :

— ۋۇي ، ئۆمەر مۇئەللىمكەنغۇ بۇ ؟ ياخشىمۇسىز مۇئەللىم !

— ھە ، غەيرەت ، ياخشىمۇ سەن ؟

— ئوقۇغۇچىلارنى مەشىققە ئېلىپ چىققان ئوخشىمامسىز ؟— دېدى غەيرەت يىراق - يىراقلارغا تارقىلىشىپ رەسىم سىزىۋاتقانلارغا قاراپ .

— ھەئە ، — دېدى ئۇ فەرۇزەگە بىر قارىۋېتىپ ، — بۇ قىزنى يىراقتىن بىر ئوقۇغۇچۇمغا ئوخشىتىپ قاپتىمەن ، تۇرقى ئوقۇغۇچىغا ئوخشىغان بىلەن بىزلەرگە ئۇستاز بولغۇدەك يېتىشكەن رەسسامكەن ئەمەسمۇ .

قىز خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى .

— نەدىكىنى ، بەك ئاشۇرۇۋېتىكىز ، ياخشى سىزالمايمەن ، — دېدى ئۇ .

— سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، — دېدى غەيرەت قىزغا قاراپ ، — بۇياق سىزگە مەن گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ، شەھەرلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر مۇئەللىم بولىدۇ .

فەرۇزە ئۇزاقتىن بېرى ئىسمىنى ئاڭلاپ ، ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزىنى كۆرەلمەي كېلىۋاتقان بۇ رەسسام بىلەن بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز قولىنى سۇنۇپ :

— سىز بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم ، — دېدى .

— بۇ قىز فەرۇزە ، — دېدى غەيرەت ئۆمەر مۇئەللىمگە ، — ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ . ئۆزى ناھايىتىمۇ تىرىشچان ، ئىرادىلىك ...

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا فەرۇزە :

— ئاخىرى ئۇنداق ئەمەستى ، — دەۋەتتى .

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۈچىلىسىلا كۈلۈپ تاشلىدى .

ئۇلار ئانچە ئۇزاق پاراڭلىشالمىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆمەر مۇئەللىمنىڭ سەممىي ۋە يۇمۇرىستىك خاراكتېرى فەرۇزەدە يېقىملىق تەسىرات قالدۇردى . ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ ئاكىسى ، ھەتتا ئۆزۈن يىللىق دوستىدەك ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلدى .

فەرۇزە كەچتە ياتاققا قايتىپ كەلگەندە ، بىرنەچچە قىز ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى . ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن تەڭلا قىزلار گېپىنى توختىتىشىۋالدى ۋە بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ كۈلۈشكە باشلىدى .

ئۇ كارىۋىتىغا بېرىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى . رەسىم سىزىش جەريانىدىكى ، يولدىكى قىزغىنلىقلىرى ئالللىقاياقلارغا يوقاپ ، قەلبىدە بىر خىل ئوسال كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى .

فەرۇزە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئالىي مەكتەپكە بارسام ، مۇئامىلىسى سىلىق ، مەدەنىيەتلىك قىزلار بىلەن بىر ياتاقتا ياتسام قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولار ، بۇ كۈن قاچانمۇ كېلەر ، دەپ كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى . ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزى ئارزۇ قىلغان ياتاقداشلارغا ئېرىشەلمىدى . مەكتەپكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سىنىپىدىكى قەيسەر ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەكلىپىنى قويدى . شۇ كۈنلەردە فەرۇزەنىڭ ياتاقدىشى ئايزىم قەيسەرگە كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى كىم بىلسۇن ، فەرۇزە قەيسەرنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ ، ئايزىم نېمىشقىكىن فەرۇزەگە ئاداۋەت ساقلاپ قالدى ، ھەدېسىلا فەرۇزەنى گەپتە چاقاتتى .

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ تىرىشچان ، چىرايلىق قىزغا قىزىقىدىغان يىگىتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئايزىمدىن باشقا قىزلارمۇ ئۇنىڭغا بۆلەكچە قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى ...

— نېمە خىيال قىلىۋاتىسەن ؟

سىرتتىن كىرىپ كەلگەن دىلنۇرنىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى .

— ھېچنېمە .

— بۈگۈنكى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنە ، ئۇ يەر چىرايلىقمىكەن ؟ — دىلنۇر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى .

فەرۇزە بۇلاقتەك كۆزلىرى كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ قىزنىڭ ئوچۇق ، تۈز خاراكتېرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى .

— بولدى قىلە دىلنۇر ، — دېدى ئايىزىم گەپكە قوشۇق سېلىپ ، — بىزنىڭ رەسىملىرىمىزمۇ ئۇنىڭكىدەك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ، ئىلھامىمىز تېخىمۇ قوزغالغاندا ، ئاكتىپلىقنى ، تىرىشچانلىقنى ئۆگىنىۋالساقلا ، ئۇنداق گۈزەل يەرلەرگە بىزمۇ كۆپ بارىمىز .

دىلنۇر ئۇلارغا چۈشەنمىگەن تەرىزدە قاراپ قويدى .

— بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن ئاداش ، سېنى كۆرگەن يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتكەندۇ ھەقىچان ، — دىلنۇر سۆزلەۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە زوق بىلەن قاراپ كەتتى .

— ئانچىلىكمۇ ئەمەس ، رەھمەت ساڭا ، — دېدى فەرۇزە .

ئۇ بۈگۈنكى ئىشلارنى ، ئۆمەر مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىنى دىلنۇرغا سۆزلەپ بەردى .

## 2

شۇنداق ، فەرۇزە ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئۇستا رەسسام ئۆمەر بىلەن تونۇشۇۋالدى . بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خۇشاللىق ، لېكىن شۇ قېتىمقى پاراڭلارغا ، كەسىپ ئۈستىدىكى ھېكمەتلەرگە قانمىغانىدى . پۇرسەت تېپىپ ئۆمەر بىلەن قايتا ئۇچرىشىشنى ، كۆڭۈلدىكىدەك پىكىرلىشىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۆزۈم يالغۇز ئىزلەپ بارسام قانداق بولار؟ ھەي ، يەنىلا شۇ غەيرەت بىلەن بارغىنىم تۈزۈكمىكىن ؟ ئۇ شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن غەيرەتنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ۋاقىتنى كېلىشىۋالدى .

چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ، چاققانغىنا ياسالغان ، پاكىز ، ئىللىق ئۆي ، ئۆمەر ئۆزىنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئىللىقراق خۇش مۇئامىلىسى بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالدى . مېھمانخانا ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆي ئۆمەرنىڭ خىزمەت ئۆيى بولۇپ ، ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي رەسىم ، رەسىم سىزىشقا ئائىت نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . فەرۇزەنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى بۇ ئۆينى كۆرۈپ چىقىش بولدى . ئۇ ئۆمەرنىڭ ھەر خىل كۆرگەزمىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نادىر ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى ناھايىتى قىزىقىپ كۆردى . ياغاچ رامكىلار ئىچىدە يەنە بىرقانچە پارچە يېڭىدىن سىزىلغان ۋە سىزىپ تۈگىتەلمىگەن رەسىملەر تۇراتتى . ئۇنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى بۇلۇڭدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىرقانچە خاتىرە دەپتەردىكى تېز سىزمىلار بولدى . ۋاي - ۋۇي ، بۇنچە كۆپ تېز سىزمىلارنى نەلەردە يۈرۈپ سىزغاندۇ ؟ ئۇ ھەيران قالدى ھەم بۇ تىرىشچان ، ئىستېداتلىق رەسسامغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى . ئۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ھارغىنلىق ، پېشانە ۋە كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىدىكى يېشىغا پەقەتلا ماس كەلمىگەن سىزىقلارنىڭ سىرىنى بىلگەندەك ، جاپاكەش تالانت ئىگىسىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشەنگەندەك بولدى .

— بىر مىنۇتمۇ بىكار ياشىماپسىز ، ئۆمەر ئاكا ، مەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ ئاشخانىدا چاي دەملەۋاتقان ئۆمەرگە .

— ماختاۋەرمەڭ ، ھېلى بىكار ئۇچۇپ كېتىمەن ، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ .

فەرۇزە بۇ مىنۇتلاردا مۇشۇنداق بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىدىن ئۆزىنى ئاجايىپ بەختلىك ھېس قىلىۋاتاتتى .

— ئەكىلىڭ ئۆمەر ئاكا ، چاينى مەن دەملەي ، — دېدى ئۇ ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ .

— ياق ، ئۆزۈم دەملەيمەن ، سىلەر دېگەن مېھمانغۇ؟

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆمەر ئۇلارغا ئائىلە ئالبومىنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۆزى يەنە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

ئالبومنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ يېنىدا 5 — 6 ياشلار چامىسىدىكى ئوماق ئوغۇل بالىنى تۇتۇپ تۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ سۈرىتى فەرۇزەنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئالبومنىڭ ھەممىلا بېتىدە بۇ ئايالنىڭ رەسىمى بار بولۇپ ، فەرۇزە ئۇنىڭ تۇرقىدىن تازىمۇ بىر تەكەببۇر ئايال بولسا كېرەك دەپ يەكۈن چىقاردى . ئۇ غەيرەتتىن «ئۆمەر ئاكامنىڭ ئايالى مۇشۇمۇ؟» دەپ سوراپمۇ ئولتۇرمىدى . شۈبھىسىزكى ، مۇشۇ گۈزەل ، شەھلا كۆز ئايال — ئۇنىڭ ئايالى .

فەرۇزە ئالبومنى بىر يانغا قويۇپ يېنىدا گويا ھېچكىم يوقتەك ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭدا ئۆزىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان غەلىتە بىر سەزگۈ پەيدا بولۇۋاتاتتى .

بىر چاغدا ئۆمەر پەتنۇس كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە :

— ئايالىم سىلەر كېلىشتىن ئاۋۋال بىر دوستىنىڭكىگە كېتىپ قالغان ، بەلكىم كەچرەك قايتىپ قالار ، ئۇ كەلگۈچىلىك مۇنۇ مەن قورىغان سەيلەر بىلەن مېھمان بولۇپ تۇرايلى ، — دېدى .

— ئاۋارە بوپسىز ئۆمەر ئاكا ، ئەسلىدە مەن قورسام بوپتىكەن ، — دېدى فەرۇزە تۈزۈت قىلىپ .

ئۇلار — چوڭ - كىچىك ئۈچ رەسسام شۇ كۈنى قانغۇدەك پاراڭلاشتى ، ئۆمەرنىڭ جەمئىيەت ، كەسىپ ئۈستىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئادەمنى قايىل قىلاتتى ۋە چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قوياتتى . فەرۇزە تۇرمۇشنى ئۆزىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ كۆزەتكەن ، جەمئىيەتنى چۈشەنگەن بۇ ئىككى رەسسامنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆمەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزى نەچچە ۋاقتتىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپتى .

خېلى كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، ئۆمەرنىڭ ئايالى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى . فەرۇزەنىڭ بۇ ئۆيدە يەنە ئولتۇرغۇسى ، ئۆمەر بىلەن يەنىمۇ كۆپرەك تېمىلار ئۈستىدە پاراڭلاشقۇسى بولسىمۇ ، نېمىشقىكىن غەيرەتكە «كېتەيلى» دەپ تۇرۇۋالدى .

## 3

ياتاقتىكى كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ئۆز رېتىمىدە داۋام قىلىۋاتاتتى . فەرۇزە بۇ خىل تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۈپرىتىشنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كەيپىياتى تازا نورمال بولمايۋاتاتتى . بۇنىڭغا پەقەت ياتاقتىكىلەرلا سەۋەبچى ئەمەس ، ئەلۋەتتە . ئۇلار بىلەن بىللە ياشاۋاتقىلى ئۈچ يىل بولدى . ئۇلار تېخى تونۇگۈنلا بۇ ھالەتكە كېپ قالغان ئەمەس ، بۇرۇنمۇ شۇ قىلىقلىرى بار ئىدى . ئۇلاردىن خاپا بولسىمۇ ، بىراق

www.uyghurkitap.com



ھازىرقىدەك ھالغا كەپباقمىغانىدى . يۈرىكىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بىر يەرلىرى سىرقىراپ كېتىۋاتقاندەك ، روھىيىتىنىڭ قانداقتۇر بىر بوشلۇقىدا ئاجايىپ بىر نەرسە ئاھۇ پەرياد چېكىۋاتقاندەك ... قۇلىقى تۇۋىدە ، ياق ، ياق ، تولىمۇ يىراق بىر جايدا بىر گۈزەل مۇزىكا چېلىنىۋاتقاندەك ، ئۆزى گويا شۇ مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ بوشلۇقتا لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك ھالدا ئىدى .

نېمىدۇر بىر نېمىگە ئىنتىلىپ ، قانداقتۇر بىر نەرسىنى سېغىنىپ ، ئىختىيارسىز سىرتلارغا چىققۇسى كېلىۋاتقان فەرۇزە ئازراق ياسىنىۋالغاندىن كېيىن بازارغا چىقتى . ئۆزى خالىغان دۇكانلارغا ، قىسقىسى ، خالىغان مەنزىللەرگە بېرىپ ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان تۇگىمەس خىياللاردىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلغىنى ئۈچۈنمىكىن كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

بىر سودا سارايىنىڭ گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان بۆلىكىدىكى ماللارنى كۆرۈۋېتىپ بىر چىغ قورچاققا كۆزى چۈشۈپ قالدى . بىر قارىماققا قوپالدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزگىچە بىر گۈزەللىك نامايان بولۇپ تۇراتتى . بىرنى ئالغاچ كېتەيمىكىن ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ .

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم !

فەرۇزە تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئەقىل ، ھېكمەتلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئۆمەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى .

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام !

فەرۇزە ئۇنىڭ سالىمىغا شوخلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

ـــ خېلىدىن بېرى يېنىڭىزدا ئىدىم ، ھېچ بىر قاراي دېمەيسىز ، ـــ دېدى ئۆمەر .

ـــ مۇنۇ قورچاققا بېرىلىپلا كېتىپتىمەن .

فەرۇزە تىترەۋاتقىنىنى ئۆمەرگە سەزدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى .

ئۇلار دۇكاندىن بىللە چىقتى . فەرۇزە شۇ تاپتا تەگرى ئۇشتۇمتۇتلا ئۇچراشتۇرغان بۇ كەسىپداش دوستىنىڭ «خوش ئەمسە» دەپ كېتىپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلاتتى . شۇڭا ئۇ تارتىنىش ، خىجىل بولۇشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى دەۋەردى :

ـــ مەن سىزنى مېھمان قىلايمۇ ، ئۆمەركا؟

ـــ ھە ، ئەسلىدە قورسىقىڭىز ئېچىپتىكەندە ، جۇرۇڭ ، سىزنى مەن مېھمان قىلاي ، ـــ دېدى ئۆمەر كۈلۈپ تۇرۇپ .

ـــ ياق ، بۈگۈن مەن مېھمان قىلىمەن ، ژۇرنالغا بېسىلغان بىر پارچە ئەسىرىمنىڭ قەلەم ھەققى كەپتىكەن ، شۇ پۇل بىلەن .

ـــ ھە.مۇنداق دەڭ ، ئۇنداق بولسا ئەمگەك ھەققىڭىزنى بىللە خەجلىسەكمۇ خەجلەيلى ، ـــ ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر نەرسىنى ئويلاپ قالغاندەك بىرقانچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى ۋە ، ـــ سىز بەك ئوچۇق پىكىرلىك قىزكەنسىز ، ـــ دېدى .

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىككىسىنىڭ تاللىغان تامىقى بىر يەردىن چىقىپ قالدى . ئىككىسىلا چۆچۈرىگە ئامراق ئىكەن ، ئۇلار ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىكى مەخسۇس چۆچۈرە ساتىدىغان ئاشخانىغا كىرىپ غىزالانغاندىن كېيىن ، فەرۇزە يەنە بىر پىلانى بويىچە ئۆمەرنى سودا سارىيىغا باشلاپ كىردى .

ـــ ئېيتىڭا ئۆمەركا ، ـــ دېدى ئۇ ئۆمەرگە ئۇدۇل قاراپ ، ـــ سىز قانداق رەڭلىك بوياقنى ياخشى كۆرىسىز ؟

ـــ توق زەڭگەرنى .

فەرۇزەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. قانداق ئادەمكىنا بۇ، ئوي- خىياللىرى مەن بىلەن ئوخشاشلىغۇ؟ ئاپتوماتىك كۆزەتكۈچىسى بارمۇ يا؟ دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەن يېشىل رەڭلىك بوياقنى ياخشى كۆرىمەن، سىزگە زەڭگەردىن بىر قاپ ئېلىپ بېرەي، ئۆزۈم يېشىلنى ئالاي، — شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر: مەنمۇ زەڭگەر رەڭلىكنى ياخشى كۆرىمەن، ئىككىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بوياقىمىزمۇ ئوخشاشكەن، دېگۈسى كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېشىل ۋە زەڭگەر بوياقلاردىن ئېلىپ سودا سارىيىدىن چىقتى.

ئۆمەر شۇ تاپتا يېنىدا بىللە كېتىۋاتقان بۇ ئەقىللىك، شىجائەتلىك قىزغا بارغانسېرى مايىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇلار دەسلەپ تونۇشقاندىن تارتىپلا بۇ قىز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئادەتتىكى قىزلارغا ئوخشاپ كەتمەيدىغان خاس خاراكتېرى ئۇنىڭدا بۇ قىزغا قارىتا بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى. بۇ قىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ۋە ھەر بىر ئېغىز سۆزى كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

— سىزگە كۆپتىن- كۆپ رەھمەت فەرۇزە، — دېدى ئۇ قىزنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

— ياق، ياق ئەرزىمەيدۇ، — قىز شۇنداق دەپلا ھارارەتلىك قول ئارىسىدىن دەرھاللا قوللىرىنى چىقىرىۋالدى.

قىزنىڭ يۈزلىرى ئوت ئېلىپ كەتتى. پۇت- قوللىرى، ياق، پۈتۈن جىسمى توك سوقۇپ، يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالدا ئىدى. يۈرەك سوقۇشلىرىچۇ تېخى، ئۆمەرمۇ ئاڭلاپ قالدىمىكىن؟

فەرۇزە خۇشال ئىدى. ياتاققا قايتىپ كەلگۈچىلىك يولدا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك، ئۇنى ئالقىشلاۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەر بېتى مۇشۇنداق تاسادىپىي خۇشلۇقلار بىلەن تولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى- ھە! دەپ ئويلايتتى.

ياتاقتا ئايزىم بىلەن مەستۈرە بىر كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن، ئۇ كىرىشى بىلەن تەڭلا، پاراڭ توختاپ ئىككى جۈپ كۆز ئۇنىڭ باش- ئايىغىغا شۇنداق بىر تىكىلدىكى، فەرۇزە كارىۋىتىغا ئارانلا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— دىلنۇرلار قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك.

— ۋاي تاڭ، سەن بىلمىسەڭ بىز نېمە بىلىپ يۈرەتتۇق ئۇلارنى، — دېدى ئايزىم قاپاقلىرىنى سۈزۈپ.

ۋاي توك قاپاق، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — مۇشۇ مىجەزىڭ بىلەن ئايرىم يەردە رەسىم سىزىپ قالساڭ، سىزغىنىڭ ياخشى چىقمىسا، قولۇڭدىكى نەرسىلەر بىلەنمۇ سوقۇشامسەن نېمە؟ سىلىقراق بىر گېپىڭنىڭ تايىنى يوق، قانداقراق ئائىلىدە تەربىيىلىنىپ، چوڭ بولغانسەن جېنىم قەدىرلىكىم؟

ئۇ كارىۋىتىدا بىردەم يېتىۋالماقچى ۋە شۇ يول بىلەن ھېلى يۈز بەرگەن خۇشلۇقلارنى قايتا بىر ئەسلىۋالماقچى ئىدى. مۇمكىن بولمىدى. ئالىي مەكتەپ قىزلىرىغا يات بولغان قوپال سۆزلەر، ۋاراڭ- چۇرۇڭلار، ئۇنى ئاز دەپ ئۆزىگە قارىتىپ قىلىنغان تەنە گەپلەر ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

ئۇلار ماڭا نېمىشقا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدىغاندۇ، ئۇلارغا ھېچ بىر يامانلىق قىلمىغان ئىدىمغۇ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ.

تاپتى، دۇنيادا بۇنداق ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرى قانائەتلەنگۈدەك بىرەر ئىشنى

www.uyghurkitap.com

ئەسلا قىلالمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىدىن، تىرىشچانلىقىدىن خۇشمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى باشقىلارغا زەربە بېرىش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش، باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن تەنتەنە قىلىشلا، خالاس. ئۇلار شۇنداق يارىلىپ قالغان. ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ مەنىسىنى خاتا چۈشىنىۋالغان. ئۇلار مەدەنىيەتنى پەقەت چىرايلىق كىيىنىش ۋە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا پۇزۇر تۇتۇشتىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

## 4

فەرۇزە ياتاقتىكى سوغۇق قاراشلاردىن، ئاچچىق تەنىلەردىن يىراقراق مۇھىتتا ياشىسام تۇرمۇشۇم خاتىرجەم بولارمىكىن، دەپمۇ ئويلايتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئوقۇش، بىلىم ئېلىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ بۇ شەھەرگە كەلگەن، ئۇلارنىڭ ياتاقتىن بۆلەك ئۆيى، ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىدىن بۆلەك قەدىرلىك كىشىلىرى يوق. ئۇلارنىڭ پەقەت شۇلاردىنلا كۆڭلى سۇ ئىچىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز كۆز قارىشى، تۇرمۇش يولى بار، قانداق ياشىسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى، باشقىلار ئۇلارغا ۋەكالىتەن ياشاپ بەرمەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ھەممىسى ئۆز يولىدا بىر - بىرىگە دەخلىمۇ قىلماي، باشقىلارنىڭ دەخلىسىگىمۇ ئۇچرىماي ماڭسا، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە سوقۇشۇش، يېرىكلىشىش ئورنىغا ئىناق - ئىتتىپاق بولۇپ ئۆتسە ياخشى ئەمەسمۇ؟

فەرۇزەنىڭ ئويلايدىغانلىرى، ئارزۇ قىلىدىغانلىرى كۆپەيگەنسېرى ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆپ ئىشلار ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى، ئەتراپىدىكى يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايتتى...

ئۆمەر بىلەن تونۇشقىلى ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت بولدى. كوچىدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن فەرۇزە ئۇنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئۇنى شۇ قەدەر سېغىنغان ئىدىكى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان شۇ كۆڭۈللۈك، خۇددى شېرىن چۈشتەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى تولا ئويلاپ ساراڭ بولۇپ قالايلا دېدى. شۇ تاپتا ئۆمەرمۇ ئۇ كۈنلەرنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ھەي، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، بىز يا ئۇزاقراق بىللە بولۇپ باقمىساق، بەلكىم ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش تونۇشلىرىدىن بىرقانچىسى باردۇ، مەن ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندىمەن، ئۇ دېگەن ئايالى ھەم بالىسى بار ئادەم تۇرسا، مەن نېمە دەپمۇ ... — ئۇ ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك ھېسسىياتلار قاينىمىدا نىمجان بېلىقتەك لەيلەپ قىلىۋاتاتتى. قەلب ئاسمىنىدىكى ئاجىز بىر يورۇقلۇق بىلەن قەلبىنىڭ يەنە قانداقتۇر بىر يەرلىرىدىن يامراپ كېلىۋاتقان ئۈمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئۇنى ھالسىرىتىپ قويدى. ئۇ كۆرۈشنى، پەقەت بىرلا قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان ئىش، كۈندۈزدىكى بىردىنبىر غايىسى ھەتتا چۈشىدىمۇ ئايان بولمىدى. ئادەم نېمىشقا ئۆزى خالىغان چۈشلەرنى كۆرەلمەيدىغاندۇ؟ ئوڭدا كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى چۈشىدە بولسىمۇ كۆرەلىسە، ئوڭدا يېتەلمىگەن ۋىسلىگە چۈشىدە بولسىمۇ يېتەلىسە بولمامدىغاندۇ؟ ئادەم نېمىشقىمۇ شۇنچە ئاجىز، ھەتتا چۈشلىرىنىمۇ كونترول قىلالماس قىلىپ يارىتىلىدىكىن؟ بىراق مەن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ كۆڭلۈمدىكى سىرىمنى ھېچكىمگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك، چۈنكى ئۇ بەختلىك بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى، ئوماق، سەبىي بىر بالىنىڭ دادىسى، قەلبىمدە يانغان ئىشق ئوتى شۇ پېتى قالسۇنكى، بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مەززە قىلىپ يەۋاتقان تامىقىغا قونغان چىۋىن بولۇپ قالماي، ياخشى كۆرۈش

بىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇيسۇپ كىرىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەسقۇ ئاخىر ، ھەممە ئىشلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەي ... ئۇ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق يەكۈن چىقاردى .

ئۇلار دەسلەپ ئۇچراشقان كۈنى غەيرەت تارتىپ قويغان ئۆمەر بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى نەچچە قېتىملاپ قولىغا ئالىدىكەن ، رەسىمنىڭ ئالدى ـ كەينى تولا تۇتۇشتىن داغ بولۇپ كەتكەنىدى . بىراق مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ رەسىم كۆرۈشتىن ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى . ياتاقتىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىۋاتقاندەك ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ گۇمان بىلەن قارايدىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى .

توۋا ، ئادەم خىيال سۈرۈشتىمۇ ، پىكىر قىلىشتىمۇ باشقىلارنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىغىلى تۇرسا ـ ھە؟!

فەرۇزە مەقسەتسىزلا ياتاقتىن چىقتى . بىنانىڭ ئالدىدا جۈپ ـ جۈپ قىز ـ يىگىتلەر پاراڭلىشىپ تۇراتتى . نەگە بارسام بولىدىكىن ؟ سىنىپقا چىقىپ ئولتۇرغان يېرىمنى سىزىپ بولغان رەسىمنىڭ داۋامىنى پۈتتۈرىۋېتەيمىكىن يا ، ئۇ شۇ ئويى بىلەن سىنىپ تەرەپكە يول ئالدى .

ــ فەرۇزە !

دەسلەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۆمەردەك كۆرۈنۈپ كەتكەن غەيرەت بىر تۈپ دەرەخكە يۆلەنگىنىچە تۇراتتى .

ــ ياخشىمۇ سىز فەرۇزە ، سىزنى ساقلاپ تۇرغىنىمغا بىرەر سائەتچە بولدى . بەكمۇ تەسكەن سىزنى تېپىش ،ــ دېدى ئۇ فەرۇزەگە يېقىنلاپ كېلىپ .

ــ ياخشى ، ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتامسىز ؟

فەرۇزە ھازىر ئاممۇۋى سەنئەت سارىيىدا ئىشلەيدىغان بۇ يىگىت بىلەن ئالىي مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردىلا تونۇشۇپ قالغانىدى . ئۇ شۇ چاغلاردا فاكۇلتېتنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيتتى . مىجەزى ياقمىغاچقىمىكىن ، فەرۇزە ئۇنىڭغا تۈزۈك چىراي ئېچىپمۇ كەتمەيتتى .

ــ ۋاقتىڭىز بولسا ئايلىنىپ كەلسەك .

قىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ئىختىيارىغا قويسىغۇ پەقەتلا چىققۇسى يوق ، لېكىن خەق ئىشلىرىنى تاشلاپ ئاتايىتەن ئىزلەپ كەلسە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تۇنجى قېتىم ، رەت قىلىۋەتسىمۇ بولماس .

ــ بولىدۇ ، ئايلىنىپ كېلەيلى ،ــ دېدى ئۇ .

يەتتىنچى ئاي مەزگىلى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا ، ھاۋا تولىمۇ ئىسسىق ئىدى . ئۇلار مەكتەپنىڭ يان دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، دەرەخلەر قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان ئازادە يول بىلەن نىشانسىزلا مېڭىشقا باشلىدى .

ــ نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ــ سورىدى قىز .

ــ سىز قەيەرنى خالىسىڭىز شۇ يەرگە بارايلى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېچيەرگە بارغۇسى يوق . ئانىسىنى سېغىنىپ كەتكەن ئەركە بالىدەك يولنىڭ ھەممە يېرىگە ، ئادەملەرگە قانداقتۇر بىر ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى .

ــ گەپ قىلىڭ فەرۇزە ، نەگە بارىمىز ؟

ئۇنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى . بىر قىز بىلەن بىللە ئايلانماقچى بولغان ئادەم بارىدىغان يېرىنى ئويلاپراق كەلمەمدۇ ؟ ئوغۇل بالا دېگەن ھەممە ئىشتا قىزنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرماستىن ، جېنى چىقىپ كەتسىمۇ كەسكىنرەك بولسا .

ــ نەگە بولسىمۇ مەيلى ،ــ دېدى ئۇ .

ــ ئۇنداقتا باغچىغا بارامدۇق ؟

ــ ئىختىيارىڭىز .

ئۇلار ئەنە شۇنداق قاملاشمىغان پاراڭلار بىلەن باغچىغا يېتىپ كېلىشتى . تاش ئورۇندۇقتا ئۇنىڭغا ياندىشىپ ، لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرغان فەرۇزىنىڭ كۆڭلىدە ۋاقىت تېزرەك ئۆتسىدى ، دەيدىغان بىردىنبىر ئىستەك ياناتتى . ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىپ كېتىۋاتقان ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن غەيرەت ئېغىز ئاچتى :

ــ سىزنى بەكمۇ سېغىندىم فەرۇزە ، سىزنى خىيال قىلمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق ، خالىسىڭىز بۈگۈندىن كېيىن سىزنى داۋاملىق ئىزلەپ تۇرسام .

بۇرۇنلاردا قاملاشمىسۇن ـ قاملاشمىسۇن ، توختىماي سۆزلەپ تۇرىدىغان غەيرەتمۇ بۈگۈن خېلىلا سالماق ، كەم سۆز بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى . گەپ قىلغاندا ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ چىقىۋاتاتتى .

قىز نېمىمۇ دېيەلىسۇن ؟ خەقنى «مېنى سېغىنما ، شۇ چاغدىلا مېنى ئىزلىمەيدىغان بولسەن» دېسۇنمۇ؟ بىراۋنىڭ سېغىنىشلىرىنى يەنە بىراۋنىڭ بوغۇپ قويۇشقا قۇربى يېتەمتى ھەم يەتكەن تەقدىردىمۇ ، بوغۇپ قويۇشقا نېمە ھەققى ؟ سېغىنىش دېگەن ھەركىمنىڭ شەخسىي ھېسسىياتى تۇرسا ، قىزىق ئىش ، ئەرلەر كۆڭلىدە نېمە ئويلىغان بولسا ، شۇنى ئەمەلىيىتىدە قىلالايدۇ ، بىراق قىزلارچۇ ؟ بارلىق ھېسسىياتنى يۈرىكىگە يوشۇرۇپ يۈرىدۇ . سىرلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ . ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ ، ھەممىگە چىداپ ياشايدۇ . نېمە ئۈچۈن ؟ ئۇلارمۇ ئۆزلىرى خالىمىغان چاغلاردا ئەرلەرنى چەكلەپ قويسا ، ئەرلەرمۇ ئويلىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئۇلاردەك چىداپ ياشاپ باقسا بولمىدىغۇ؟

ئۇ شۇلارنى ئويلاپ گەپنى كېسىپلا قىلىۋەتتى :

ــ ياق ، بۈگۈندىن كېيىن مېنى ئىزلەپ كەلمەڭ .

قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان غەيرەت قىزنىڭ كۆزلىرىگە ھودۇققان ھالدا قاراپ قويدى . قىزنىڭ كۆزلىرىدە بولسا «ماڭىمۇ نېمە ئامال ، كۆڭلۈم خالىمىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتىممۇ؟» دېگەندەك مەنىلەر ئەكس ئېتەتتى .

غەيرەت ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىپ ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقلارنى تۈگىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرۇپ كەتكەن فەرۇزەدىن تۈزۈك جاۋاب چىقمىغاچقا ، بارا ـ بارا ئۇمۇ جىمىپ قالدى .

فەرۇزە قايتىپ كەلگەندە ، ياتاقتا دىلنۇردىن باشقا قىزلار يوق ئىدى .

ــ سېنى ساقلاپ ئولتۇراتتىم ،ــ دېدى دىلنۇر باشقا كۈندىكىدىن ئالاھىدە قىياپەتتە ،ــ ماڭا نېمە سۆيۈنچە بېرىسەن ؟

خۇش خەۋەر؟ ماڭا بۇ كۈنلەردە خۇش خەۋەرمۇ بارمۇ زادى؟ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلىنىپ كەتتى :

ــ ئاۋۋال دە ، ئاندىن نېمە شەرت قويساڭ ئورۇنلايمەن .

ــ سېنى بوي ـ تۇرقى تازىمۇ قاملاشقان بىر ئەر كىشى ئىزلەپ كەلدى ۋە مۇنۇنى قالدۇرۇپ كەتتى .

فەرۇزە چاققانلىق بىلەن دوستىنىڭ قولىدىكى خەتنى شارتىلا قىلىپ تارتىۋالدى .

«فەرۇزا»

ئىزلەپ كەلسەم يوق ئىكەنسىز، مۇشۇ ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى سائەت ئۈچتە «كۆمۈش قەدەھ» رېستورانىدا ساقلايمەن.

ئۆمەر .»

راستمۇ؟ مەن چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن؟ بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە خەتنى قاتچە قېتىملاپ ئوقۇدىكىن. ئۇنىڭ يۈرىكى ھازىرلا كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەتلىك تېپىرلايتتى.

ــ رەھمەت ئاداش، ــ ئۇ غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ دىلنۇرنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى...

شۇنداق، ئۇ ھازىر پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ــ نېمە، يىغلاپسەنغۇ؟ ــ دىلنۇر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپقىنە كۆتۈردى.

فەرۇزە شۇ تاپتا سۆزلىيەلمەيتتى، يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان جىسمى بولسا دىلنۇرنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى...

ــ توختاپ تۇر شەيتان، بۈگۈن سەندىن سىر ئالماي قويمايمەن.

دىلنۇر يۇمشاق، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتتى. فەرۇزەنىڭ ئاللادىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدىغان بىردىنبىر سىرى دىلنۇرغا ئېچىلدى.

## 5

ئۆمەر فەرۇزەنى بىرىنچى قېتىم ئىزلەپ كەلگىنىدە كۆرەلمەي كېتىپ قالدى. ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، بۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن ئىزلەپ كەلدىم؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويدى. بىراق جاۋاب تاپالمىدى. راست، نېمە ئۈچۈن ئىزلەپ كەلدى؟ نېمە دەپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ قالدى؟ كەسىپداش بولغىنى ئۈچۈنلىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولدى دېيىلسە، ئۇنىڭ فەرۇزەگە ئوخشاش نۇرغۇن كەسىپداشلىرى بولغان، ئەمما ئۇنىڭدا ئۇلارنى ئاتايىتەن ئىزلەپ بېرىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ باقمىغان ئىدىغۇ؟ ھەي، ئۆزىدە بىرەر گەپ بارمۇ ـ قانداق؟! ياق، ياق، بۇ قىز ئەقىللىك، تالانتلىق، يەنە ئۇ ئادەمگە كۆڭۈلدىكىدەك پاراڭداش بولالايدۇ، مەن دېگەن ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ، ئائىلى ۋە بالىسى بار ئادەم، ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە غەرىزىم يوق، دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۈگۈن ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى، فەرۇزە ياتاقتىكىلەرنىڭ ئەتەي تاراڭ ـ تۇرۇڭ قىلىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، ئاللاھەدە ۋاقىت ئاجرىتىپ كۆڭۈل قويۇپ ياساندى. ئۇ ئادەتتە گىرىم قىلىپ يۈرمىگەچكىمىكىن بۈگۈن سۇس گىرىملەر بىلەن تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

ــ ئەتىرگىنىڭ پۇرىقى بەك ياخشى ئىكەن، بۇ مارجاننى نەدىن ئالغانتىڭ؟ كىيىملىرىڭ بىلەن تازا پارلىشىپتۇ، ــ دېدى خاسىيەت ئۇنىڭغا زوقلىنىپ.

ــ شۇنى دېمەمسەن، بۇنىڭغا قاراپ مېنىڭمۇ ئىچىمنىڭ تارلىقى كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى دىلنۇر، ــ يولدا ئۆزۈڭگە كۆپ دىققەت قىل جۇمۇ فەرۇز، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالمايلى يەنە.

فەرۇزە ئايزىم بىلەن مەستۇرەنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ لەۋلىرىنى پۈرۈپ ھىم، دېيىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. توۋا، ئاجايىپتە بۇلار.

ئۇنىڭ دىلنۇرنىڭ ئەپچىل قوللىرىدا ياسالغان چاچلىرىمۇ پۈتتى.

www.uyghurkitap.com



— پاھ، فەرۇزە خېنىم، مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەن ھەرقانداق ئالىي سورۇنلارغا بارسىڭىزمۇ چېنىپ قالمايسىز جۇمۇ! — دىلنۇر ھەدەپ چاقچاق قىلاتتى.

— رەھمەت ئاداشلىرىم، — دېدى ئۇ دىلنۇر بىلەن خاسىيەتكە.

ئۇ ياتاقتىن چىقتى، يولدا كېتىۋېتىپ نېمىشقىدۇر يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. «كۈمۈش قەدەھ» كە يېقىن كەلگەندە تامغا يۆلىنىپ بىردەم تۇرۇۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆمەرگە «كالىلىسىنىڭ ئازراق دەردى بار قىز ئوخشايدۇ» دېيىدىغان تەسىرنى بېرىپ قويۇشتىن قورقمىسا ئۇدۇل ياتاققا قايتىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇردى. سائەت ئۈچتىن چارەك ئۆتتى.

ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ تەستە تۇتۇپ رېستورانغا كىردى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا ئوڭ تەرەپ چەتتىكى بىر جوزىدا ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئۆمەرگە كۆزى چۈشتى.

فەرۇزە شۇ تاپتىكى قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراشلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. كۈتكۈچى قىزنىڭ باھاردەك ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشى ئۇنى بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

— ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، نېمە تاماقلارنى يېسەك بولىدىكىن، — دېدى ئۆمەر كۈتكۈچى كۆتۈرۈپ كەلگەن تاماق تىزىملىكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— ياق، ياق ئۆزىڭىز كۆرۈڭ، مېنىڭ بىر نەرسە يېگۈم يوق.

ئۇ ناھايىتىمۇ قاملاشمىغان جاۋاب بىلەن تەڭ تىزىملىكنى يەنە ئۆمەرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ئۆمەر ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى ۋە كۈتكۈچىگە نېمىلەرنىدۇر بۇيرۇدى. ئۇنىڭ قارىشىدا دەسلەپ تونۇشقان چاغدىكى شوخ، گەپدان قىزغا بىردىنلا نېمە بالا تەگكەندۇ، دېگەندەك بىر مەنە ۋە ھەيرانلىق ئەكس ئېتەتتى.

فەرۇزە ئۆزىنى ھەرقانچە ئەركىن تۇتاي دېسىمۇ ئەپلەشمەيۋاتاتتى. ئۇ يەرگە قارىغىنىچە جىممىدە ئولتۇراتتى.

— سۆزلەڭ، فەرۇزە، پاراڭلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار.

«ئاڭلىغۇم بار» سۆزى ئۇنىڭغا قايتىدىن جان ئاتا قىلغاندەك بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى:

— شۇنداقمۇ؟ رەھمەت سىزگە.

شۇ ئەسنادا كۈتكۈچى ئىككى بوتۇلكا پىۋا بىلەن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى ئەكىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئارقىدىن باشقا بۇيرۇتمىلارنى ئېلىپ كەلدى.

فەرۇزە بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىچىپ باقمىغان بولسىمۇ، ھازىرقى ئىچىنى سىقىپ كېتىۋاتقان غەيرىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىر رومكا قىزىل ھاراقنىڭ كەينىدىن يەنە بىر رومكا پىۋىنىمۇ ئىچىۋەتتى ...

ئازادە رېستوراندا ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. يېنىك، دولقۇنسىمان مۇزىكا كىشىگە تولىمۇ گۈزەل، رومانتىك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى.

فەرۇزىنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋال بىر ئازمۇ كىر يۇقمىغان ئاپئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىغا ۋە ئۇنىڭغا تولىمۇ يارىشىپ تۇرغان، ئۇششاق قارا گۈللۈك، كۈمۈش رەڭلىك گالستۇككا، ئاندىن مېھىر - مۇھەببەت بالقىپ تۇرغان پاكىز يۈزلەرگە ۋە بۇ يۈزلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان چوڭ - چوڭ، ئوتلۇق كۆزلەرگە چۈشتى.

ئۆمەرمۇ خۇددى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ تۇرغان جىمى سىرلىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى . فەرۇزە ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئەپقاچتى .

— ئۆيى ئىچى تىنچلىقتۇ ؟ — شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە فەرۇزە چوقۇم شۇ سوئالنى سورىشى لازىمدەكلا شۇنداق دېۋەتتى . گەرچە بولسا ، ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالماسلىقىنى ، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ ، ئەنە شۇ بىر پۈتۈن بەختىنىڭ ئەمسىز خوجايىنىنىڭ گېپىنى قىلماسلىقىنى تىلەپ تۇراتتى . بىراق «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك تۇيۇقسىزلا ئۆزى شۇ گەپنى قىلىپ سالدى .

— تىنچلىق ، — دېدى ئۆمەر ، ئۇنىڭ چىرايىدا ئازراقمۇ باشقىچە ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى ، ئەكسىچە ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىن ، كۈلۈپ تۇراتتى .

بارچە بالانى ئۆزى تېرىپ قويۇپ ، ئىچىگە ئوت كەتكەندەكلا بولۇپ قالغان فەرۇزە كۆڭلىدە ئۆمەرئاكامدەك ئادەملەر بار يەردە ھەممە نەرسە تىنچلىق بولمامتىكى ئەمسە ... ھەي ، شۇ ئايالنى بىر كۆرۈپ باققان بولسام ! دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى .

ئۆمەر ئۇنى ھەدېسىلا يېمەكلىكلەرگە زورلايتتى . فەرۇزە قورۇما كاۋاپقا ئەڭ ئامراق بولغىنى ئۈچۈن شۇنىڭدىنلا يېدى . كۆڭلىنىڭ يېرىمى خۇشال بولسا ، يېرىمى غەمكىن ، يەنە كېلىپ سەل ئۆزىنى تەڭشىۋالمىسا ھېلىقىدەك ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بىمەنە سوئاللارنى سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ئۇ رومكىغا قۇيۇلۇپ تۇرغان پىۋىنى ھېچقانچە نورۇت قىلماستىنلا ئىچىۋەردى .

ئۇلارنىڭ پارىڭى كەسىپ ئۈستىدىلا كېتىپ باراتتى . فەرۇزە كەسىپكە شۇنچىلىك ھېرىسمەن بولسىمۇ ، بۈگۈن بۇ يەردە قانداقتۇر باشقا بىر پاراڭلارنى ئاڭلىغۇسى ۋە قىلغۇسى بار ئىدى ، لېكىن قايسى تېمىدا ؟ ئويلاپ - ئويلاپ ھېچبىر تاپالمىدى . يەنىلا ئەڭ مۇۋاپىق بولغىنى كەسىپ ئۈستىدىكى پاراڭمىكىن .

ئۇنىڭغا ئىچىملىك خېلى تەسىر قىلغان چېغى ، تۇرۇپلا بىر گۈزەل ئاھاڭلارغا ناخشا ئېيتقۇسى ، يەنە بىردەمدە ئىچىدىكى بارلىق ئازابلارنى قاقاقلىغان كۈلكىسى بىلەن يىراققا ھەيدىۋەتكۈسى كەپ كەتتى ... لېكىن ...

بىر چاغدا رېستوران ئىچىدىكى ئادەملەر ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كەتتى . بىر مەست كىملەرگىدۇر قول شىلتىپ ، ھەدەپ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى :

— بىلىپ قويۇشكى ، ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتكەن بولساممۇ ، تېخى سەنلەردەك كاززاپلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدىغان ھالغا يەتمىدىم ، مېنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلمەن دېيىشىۋاتامسەن ؟ ماڭ بېرىپ دىرېكتورىڭنى چاقىرىش ، شۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىمەن !

قارشى تەرەپتىن ئۈن چىقمايۋاتاتتى . بىرقانچە كۈتكۈچى مەست كىشىگە نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنى پەسكويىغا چۈشۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى .

مەست يەنىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا :

— خالايىق ، بىلىپ قويۇڭلاركى ، بۇ ئالدامچىلار ، — دېدى پوكەيگە يۆلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تاتىرىپ تۇرغان ھېساباتچىنى كۆرسىتىپ ، — ئىككى يۈز سوم ئېلىشقا تېگىشلىك جايغا مەندىن بەش يۈز سوم ئۇندۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ . مەن مەست بولغىنىم بىلەن ئىش ئۇقمايدىغان ساراڭ بولمىسام ...

رېستوراندىكى ئادەملەر بىر - بىرىگە قارىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com



مۇلازىمەت سۇپىتىگە تەسىر يەتمەستىن قورققان رېستوران خادىملىرى ئۇ كىشىدىن پۇل ئالمايلا يولغا سېلىۋەتتىمۇ ئىشقىلىپ غەلۋە بىردەمدىلا تىنجىدى .

فەرۇزە كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ كارامەتلەرگە تولىمۇ ھەيران قالدى . مەززىلىك تائاملار ، ئازادە مۇھىت ئارقىلىق كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان بۇنداق كاتتا جامائەت سورۇنىدىمۇ بۇنداق كۆز بويامچىلىقلارنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايۋاتاتتى .

ئۇلار رېستوراندىن چىققاندا خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى . لېكىن فەرۇزەنىڭ شۇ تاپتا مەكتەپكە پەقەتلا قايتقۇسى يوق . يېنىدىكى بۇ سۆيۈملۈك كىشى بىلەن بىر ياقلارغا ماڭغۇسى ، ئايغى چىقماس سەيرلەرگە چىققۇسى ، قانغۇچە سىرداشقۇسى كېلەتتى .

شۇنداق ، ئۇ ئۆمەر بىلەن قىلىشقان پاراڭلارغا ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ دىدارىغا ، بىللە بولغان دەملەرگە قانمىدى . لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ، ئۇ ياتاققا چوقۇم قايتىشى كېرەك .

— توختاڭ ، تاكسى بىلەن ئاپىرىپ قوياي ، — دېدى ئۆمەر .

— بولدى ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كېتىۋېرىمەن ، ھېلىھەم كۆپ ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز ، مېھمان قىلغىنىڭىزغا رەھمەت !

ئۇ ئۆمەرنىڭ شۇنچە قاتتىق زورلاشلىرىغىمۇ ئۇنىماستىن ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ ماڭدى . بېشى سەل ـ پەل قايغاندەك قىلسىمۇ ، پۇتلىرى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتمىغانىدى . ئۇ ئاپتوبۇسنا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى . لېكىن ئۇنىڭ ئەنە شۇ نۇرغۇن خىياللىرىنىڭ يادروسى يەنىلا ئۆمەر ئىدى . ئۇ «پاراڭلىرىڭىزنى سېغىندىم» دېگەن سۆزنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى .

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ياتاققا بېرىپ بولغۇچىلىك يولدا ئۇچرىغانلىكى باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىشىپ ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى . ھەي ، قارىغاندا ئىچىپ قويغىنىم چېنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئۆمەر ئاكام تېخى مېنى ئاياپ ئۆزى جىق ئىچىپ ماڭا ئاز ـ ئاز قۇيۇپ بەرگەنىدى . ئۆزۈممۇ مەستتەك ئەمەس بولمىسا ، ئەگەر راستىنلا چېنىپ قالغان بولسا ، ياتاقتىكىلەرگە بولۇپ بېرىدۇ ـ دە !

ئۇ ئەنە شۇنداق دەككە ـ دۈككىدە ياتاققا كىردى ، بەختىگە يارىشا دىلنۇر بىلەن خاسىيەتتىن بۆلەك ھېچكىم يوق بولۇپ چىقتى . ئۇ دىلنۇرنى قۇچاقلاپ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ بىردەم تۇرۇۋالدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش يامراپ ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى .

— كۆڭۈللۈك ئوينىغانسەن ، شەيتان ؟ — دىلنۇر ئۇنى كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزدى ، — مەڭزىلىرىڭ قىزىرىپ ، كۆزلىرىڭ خۇمارلىشىپ ، ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىپسەن .

— يولدىكى يىگىتلەرنى سېھىرلەپ قويمىغانسەن ؟ — دېدى خاسىيەتمۇ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ .

— رەھمەت سىلەرگە ، سىلەرنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم ، — دېدى ئۇ .

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئىككىسىلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى .

— راست مەست بولۇپ قالغان ئوخشىمامسەن ، فەرۇز ؟

— يېنىڭدا سېنى سېغىندۇرغان كىشى ئولتۇرسىمۇ بىزنى سېغىندىڭمۇ تېخى ؟ يالغان سۆزلىمە !

فەرۇزە ئىككى دوستىنىڭ ئۆزلۈكسىز قىلغان چاقچاقلىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمەي قالدى . ئىچ ـ ئىچىنى ئۆرتەپ كېتىۋاتقان ئاچچىق بىر نەرسە ئۇنى قىينايتتى . ھەي ، مەن نېمە

بولدۇمكىن تالڭ ، كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىغان كىشىنىمۇ كۆردۈم ، پاراڭلاشتىم ، يەنە نېمە ئىشلارنى قىلسام كۆڭلۈم خۇش بولاركىن ؟ دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ــ فەرۇزە ، جىم ياتساڭچۇ كارىۋاتنى غىچىرلاتماي .

ئايىزىمىنىڭ غەزەپ بىلەن ئېيتىلغان قوپال سۆزلىرى ئۇنىڭ چۇشىسمان خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى . سائەتكە قارىۋىدى ، ئون ئىككىدىن ئېشىپتۇ . ئۇ شۇئان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ساناق ساناشقا باشلىدى ...

ھەر كەچتە ئۇخلاشقا ياتقىنىدا ئۇ ئۇمەرنى ئويلىماي تۇرالمايتتى . ھەي ، ئۇ شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ؟ ئايالى ... ئازاب ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزى يېتەلمىگەن سۆيۈملۈك نەرسىنى ئويلاش تېخىمۇ ئازابلىق بولسا كېرەك ، بۇ كۈنلەردە ئۇ پۈتۈن تۇرقىدىن مۇڭ ـ زار تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھالغا كەپقالدى .

ھەي ، نېمىسىنى دېسۇن ؟ يالغۇز مۇھەببەت دەردى بولسىغۇ مەيلى ئىدى ، نېملا دېگەن بىلەن بۇ دەردلەرنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا شېرىن . لېكىن ياتافداشلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقان قىلىقلىرى ئۇنى ھاياتقىمۇ كۆڭۈلسىز قارايدىغان قىلىۋەتكەندەك ئىدى . ئۇ چىرايىدىن خۇشلۇق ئۇچكەن ، ئۇنتۇغاق ، ھەممە نەرسىگە بىپەرۋا قارايدىغان ، سۇنئىي ، ھەتتا ئاجايىپ ئۇمىدسىز بىر قىزغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى . بولۇپمۇ ئۇنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان نەرسە قىزلارنىڭ ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسا ، كارىۋاتقا چۈغلىشىۋېلىپ توختىماستىن پال سېلىشلىرى ، تۈگىمەس غەيۋەتلىرى ئىدى .

مەۋسۇملۇك ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاچقا ، ئوقۇغۇچىلار بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى . بىر كۈنى فەرۇزە سىنىپقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ پارىڭى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى :

ــ مۇشۇ ئىمتىھان دېگەن بىر نېمىدىن قاچانمۇ قۇتۇلارمىز ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەلگەندىكىن ، ئەمدى بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىمتىھانلارنى ئالمىسىمۇ بولىدۇ بىزدىن .

ــ شۇنى دېگىنە ئاداش ، ئادەم يا تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىغان ...

قاقشىما ، ھورۇنلار ، ــ دېدى فەرۇزە ئىچىدە ، ــ ئاخىر بىر كۈنى ھەممە نېمىدىن قۇتۇلۇشىسەن .

## 6

فەرۇزە ئۇرۇمچىنىڭ كۈز پەسلىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . سالقىن ھاۋا ، سىم ـ سىم يامغۇر جانغا ئارام بېغىشلايدىغان بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆپرەك ۋاقتى سىرتلاردا يالغۇز ئايلىنىش ، مەكتەپ بېغىدا سەيلى قىلىۋاتقان ، كىتاب ئوقۇۋاتقانلارنى ئۆزلىرىگە تۇيدۇرتماي تېز سىزما قىلىۋېلىش بىلەن ئۆتەتتى .

بۇ يىل كۈز بالدۇر كەلدى . ئوقۇغۇچىلار يازلىق كانىكۇلدىن يېغىلغانىدا شەھەر ھاۋاسى خېلىلا سالقىنلاپ قالغانىدى .

چۈشتىن كېيىن ئۇ «مۇئامىلە سەنئىتى» دېگەن كىتابنى كۆتۈرۈپ ياتاق بىناسىدىن چىقتى . نېمىشقىدۇر كۆڭلى يېرىم ، بىرى ئازراقلا گەپ قىلسا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالدا ئىدى . مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق يورۇش ، بۇ خىل ھال ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغاندەكلا ئىدى .

ئوغۇللار بىناسىدىن چىقىپ كەلگەن ئاتا ـ بالا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئاتىنىڭ بېشىدا

كونىراپ كەتكەن ھەم كىرلەشكەن بادام دوپپا، ئۇچىسىدا رەڭگى ئۆچەي دەپ قالغان كۆك شىمتۇجۇركا بار ئىدى. سارغايغان چىرايى، تىترەۋاتقانلىقتەك ۋۇجۇدى، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ... ئاجايىپ، ئاجايىپ سولغۇن ھالىتى ئاز كەلگەندەك، قولتۇقىغا پۈرلەپ قىستۇرۇۋالغان، ئۆڭۈپ كەتكەن، يىرتىق بىرېزېنت سومكىسى بۇ كىشىنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە بىچارە قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئاددىي، ئەمما پاكىز كىيىنگەن بالا (فەرۇزە ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەيداندا ئىنگلىز تىلى يادلىغىنىدا چىققاندا، بۇ بالىنىمۇ كۆپ ئۇچرىتاتتى) بولسا، بىئاراملىق ئىچىدە يەردىن بىر نەرسە ئىزلىگەندەك يەرگە قارىغىنىچە دادىسىغا ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىسىلا ئۈن - تىنسىز ئىدى.



فەرۇزەنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىمۇ ئاشۇنداق ئادەملەرنى، يول ياقىسىدا غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان جۇل - جۇل كىيىملىك دىۋانىلەرنى كۆرگەندە ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، دادىسى خەجلىگىلى بەرگەن پۇللىرىنى ئىختىيارسىز ئۇلارغا بېرىۋېتەتتى ۋە خېلى كۈنلەرگىچە ئۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىدىكى مۇڭ - ھەسرەت ئالامەتلىرىنى ئۇنتۇيالمايتتى. بۈگۈنمۇ دەل شۇنداق بولدى. ھېلىقى ئادەمگە شۇنچىلىك ئىچى ئاغرىدىكى، ئىختىيارسىزلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار مەكتەپنىڭ يان دەرۋازىسى يېنىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ توختىدى ۋە خۇددى دېيىشىۋالغاندەك ئۈن - تىنسىزلا بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. فەرۇزەمۇ ئۇلارغا يېقىن بىر يەرگە جايلىشىۋالدى.

— شۇنداق قىلىپ، بارلىق پۇللارنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم، بالام، يازلىق تەتىلدە ئۆيگە بارغان بولساڭمىغۇ مەنمۇ سېنى كۆرىمەن دەپ، بۇ شەھەرگە كېلىپ پېشكەللىككە يولۇقۇپ يۈرمەستىم، بولار ئىش بولدى ئەمدى. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي قالغىن. مەن بۈگۈن كېچىلىك ئاپتوبۇس بىلەن يۇرتقا كېتىۋالاي، بېرىپلا ساڭا پۇل ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— كېلەر يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىمەن دەپ تەتىلدىمۇ تەييارلىق قىلغانىدىم ...

فەرۇزەنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. بالىسىنى كۆرگىلى كېلىپ پۇللىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان بىچارە ئاتا، ئاتىسىغا ئىچى ئاغرىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەستىن تېڭىرقاپ ئولتۇرغان بالا، ئېيتقۇسىز ئازابلىق خوشلىشىش ...

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقىغا قايتىپ كىردى ۋە پۇللىرىغا قاراپ باقتى. ئۇنىڭدىمۇ

ئازراقلا پۇل قاپتۇ. بۇنى ئېچىقىپ ھېلىقى بالىغا بەرسە بەكمۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۆيدىن پۇل كەلگىچە ئۆزى قىيىنىلىپ قالىدۇ. ئادەم ھامان ئۆزىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىكەن، ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەستىن سۇلغۇن بىر كەيپىيات ئىچىدە خىيالغا پاتتى. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇش دېگەن ئاجايىپ، ئۆيدىن كەلگەن پۇللارنى ناھايىتى پىلانلىق ئىشلەتمىسەڭ پۇلسىز قالىسەن، تېخى شۇنداق چاغلارغا ئۇلگۇرۇپ، مەكتەپتىن بەرگەن تاماق بېلەتلىرىمۇ توگەپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدىكى كۇنلەرنىڭ مەنىسىزلىكىچۇ تېخى، بارلىق مەنىسىزلىك شۇ چاغلارغا مۇجەسسەملىشىپ قالغاندەك.

فەرۇزەنىڭ خىيالىغا ئىختىيارسىز بىر ئىش كەلدى. بىر يەكشەنبە كۇنى دىلنۇر، خاسىيەت ئۇچى دىلنۇرنىڭ نەۋرە ھاممىسىنىڭ تويىغا قاتنىشىپ قالدى. ئۇچ دوست ئەسلىدە كۆڭۈللۈك ئويناپ كېلىمىز دېگەن نىيەت بىلەن بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي ئەكسىچە ئۇچىسىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايتىپ كېلىشتى.

ئۇلار زالغا كىرگەندە مېھمانلار ئاساسەن يىغىلىپ بولۇشقانىدى. ساھىبخان ئۇلارنى بىرقانچە قىزلار ئولتۇرغان بىر جوزىغا باشلاپ كەلدى. بۇ قىزلار شۇنچىلىك ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپلا قالماي، يۈزلىرىگە گىرىمنىمۇ شۇنداق قاملاشتۇرۇپ قىلغان ئىدىكى، بىر كۆرگەن كىشى ئۇلارنى ئارتىسلارمىكىن دەپ قالاتتى. قىزلار كېيىن كىرگەن بۇ ئۇچەيلەنگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇشۇپلا ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۇشۇپ كەتتى.

— ئەسئەت گۇاڭجۇدىن قاچان قايتىپ كېلىدىكەن ئاداش! — دېدى بىرى يېنىدىكىگە.

— مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى.

— سودىسى ياخشى بولۇۋاتقاندۇ؟

— ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ - دە، — دېدى ئۇ قىز كۆرەڭلىگەندەك.

— ساڭا يەنە قانداق ئېسىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەركىن؟

ھېلىقى قىز مۇرىسىنى چىقىرىپ كۇلۇپ قويدى.

شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بىر قىز ئىشىك تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ھەي، ھەي، قاراڭلار كىم كىردى؟ — دېدى.

— ئەخمەت مۇئەللىم؟ ۋاي خۇدايىم، ئۇنىڭغا نېمە باردۇ بۇ تويدا، بالىسىنى باقماي.

— ھە، راست گۇلنار، ئۇنىڭ ئىمتىھانىدىن قانداق بوپسەن؟

— مەن ئۆتمەي كىم ئۆتەتتى، ئۇنى تازا بىر بابلىدىم، — گۇلنار ئىسىملىك قىز يېنىدىكىلەرگە سۆزلەشكە باشلىدى، — بىر كۇنى ئۆيىگە كىرسەم ئايالى يوق ئىكەنتۇق، بۇ ئەخمەت دېگەننىڭ مۇنبەردىكى ئەپتىدىن بىرىمۇ يوق، تاماق ئەتكىلى تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۇپ قىزىرىپ كەتتى. ياغلىما گەپتىن ئىككى ئېغىز قىلىۋىدىم، ئالدىمدا قىلىدىغان قىلىق تاپالمايلا قالدى بىچارە، ئاخىرى قانداق بولدى دېمەمسىلەر ... — قىز يېنىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىۋىدى، قىزلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۇلۇپ كەتتى.

— راست شۇنداق بولدىما؟ ئۇنداقتا گەپ يوق ئۆتىدىكەنسەن. بىز قانداق بولارمىز؟

— سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنىمۇ دەپ بەردىم، ئۆتكۇزۇۋېتىدىغان بولدى.

تانسا باشلىنىۋىدى، ھېلىقى ئەخمەت دېگەن ئوقۇتقۇچى ئۇدۇل كېلىپلا گۇلنار ئىسىملىك قىزنى تارتىپ كەتتى. باشقىلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تانسىغا چۇشۇپ، جوزىدا پەقەت ئۇچەيلەنلا قالدى.

— ئوقۇغۇچىلاركەندە، مەن تېخى دەسلەپتە كۆرۇپ بىر يەردە ئىشلەيدىغانلارمىكىن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپتىمەن، ــ دېدى خاسىيەت.

ــ بويىنىدىكى، قوللىرىدىكى ئالتۇن جابدۇقلارغا قارىدىڭلارمۇ؟ ــ دېدى دىلنۇر ھەيران بولۇپ.

فەرۇزە ئۈن ـ تىنسىز ئىدى.

ئۇنىڭسىزمۇ خىياللىرى كۆپ بۇ قىز بىرقانچە كۈنگىچە ھېلىقى دادا ـ بالىنى ئويلاپ يۈردى. كىشى قانچىكى خىيالچان بولسا بىر نەرسىگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇشىمۇ ئاستىلاپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. فەرۇزە بۇ كۈنلەردە بىرى بىرمۇ نەرسىنى سورىسا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ كېتىدىغان ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېلىقى گەپنى قايتا سورايدىغان بولۇپ قالدى. روھىي كەيپىياتى بىر ئازمۇ ئازادە ئەمەس، بېشى ئاغرىق، پۇت ـ قوللىرى ئېغىر، پۈتۈن بەدەنلىرى ھارغىن بىلىنەتتى.

ئۇ ياتاقداشلىرىدىن قىلچىلىكمۇ سۆيۈنەلمەيتتى. ياتاقتىكى ئۇششاق گەپ، ئورۇنسىز تەنە پاراڭ، باشقىلارنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇش، ئىش ـ كۈشلىرىگە بىھۇدە ئارىلىشىۋېلىشلار جېنىغا تەگكەن بۇ كۈنلەردە ئۇ، بىر ئىشتىن كۆڭلى ئاغرىپ ھاراق ئىچىپ غەرق مەست بولۇۋالىدىغانلارنى بىر ئاز بولسىمۇ چۈشەنگەندەك بولۇپ قالاتتى.

قايسى بىر كۈنى خاسىيەتنىڭ پۇلى يىتىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۇنىڭمۇ ئەللىك سومغا يېقىن پۇلى ۋە ئۆزى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان تۈركچە ناخشا لېنتىسى يىتىپ كەتتى. ئالغان ئادەمنى كۆرمىگەندىكىن نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ياتاقداشلىرىدىن كەلگەن ۋاپا شۇنچىلىك تۇرسا.

بۇرۇنلاردا ئۇ شۇنداق ئويلاپ كېتەتتى: ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالسام ھەممە ئىشلىرىم جىل يىدا، ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. كۆڭۈللۈك، ئارامبەخش مۇھىتتا غەمسىز ياشايمەن...

ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇ پەقەت بىر شېرىن خىياللا ئىكەنتۇق، خالاس. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تاغ سۈيىدەك شوخ، ئەركىن خاراكتېرى بىراقلا ئۆزگەردى. غەمكىن، قاچانلا قارىسا خامۇش يۈرىدىغان بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى. چۈشكۈنلۈك دېگەن شۇمىكىن؟

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللى ــ ئۆزى يالغۇز بىر جايغا بېرىپ رەسىم سىزىش، كىتاب ئوقۇشلا ئىدى. باشقا ھەممە نەرسە زېرىكىشلىك. ئەگەر يەنە بىر كۆڭۈللۈك ئىش بار دېيىلسە خىيالدا ئۆمەر بىلەن ئۇچرىشىش، لېكىن...

لېكىن ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا كۆز ئالايتىپ تۇرغان بۇ كۈنلەردە ئۇچرىشىشمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك، پۈتۈن شەھەرنى ئالا قويماي ئىزلىسىمۇ تاپالمايدىغاندەك ئۈمىدسىز ھېسلار ئىچىدە تىپىرلايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ مەكتىپىگە ئوتتەك بارغۇسى كېلەتتىيۇ يەنە دەرھال رايىدىن قايتىپ قالاتتى. ئۇ دېگەن ئايالى بار ئادەم تۇرسا، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئىزلەشكە نېمە ھەققىم؟ مەن پەقەت ئۇنى ياخشى كۆرۈپلا قالدىم، خالاس. ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشقا ھەققىم يوق، دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئەگەر ئىزلەپ بېرىپ كەسىپ ئۈستىدە پىكىرلەشسەمچۇ؟ ھەي، بۇمۇ ئاقمايدىغان پاراڭمىكىن؟ ئۇنىڭ ئايالى نېمىدې گەن بەختلىك ـ ھە؟!

ئۇ بۇ كۈنلەردە «كۈمۈش قەدەھ» تىكى شېرىن چۈشتەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىقى ۋاقىتنى، ئۆمەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرىنى شۇنچىلىك سېغىنىدىكى، ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكىدىلا

سوقۇپ تۇرغان بىچارە يۈرىكىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۈنغۇسى كېلەتتى.

فەرۇزە مەكتەپ بېغىنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىپ، كەچ كىرگەننىمۇ تۇيماي قالدى. يۇمشاققىنا بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالغاندىلا ئېسىگە كەلدى.

— كىم؟ — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئۇياقنىڭ كىيىملىرىنى سىلاپ تاپماقچى بولىۋىدى، شۇ ئارىدا خاسىيەت كۈلۈپ تاشلىدى.

— ۋاي خىيالچى، شۇنداقمۇ بېرىلىپ خىيال سۈرۈپ كېتەمسەن؟ دىلنۇر ئىككىمىز يېنىڭغا كېلىپ تۇرغىلى نەۋاق.

— كېلىڭلار پاراڭلىشايلى، — دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ.

ئۈچى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. دىلنۇر بىلەن خاسىيەت ئىككىسىلا چىرايلىق ياسىنىۋېلىشقانىدى.

— بىر يەرگە بارماقچىمىدىڭلار؟ — سورىدى ئۇ.

— ياقەي، زېرىكىپ ئۆزىمىزچە ياسىنىپ باقتۇق.

— ھېلىقى گەپنى ئەمدى سورىغىنا، — دېدى دىلنۇر خاسىيەتكە ئۇنى ئىما قىلىپ.

— ھە راست، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئاخشام سەن توغرۇلۇق قانداق چۈش كۆردۈم بىلەمسەن، فەرۇز؟

— قانداق چۈش كۆرۈپسەن؟

— ئاۋۋال بىزگە راستىنى دەپ بەر. سەن بىرىنى سۆيۈپ باققانمۇ؟

ئۇ بىردىم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئاپامنى، سىڭلىمنى...

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈپ كەتتى.

— ياقەي، ئۇلارنى بىزمۇ سۆيۈپ باققان، ئوغۇللارنى دەيمەن، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىرنېمىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك تىكىلىپ قاراپ.

— ھە، بىرىنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەنمەن.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم لەۋلىرىڭ بىلەن...

— ماڭاۋەي قېلىن، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن؟

— توختا، ساڭا چۈشۈمنى دەپ بېرەي.

— دېگىنە قېنى.

— سەن چۈشۈمدە ئۆمەرئاكام بىلەن سۆيۈ...

فەرۇزە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە، ئۇلارنىڭ ۋارقىرىغىنىغىمۇ قارىماي يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

**( داۋامى كېيىنكى ساندا )**

مەسئۇل مۇھەررىر **سارىم ئىبراھىم**

www.uyghurkitap.com

ئايگۈل مۆيىدىن

# قەلب ساداسى

## ( ھېكايە )

مەن خىزمىتىمنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئۇرۇمچىگە قايتىدىغان چېغىمدا بىر قىز ماڭا كونۋېرتقا سېلىقلىق بىر پارچە خەتنى سۇندى:

— ئاچا، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ، — مۇنۇ خەتنى ئۈرۈمچىگە بارغانلىرىدا پوچتىدىن سېلىۋەتكەن بولسىلىرى.

مەن تاسادىپىيلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ماڭا تەڭلەۋاتقان خېتىگە قولۇمنى ئۇزاتتىم ھەم قىزنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ قارىۋالدىم.

18 - 19 ياشلاردىكى زىلۋا بوي، ئاق، سۇزۇك كەلگەن بۇ قىزنىڭ كۆلمىسىمۇ كۆلكە يېغىپ تۇرىدىغان خۇما كۆزلىرىدىن ئوماقلىق، ئۆتكۈرلۈك، زېرەكلىك چىقىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇستىبېشى ئاددىي بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ گەپ - سۆز، تۇرق - سىياقىدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە مىسكىنلىككە قاراپ، بۇ قىزنىڭ نېمە دەردى بار بولغىيدى، دېگەن خىيال لىپپىدە كاللامدىن كەچتى.

— بۇ خەتنى كىمگە ئەۋەتمەكچى ئىدىڭىز؟ — دېدىم مەن قىزغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— دادامغا، — دېدى ئۇ گويا بىر نەرسە بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— دادىڭىز ئۈرۈمچىدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمىشقا بۇ خەتنى مۇشۇ يەردىكى پوچتىدىنلا سالمايسىز؟ — دېدىم مەن ئەھۋالنى تەپسىلىيرەك بىلىش مەقسىتىدە.

— دادام تۈرمىدە. بۇ خەتنى بۇ يەردىن سالسام ئۇزۇنىدىراق بارىدۇ. تېززەك قولىغا تەگسۇن دەپ سىلىگە بەردىم، — دېدى - دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ. دادىڭىزنىڭ ئادرېسى ئېنىقمۇ؟ — مەن شۇنداق دېگەچ ئۇ بايا ماڭا بەرگەن كونۋېرتقا كۆز يۈگۈرتتۈم.

— ھەئە ئېنىق. كونۋېرت ئۈستىگە ئادرېسىنى تولۇق يازدىم، ماركىنىمۇ چاپلاپ

قويدۇم، — دېدى قىز مېنىڭ سوئالىمغا ئىزاھات بېرىپ.

— ئەمىسە خاتىرجەم بولۇڭ سىڭلىم، خېتىڭىزنى بۈگۈنلا پوچتىدىن سېلىۋېتىمەن.

— ئاچا، مەن سىڭلىمنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىۋالغان بولسام، — دېدى قىز ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا ياشلىرىنى سۈرتكەن ھالدا تاتلىققىنا كۈلۈپ.

— ئىسمىم مەرھابا، سىزنىڭچۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ نازۇك، ئەمما يېرىلغان يىرىك قوللىرىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ.

— مېنىڭ ئىسمىم زۇلخۇمار، — دېدى ئۇ تارتىنىپراق كۆزلىرىنى يەرگە ئاغدۇرۇپ. ئۇنىڭ ئاشۇ تال - تال قويۇق كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

— سىڭلىم. دادىڭىزنى تازىمۇ سېغىنىپسىز - دە، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدىم تەسەللىي يۈزىسىدىن. بىراق ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئۆزۈمنى ئاران - ئارانلىقتا بېسىۋالدىم.

كونۋېرتقا پاتماي پومپىيىپ قالغان قېلىن خەتنى سومكامغا سېلىۋېتىپ، خەتنىڭ ئاغزى ئېتىلمىگەنلىكىگە كۆزۈم چۈشتى.

— بۇ خەتنىڭ ئاغزى ئېتىلمەپتۇ، ئوقۇۋالسام مەيلىمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدىم.

— ئوقۇۋالسىلا مەيلى، ئاچا. خەتتە سىلىدىن يوشۇرغۇدەك مەخپىيەتلىك يوق. خەت بەك قېلىن بولغاچقا، چاپلىغان جاي ئېچىلىپ كەتكەن چېغى، — دېدى ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — سىلىنىڭ مۇخبىر ئىكەنلىكلىرىنى ئاسىيە مۇئەللىمدىن ئاڭلىغانىدىم، ئۇ ماڭا سىلىنى يىراقتىن كۆرسىتىپ قويغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى سىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت زادى بولمىدى. تۈنۈگۈن بىرەيلەندىن سىلىنىڭ خىزمەتلەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ بۈگۈن ماڭماقچى بولغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئاخشام ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى يازدىم. ئاچا، ئەگەر سىلى راستىنلا بۇ خېتىمنى كۆرسىلە باشقا كىشىنىڭ نامىدا بىرەر نەرسە يازسىلىمۇ ياكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلسىلىمۇ مەيلى. چۈنكى بۇ ئاددىي خېتىم دادامغا ئوخشاش تاش يۈرەك، ئۆزى چوڭ بولسىمۇ، ئەقلى توشمىغان نادان ئاتىلار ۋە ماڭا ئوخشاش دادىسى ھايات تۇرۇپ دادا مېھرىدىن دىلى سۇ ئىچمىگەن تىرىك يېتىملەر ئۈچۈن سەلبىي دەرسلىك بولۇپ قالار، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، ھەممە يېرىدىن دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت تۆكۈلەتتى. بۇ ناتىۋان، سەبىي قىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھېسداشلىقىم كېلىپ ئىچىم سىيرىلدى. بىراق سەپەرگە چىقىش ۋاقتىم يېقىنلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىز بىلەن خوشلىشىشقا توغرا كەلدى.

مەن ئايروپىلانغا چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن سومكىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا ئالدىرىدىم. خەت تۆۋەندىكى مەزمۇندا يېزىلغانىدى:

«قەدىردان دادا، گەرچە سەن بىزنى گويا پۇتۇڭغا پۇتلاشقان داڭگالدەك چۆرۈۋەتكەن بولساڭمۇ، سەن يەنىلا بىز ئۈچۈن قەدىرلىك. چۈنكى سەن بىزنىڭ دادىمىز، بىز سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن ئاپىرىدە بولغان يۈرىكىڭنىڭ پارىسى. سەن بىزدىن تېنىپ كەتكەن بولساڭمۇ، دادا مېھرىگە زارىقىپ كەتكەن دىلى سۇنۇق بىچارە بالىلىرىڭ سېنى يەنە سېغىنماقتا.

دادا، بەلكى سەنمۇ ئاشۇ جاپالىق تۇرمۇش ھاياتىمنى بېشىڭدىن كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەردە ئەتراپىڭدىن پەرۋانىدەك نېرى كېتەلمەي بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاتىلىق مېھرىڭ بىلەن بالام دەپ بېشىمىزنى سىلىشىڭنى، ئەركىلىتىشىڭنى كۈتكەن پەرزەنتلىرىڭنى، ئوتلىرىڭدا كۆيۈپ، سۆلىرىڭدا ئاققان، بېشىڭغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە دەردىڭگە دەرمان بولغان، ۋاپادار، ياۋاش، ئىخلاسمەن، ئاق كۆڭۈل ئاپامنىمۇ

uyghurkitap.com



ئاز - تولا ئەسلىگەنسەن .

شۇنداق ، ھەرقانداق بىر ئىنسان بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ، توغرا بىلەن خاتانى سېلىشتۇرىدۇ . ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمەن يەپ ھەسرەت چېكىدۇ . بىراق پۇشايماننىڭ نېمە پايدىسى ؟

دادا ، دۇنيادا ئاتا - ئانا مېھرىدىن ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس نەرسە يوقمىكىن دەپ ئويلاي- مەن . چۈنكى پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئاتا - ئانا مېھرى خۇددى ھاۋا بىلەن سۇغا ئوخشاشلا مۇھىم . دادا پەرزەنتلەر ئۈچۈن قانات ، يۆلەنچۈك ، قوغدىغۇچى ، سايىگاھ ... دادىسى بارلارنىڭ كۆڭلى توق ، يۈرىكى پۈتۈن بولى- دىكەن . ئۇلار جۇشقۇن ، روھلۇق ، ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولىدىكەن . بىزگە ئوخشاش دادا مېھرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن پەرزەنتلەر گويا كۈن نۇرىدىن بەھرى ئالالمىغان ئاجىز مايسىدەك روھسىز ، خىيالچان ، دىلى سۇنۇق كېلىدىكەن .

دادا ، بىز تىرىك يېتىم بولۇپ قالغىنىمىزغا ئېچىنىمىز . بىز ئەسلىدە بۇ دۇنياغا تۆرەلمىسەك بوپتىكەن . بىز ساڭا ھەم جەمئى- يەتكە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالدۇق . سەن ئەسلىدە دادىلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلىپ بىزگە ئىگە بولۇشۇڭ ، بىزنى تەربىيىلىشىڭ ، قاناتىڭغا قوشۇشۇڭ كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى ، سەن بۇنى قىلچىمۇ ئويلىمىدىڭ . يېشىڭ ئاتمىشقا ئۇلىشاي دېگەن بولسىمۇ ، ئەقلى - ھوشۇڭنى تاپمىدىڭ ، كۆز ئالدىڭدا ئۈچ پەرزەنتىڭنىڭ بارلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمەي ، تاپتىن چىققان بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۈلپەت تۇتۇپ قىمار ئويناپ ، ھاراق ئىچىپ ، كەيپ - ساپا سۈردۈڭ ، قولۇڭغا ئازراق پۇل كىرىپ قالسا تېرەڭگە پاتماي ناشايان ئىشلارغا بۇزۇپ چاچتىڭ ، قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتكەندە «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك ئاچچىقىڭنى ئاپامدىن ئېلىپ ، ھەدېسىلا ئۇنى ئۇرۇپ - چەيلىدىڭ ، بالىلى- رىڭ نېمە يەپ ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ ، ئۇلارنىڭ نېمىسى بار ، نېمىسى يوق كارىڭ بولمىدى ، سەن بىزدىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ باللىرىم قانداق ئوقۇۋاتىسىلەر دەپ سوراپ باقمىدىڭ . ھەتتا بىز ئۈچىمىزنىڭ قايسى مەكتەپ ، قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلىقىمىزنىمۇ بىل- مەيسەن . ئىگىدارچىلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرەر قېتىم مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشىپ باقمىدىڭ . بىز بىلەن خوشۇڭ يوق . بىزنى كۆرسەڭلا ھۆرپىيىسەن ، چېچىلىسەن . ئىنىم بىلەن سىڭلىم بەزىدە ئەركىلەپ يېنىڭغا كەلسە ، سەتلەپ دۆشكەل- لەيسەن . كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گېپى چىقسا شۇ زامان بېشىڭغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ . ھا- زىرغىچە بىزنىڭ دەپتەر - قەلەم ، ئوقۇش راسخوتىمىزنىڭ ھەممىسىنى جاپاكەش ئاپام مىڭبىر مۇشەققەتتە دوپپا تىكىپ تاپقان پۇللىرى بىلەن قامداپ كېلىۋاتىدۇ .

دادا ، سەن بىزنى زاكىمىزدىكى چاغدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتتىڭ ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇپ - تىللاپ چۆچۈتۈپ روھىمىزنى چىقىرىۋەتتىڭ . شۇڭا بىز ھەممە ئىشتا يۈرەك- سىز ، قورقۇنچاق بولۇپ قالدۇق . بىز دائىم دادام بۈگۈن ئۆيگە ھاراق ئىچمەي ساق كىر- سىكەن دەپ تىلەيمىز . چۈنكى ھاراق ئىچىۋالساڭلا ئورۇنسىز جېدەل چىقىرىپ ، ئا- پامنىلا ئەمەس ، ھەممىمىزنى تاياق ئاستىغا ئالىسەن .

دادا ، بىز ئەمدى ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولدۇق . نېمىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى چۈشەندۇق . جەمئىيەتتە دادىنىڭ يۈز - ئابرويى بولمىسا ، ئۇنىڭ باللىرىنىڭمۇ بولمايدىكەن .

ئىنىم ۋارىس شۇنداق ئەقىللىق ، ئۆت- كۈر ، تىرىشچان بالا ئىدى . ئۆگىنىشتە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەيتتى . بىراق ئۇ ھا- زىر دەرسلەردە چېكىنىپ ، چۈشكۈنلىشىپ كەتتى . بۇنىڭ سېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن ؟ بۇنىڭغا بىر مىسال

كەلتۈرۈپ بېرەي :
بىر قېتىم ۋارىسنىڭ ساۋاقداشلىرى سېنى
تۆت كوچا دوقمۇشىدا ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ
مەست ھالەتتە قۇسۇۋاتقان ھالدا كۆرۈپ ، يې
رىگىدىن ئۆيگە يۆلەشتۈرۈپ ئەكىلىپ
قويغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ ؟ شۇ ئىشتىن كېيىن
ۋارىسنىڭ سىنىپىدىكى بەزى باللار ئىككى
گەپنىڭ بىرى بولسا ۋارىسنى «ھاراقكەشنىڭ
بالىسى» ، «قىمارۋازنىڭ بالىسى» ، «بۇزۇقنىڭ
بالىسى» دەيدىغان بولۇۋاپتۇ . ھەتتا يېقىن
ئاغىنىلىرىمۇ دائىم : «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى
چالا قۇيرۇق ، ئەتە ـ ئۆگۈن سېنىمۇ كۆرىمىز
تېخى ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ غۇ
رۇرىغا تېگىدىكەن . شۇنىدىن بۇيان ئۇ
جىمغۇرلىشىپ كەتتى . بىر يەرگە تىكىلىپ قىل
رىۋالىسا سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان ، ئۆزى
دەرسخانىدا بولسىمۇ ، كاللىسىغا ھېچ نەرسە
چۈشمەيدىغان ، مۇئەللىم سورىغان سوئاللارغا
كەلسە ـ كەلمەس جاۋاب بېرىپ باشقىلارنىڭ
كۈلكە ـ مەسخىرىسىگە قالىدىغان ، تېرىككەك ،
يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدى .
دادا ، ئادەملەرمۇ ، تەبىئەتمۇ ئۆزگىرىدۇ .
بىراق سەن نېمىشقا ئۆزگەرمەيدىغانسەن ؟ سې
نىڭ توغرا يولدا مېڭىشىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ
ئادەم ئەجىر سىڭدۈردى ، بولۇپمۇ ئۇرۇق ـ تۇغ
قانلار ساڭا تاش ئېرىغۇدەك سۆزلەر بىلەن
تەربىيە بەردى . سەن شۇ چاغدا مەن ئەمدى
چوقۇم ياخشى ئادەم بولىمەن دەپ ۋەدە
بەرگەنىدىڭ . بىزمۇ سەندىن كۆپ ئۈمىدلەرنى
كۈتكەنىدۇق . سەن ئىچكىرىگە بېرىپ ، سودا
بىلەن شۇغۇللىنىپ پۇل تاپىمەن دېگەندە ئاپام
ھېچ ئىككىلەنمەي موماڭدىن قالغان ئالتۇن
زىرىسىنى ، قولىدىكى بىر جۈپ ئۈزۈكنى سې
تىپ ، ئۆيدىكى ئازغىنا پۇللارنى قوشۇپ
سېنى گۇاڭجۇغا يولغا سالغانىدى . ئۈچ يىل
دىن كېيىن سەن قۇرۇق قول دېگۈدەك قايتىپ
كەلدىڭ ، ئىچكىرىدە چوڭ بىر سودىنىڭ بې
شىنى تۇتۇپ قويدۇم ، پۇل قولۇمغا كىرسىلا
قايتىپ كېلىمەن دەپ ، بىزگە بويۇڭنى كۆرسى
تىپ قويۇپلا يەنە كەتتىڭ . شۇ كەتكىنىڭچە
بىزگە خەتمۇ يازمىدىڭ . بىز باشقىلاردىن سەن
توغرۇلۇق بەزى مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلى
غان بولساقمۇ ، بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي سېنىڭ
ياتراق قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتتۇق . يولۇڭغا
قاراپ كۆزلىرىمىز تېشىلەي دېدى . بىراق ... ئاھ
خۇدا ، بىزگە نېمە تارتقۇلۇق ، نېمە كۆرگۈ
لۈكتۇ بۇ ؟! سەن قان چىقارماي جان
ئالىدىغان ، ھۆكۈمەتمۇ ، خەلقمۇ كەچۈرمەيدى
غان زەھەرلىك چېكىملىكنى ئېلىپ ـ سېتىپ
قولغا ئېلىنىپسەن . سەن مۇشۇ تۇرقىدا بىزنىڭ
ئازاب ئىچىدە قانچىلىك ئىڭراۋاتقانلىقىمىزنى
بىلەمسەن ؟ سەن ئاشۇ زەھەرلىك ئاق چېكىم
لىكنىڭ مىللىتىمىزگە ، بولۇپمۇ ياش
ئەۋلادلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى بىلەمسەن ؟
دادا ، سەن ئاق سۈت ئەمگەن ئىنسان
بالىسىغۇ ، يەنە كېلىپ ئەدەب ـ ئەخلاقلىق ،
قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، شەرمى ـ ھايالىق ، كىشى
نىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ، ھارامدىن يىراق
تۇرىدىغان ، خۇدادىن قورقىدىغان ، ئاق كۆ
ڭۈل ، پاك ، غۇرۇرى كۈچلۈك ئۇيغۇر
مىللىتىنىڭ پۇشتىغۇ ؟! شۇنداق تۇرۇقلۇق
ئاشۇ پاك خىسلىتىڭنى ، ۋىجدان ـ غۇرۇرۇڭنى
نەگە يوقاتتىڭ ، ئۆز مىللىتىڭنىڭ يىلتىزىغا
پالتا چېپىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ ؟ سەن
مىللىتىڭنى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ بىر يولىلا بەر
بات بولسۇن دېدىڭمۇ ؟
دادا ، مەن ساڭا يەنە نېمىلەرنى دەي ،
بىزنى نېمە ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ئويلىماي
دىغانسەن ، ئىنسانىنىڭ ھايۋاندىن پەرقى
نېمە ؟ بالا دېگەننى ھايۋانمۇ تاپىدىغۇ ؟ خۇدا
يىم باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى گۆشتىن ،
سېنىڭكىنى تاشتىن يارىتىپ قويغان بولغىي
مىدى ؟ قۇلاق سال دادا ، مەن بۇ يىل ئوقۇش
پۈتتۈرىمەن . ئانىكىت تولدۇرۇشقا توغرا كەل
سە ، داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ ، دېگەن
كاتەكچىگە دادام تۈرمىدە دەيمەنمۇ ياكى بىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلىۋەتكەن دەيمەنمۇ؟ زادى نېمە دەيمەن؟

دادا، سەن پەرزەنتلىرىڭنى ئويلاپ قوي. ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ قوي. بىز سېنىڭ ياخشى ئۆزگىرىپ، يېڭى ئادەم، ياخشى دادا بولۇپ چىقىشىڭنى ئارزۇ قىلىمىز. دادا، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بىزگە ئۇۋال قىلما. بىز سېنىڭ ئىللىق مېھرىڭگە موھتاج. بۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ ئىنساندەك ياشاپ باقايلى، بولامدۇ؟

خەير، سالامەت بولغىن دادا، بىزگە خەت ياز.

سېنى سېغىنغان قىزىڭ: زۇلخۇماردىن

خەتنى ئوقۇپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش تەسىرىدىن قاپاقلىرىم ئىششىپ كەتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان سەپەرداشلىرىم ھەيرانلىقتا ماڭا پات - پات قارىشىپ قويۇشتى.

مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ خەتنى پوچتىدىن سېلىۋېتىش قارارىمدىن ياندىم. قىزنىڭ دادىسى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، خەتنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىشنى توغرا تاپتىم.

مەن خەتتىكى ئادرېس بويىچە ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىغىراق جايلاشقان بىر تۈرمىگە باردىم. بۇ تۈرمە سىرتىدىن قاراشتىلا ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. تاملىرى سېپىل تاملىرىدەك قېلىن ھەم ئېگىز كەلگەن بولۇپ، تامنى بويلاپ تارتىلغان گادىرماش سىم توساقلار ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. ئۆگزىنىڭ ھەر تۆت بۇلۇڭىغا چوقچايتىپ سېلىنغان چاققانغىنا قاراۋۇل ئۆيى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئوقلىرى بەتلەنگەن مىلتىقلىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قاراۋۇللار ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن كۆز تىكەتتى.

ئىدارىنىڭ ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مۇخبىرلىق كىنىشكامنى كۆرسىتىپ تۈرمە دەرۋازىسىدىن كىردىم. تۈرمە مەسئۇلى ماڭا مەن كۆرۈشمەكچى بولغان جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى نەپەر يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشۈش ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. ئەگرى - بۈگرى كەتكەن ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىچى قورقۇنچلۇق ھەم تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. جىنايەتچىلەر سولانغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى سىرتىدىن قۇلۇپلانغان بولۇپ، گاھى ئۆيلەر تىمتاس، گاھى ئۆيلەردىن ئالىكىملەرنىڭ پۇتىغا سېلىنغان ئېغىر كىشەننىڭ جاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

مەن كۈن پېتىشقا قارايدىغان ئىككى پەنجىرىلىك يوغان بىر ئۆيگە كىردىم. ئۇدۇلدا تۆمۈر رىشاتكىلىق چاققانغىنا بىر ئۆي تۇراتتى. ئېھتىمال جىنايەتچى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ سۆزلەشسە كېرەك دېدىم ئىچىمدە. مېنى باشلاپ كىرگەنلەردىن بىرى چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي جىنايەتچى ھېسامىددىننى ھېلىقى تۆمۈر رىشاتكىلىق تار ئۆيگە باشلاپ كىردى. تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئارىلىقى كەڭ بولغاچقا، بىر - بىرىمىزنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ناتونۇش بۇ ئادەمگە سەپسېلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ بوي - تۇرقى ئېگىز ھەم بەستلىك بولۇپ، خېلى قاۋۇل ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ساقال - بۇرۇتىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ، زەئىپ كۆرۈنەتتى. قولىغا سېلىنغان تۆمۈر كويزا بىلەن پۇتىدىكى كىشەن يالتىراپ تۇراتتى.

مەن مۇخبىرلىق سالاھىيىتىم بىلەن ئۇنىڭدىن ئائىلە ئەھۋالى، ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشى قاتارلىق بىرقانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە سوئال سورىدىم. ئۇ ماڭا جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھەم ناھايىتى قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

— سەن تۈرمىگە كىرگەندىن بېرى ئائىلەڭگە خەت يازدىڭمۇ؟ — دېدىم مەن ئاخىرىدا.

— ياق، — دېدى ئۇ بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەي.

— نېمە ئۈچۈن؟

— بالا - چاقىلىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يوق، ئۇلار ئەمدى مېنى كەچۈرمەيدۇ، شۇڭا يازمىدىم، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىلداپ يىغلاپ كەتتى، — مەن ئەقىلسىز، ئەسكى، مەن باللىرىمنى، ئايالىمنى قاخشاتتىم، قىينىدىم. ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمىدىم. ئەمدى ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك، مېنىڭ جازام بىر پاي ئوق. مېنى ھۆكۈمەت ئېتىۋەتسۇن، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلار قويۇق ئۆسكەن ساقاللىرى ئارىسىدىن سىرغىپ كىر كۆڭلەكلىرىگە سىڭىپ كەتتى.

— سەن ئۆزگىرىپ يېڭى ئادەم بولۇشنى، باللىرىڭ بىلەن جەم بولۇپ خىل تىرجەم ياشاشنى خالىمامسەن؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ يىغىسى توختىغاندىن كېيىن.

— خالايمەن، بىراق باللىرىم مېنى كەچۈرمىسە ماڭا نېمە ئامال؟

— ئەگەر سەنلا ئاتىلىق مېھرىڭنى ئۇلارغا بەرسەڭ پەرزەنتلىرىڭ سېنى چوقۇم كەچۈرىدۇ، — مەن سومكامدىن زۇلخۇمارنىڭ خېتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم.

شۇ كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. كاللامنى تۇمەنمىڭ سوئاللار چىرمىۋالدى.

مېنىڭ «بارلىق ئاتىلار، ئانىلار، پەرزەنتىڭلارنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىڭلار، ئۇلارنى ئاسراڭلار، ئۇلارغا مېھىر - شەپقىتىڭلارنى ئايىماي بېرىڭلار» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىغۇم كەلدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى سارەم ئىبراھىم

www.uyghurkitap.com

**تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن**

# سەن سۆيەتتىڭ ھاياتنى شۇنداق

## سېنى ئەسلەيمەن

سەن سۆيەتتىڭ جانان كەبى ھاياتنى شۇنداق ،
كېچە - كۈندۈز ئۆتەر ئىدىڭ ئىشقىدا يېنىپ .
ئەجداد - ئەمگەك ، جاپا - مۇشكۈل پۈكسىمۇ بېلىڭ ،
ھايات ئاتلىق بۇ گۈزەلگە ئۆتمەيتتىڭ قېنىپ .

كەلسە باھار يەر - جاھانغا چېچىپ گۈل - چېچەك ،
قاھ - قاھ ئۇرۇپ ياش بالىدەك سالاتتىڭ قىقاس .
سېنىڭ ئاتەش ئىشقىڭ بىلەن دەريادا مۇزلار
ئېرىپ ئېقىپ سۇ بولاتتى تۇرالماي تىمتاس .

كېلىپ بۇلبۇل ، كاككۇك ، تورغاي قىلاتتى نەغمە ،
دېرىزەڭنىڭ كىشكىگە خۇشلۇقتا قونۇپ .
دەل - دەرەخلەر ، چىم - كوكاتلار كېتەتتى ياشناپ ،
سېنىڭ ئىللىق چىرايىڭنى كۆرگەندە كۈلۈپ .

گۈزەل باھار سېنىڭ بىلەن ياسىنىپ كۆركەم ،
سەن تېرىغان گۈللەر جىلۋە قىلاتتى تەنناز .
پەسىللەرنىڭ رۇخسارى ئۇز دىلبەر خانىشى
ئەركىلەيتتى سېنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەل ياز .

نېمىتى مول ، ساخاۋەتلىك كۈزمۇ دىلىڭدا
خۇشاللىقىڭ ، راھەتلەرنىڭ ئىدىغۇ كانى .
كۈنى قىسقا ، تۈنى ئۇزۇن قەھرىتان قىشنى
سۆيەر ئىدىڭ سېنى ئانى تاپسىمۇ گاھى .

كۆڭلى ـ كۆكسۈڭ گۈلباغ ئىدى ، غۇبارسىز شۇنداق ،
پايانى يوق ئىدى خۇددى دەريا ـ ئوكيان .
بارچىلارغا بەخت ، شادلىق تىلەيتتىڭ ھەردەم ،
شەپقىتىڭگە نائىل بولار ئىدى ھەر ئىنسان .

يا مەرتىۋە ياكى بايلىق ، ھەر خىل ۋەسۋەسە ،
كۆزلىرىڭنى غەدەقلىشىپ قىلالمىدى زار .
يوق ئىشلارنى ئىمە ئەيلەپ يۇتمىدىڭ ھەسرەت ،
ئېسىل خىسلەت ۋۇجۇدۇڭغا بولدى ئاشنا ـ يار .

كۆڭلۈڭنى شاد ـ خۇرام ئەتسە ئەلنىڭ خۇشلۇقى ،
ئەلنىڭ غېمى يۈرىكىڭنى ئەيلىدى زەرداب .
ئەل يىغلىسا بىللە يىغلاپ ، كۈلگەندە كۈلدۈڭ ،
ھەمراھ ئىدى ساڭا پاكلىق ، دىيانەت ـ ئىنساب .

سەن ھاياتنى كۆرەر ئىدىڭ جېنىڭدىن ئەۋزەل ،
سەن ئىنسانىنى سۆيەر ئىدىڭ يۈرەكتىن شۇنداق .
ھايات بەرگەن دەقىقىنى قەدىرلەر ئىدىڭ ،
ئىنسانلارنى ئۇلۇغلايتتىڭ بولغاچقا ئامراق .

سەن ئاجايىپ ئىنسان ئىدىڭ ئۈمىدۋار ھادىس ،
ھايات بولسا قايىل بولۇپ كېتەتتى لوقمان .
ئىبنىسىنا بولسا ئەگەر ئىپتاتتى ئالقىش
كۆرگىنىدە ۋۇجۇدۇڭنى ئۈمىدكە تولغان .

ئەمگەك بىلەن ، ئىجاد بىلەن بۇرچۇڭنى ئاقلاپ ،
ھەر بىر كۈننى ئاي ۋە يىلنى ئۆتكۈزدۈڭ ھالال .
ھەم ئاللانىڭ ، ھەم ئىنساننىڭ ئالدىدا ھەرگىز
ۋىجدانغا يات ئىش قىلمىدىڭ ، بولمىدىڭ مالال .

مىڭ جاپادا ، مۇشەققەتنىڭ گۈلخانلىرىدا
يېتىلدۈردۈڭ ئۈچ تۈلپارنى ، چىقاردى قانات .
پەرۋازىنى كۆرەلمىدىڭ ، زوقىنى ھەمدە ،
تويلىرىدا قەددىڭ كېرىپ كۈلەلمىدىڭ شات .

نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭ ، ئىستەكلىرىڭ ھەم
بوغقۇچلاندى ، كۈلەلمىدى سالالماي قىقاس .
كۆچەت قويۇپ ، پەرۋىش قىلىپ ، يېمىدىڭ يېمىش ،
مىراس بولۇپ قالدى بىزگە سەندىكى قىساس .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاق دىل ئىدىڭ ، پاك دىل ئىدىڭ ، قەبىھلىك ، شۇملۇق
يۈرىكىڭنىڭ يالقۇنىدىن بولار ئىدى كۈل .
ئېسىل مىجەز ، ئالىيجاناب ئىدى بەك پەزلىڭ ،
قەلبىڭ بېغى دەشتىلەرگىمۇ چاچار ئىدى گۈل .

سەن سۆيەتتىڭ جانان كەبى ھاياتنى شۇنداق ،
ھەر دەقىقە ، ھەر مىنۇتنى قەدىرلەپ ئوبدان .
تىنچ يات ، تىككەن گۈللىرىڭنى قەدىرلەپ دىلدىن ،
ئۆچەرمەستىن چىرىغىڭنى ئۆتەرمەن جان - جان .

## چېقىلغان ئېرىنلار

چۆل - چۆل بولدى قەلبىم ئەينىكى ،
جان ئامرىقىم ئايرىلىپ سەندىن .
نېمە ئۈچۈن كەتتىڭ يىراققا ،
يا رەنجىگەن ئىدىڭمۇ مەندىن .

سېنىڭ ئىدى ئۆيىمىز تۆرى ،
سېنىڭ ئۈچۈن ياسايتتىم گۈلدەك .
بەختىم ئىدىڭ ، كۆزۈمنىڭ نۇرى ،
سېنىڭ ئۈچۈن ئىشلەيتتىم قۇلدەك .

سېنى دەپلا تۇتاتتىم جاھان ،
راھەت ئىدى مەن ئۈچۈن جاپا .
بىز ئۆتكۈزگەن يىگىرمە ئالتە
يىلنىڭ ئېتى ئىدىغۇ ۋاپا .

سۈندى مېنىڭ قەلبىم ئەينىكى ،
كاردىن چىقتى ۋە بولدى چۆل - چۆل .
رەڭگىم بولدى سارغىيىپ سامان ،
ھىجرانىڭدا بولدۇم كۆيۈپ كۈل .

## قىش كېچىلىرى

كۆزنىكىمنى قاقىدۇ ھالسىز
يىغلامسىراپ بىچارە بوران .
مىسرالىرىم تۇرار ئېسەدەپ ،
يىتىمسىراپ قالغاچقا بوتان .

سىرداشىمدىن قەلىمىم بىلەن ،
كۆڭلۈم سۇنۇق ئۇزۇندىن بۇيان .
نېمە كېرەك لىرىكا ، شېئىر ،
يۈرىكىمدىن تامچىپ تۇرسا قان .

سەھەر سۇبھى پەردىسىن قايرىپ ،
قۇياش مەندىن سورىماس ئەھۋال .
ئەسىر گويا مەن ئۈچۈن بىر كۈن ،
ھەتتا تاڭمۇ ئاتمايدۇ دەرھال .

كىمگە ئاتاپ ئوقۇيمەن شېئىر ،
كىممۇ ئۇندىن سۆيۈنەر شۇدەم .
قېرىنماقتا ئۇزۇن كېچىلەر
يۈرىكىمنى مىجىقلاپ بۇدەم .

## ئېسەدەش

ئېسەدەيدۇ قۇياشمۇ ھەر تاڭ ،
كۆزى قانلىق بۇلاقتۇر گويا .
ئېسەدەيدۇ دەرەخلەر ھەردەم ،
مەرسىيىلەر ئېيتىدۇ ماڭا .

ئارامىنى بۇزۇپ زېمىنىنىڭ
قان يىغلايدۇ قىزارغان يۇلغۇن .
قان يىغلايمەن ئۆرتىنىپ باغرىم ،
سەۋەبى گۈلدۇر چېھرىمۇ سۇلغۇن .

ياخشىلارغا كۈن يوقتۇر نېچۈن ،
يا ئۇلارغا ئامراقمۇ تەڭرىم .

نېمە ئۈچۈن تۆكمەن كۆز ياش ،
نېمە ئۈچۈن ئۆلغىيار دەردىم .

خۇش كۆرمەيتتىم كۆز ياش تۆكۈشنى ،
كۆلكە بىلەن پەۋەستى چېھرىم .
ياش تۆكمەن ئەمدى مەن تەنها ،
يىقىلغاچقا سۆيۈنگەن تېغىم .

كەتتى قولدىن دۆلتىم ، بەختىم ،
كەتتى دىلدىن شادلىقىم ، كۆلكەم .
سۇندى تاجىم ، سۆلتىم ، تەختىم ،
سۇندى گويا قانىتىممۇ ھەم .

بەزلىيەلمەس مېنى ھېچنېمە ،
كۆزۈم قانلىق بۇلاققا ئوخشاش .
قىزىل يۈلغۈن قىزارتقان قەبرە
ئۈستىگە مەن تۆكمەن كۆز ياش .

## تەتۈر تاناسىپ

كىمنىڭ ئەزىزى خار بولار كىمگە
بولغاندەك بۇلبۇل گۈلگە ئىنتىزار .
قايسى نادانلار قۇچقۇشۇپ ۋىسال ،
قايسى ئاشىقلار يۈرگەندەك زار - زار .

كىمنىڭ ئەزىزلەپ ئۆستۈرگەن گۈلى
قايسى قوللاردا سارغىيار سۇسىز .
كۆلكە ۋە شادلىققا ئاشىنا دىللار
بوغۇلار ئەجەبكى پەريادسىز ، ئۈنسىز .

تازا بىر تەتۈر تاناسىپ ھايات ،
خىلى - خىلىغا كەلمەسكەن ئەجەپ .
بۇلبۇل ئاشىقتۇر زۇۋانسىز گۈلگە ،
كۈيچى كاككۇكنى قاقشىتار زېنەپ .

## ئوغلۇمغا

گۆھىرىم ، كۆزلىرىڭ باقىدۇ ئويچان ،
چېھرىڭنى كەمدىن - كەم كېزىدۇ كۆلكەڭ .
قامىتىڭ چىناردەك ، قەددىمىڭ مەزمۇت ،
گوياكى زور تاغنى يۆدكەندەك يەلكەڭ .

ئېسىمدە مەڭزىڭنىڭ گۈلگۈن زىننىقى ،
قەلبىمنىڭ ئۆيىنى يورۇتقان چېھرىڭ .
ئېھ ، بۇدرۇق قولۇڭنى ئۇزىتىپ ماڭا ،
تاپىتاڭلاپ كىلەتتىڭ ئۇلغايتىپ مېھرىم .

ئاھ ، يۇمران تەنلىرىڭ ، بۇدرۇق قوللىرىڭ
بۇ قاتتىق سۆڭەككە ئالماشتى قاچان .
ئاڭلانماس خوش خۇي ۋە بىغەم شۇ كۈلكەڭ ،
تەمكىنلىك جىسمىڭغا بوپتۇ ھۆكۈمران .

جان ئوغلۇم ، قارىسام جىسمىڭغا سېنىڭ ،
قەلبىڭنى ئۆرتەيدۇ شادلىق ۋە ھەسرەت .
بۇ ئالەم غوۋغىسى ، شادلىق ، غۇسسىسى
ئەگدىمۇ جىسمىڭنى قىلماستىن شەپقەت .

گۆدەكلىك چاغلىرىڭ بولدى بىر بايرام ،
ئاھ ، ياشلىق چاغلىرىڭ ئۆتمىدى تىنچ .
ھايات ھەر دەقىقە ئالدى ئىمتىھان ،
داۋانلار ھالقىدىڭ غىرىچ ۋە غىرىچ .

ئالدىڭدا كۆز يەتمەس ئۇزۇن بىر يول بار ،
جان ئوغلۇم ، مەنزىلگە بارارسەن قاچان .
ئالدىڭدا پەلسىرات ، ئاستىدا قاينام ،
ئۆڭگىدىن قاچانمۇ ئۆتەرسەن ئامان .

تۇمانلار بېشىڭغا سالىدۇ سايە ،
قۇچمىسۇن ئاراملىق ، كۆرمىسۇن دەپ كۈن .
گاھ زۇلمەت ئىچىدە كۆرۈنمەس غايە ،
غەپلەتتە ئۇخلا دەپ قانات يايار تۈن .

گاھ پۈتۈك ئاستىدىن چىقىدۇ لەخمە ،
سەن ئۇنى بىلمەيسەن ، تۇيمايسەن بەقەت .
مۇشكۈلگە بوي بەرمەي ياشىماق كېرەك ،
كەلدىم دەپ ئويلىما سۈرۈشكە راھەت .

دۇنيادا ياشىماق ئەمەستۇر ئوڭاي ،
جان ئوغلۇم ، ئېسىڭدىن چىقارما ئۇنى .
ياخشىلىق ھىممەتكە ئۆگەنسۇن كۆڭۈل
بىر ئۆمۈر قەلبىڭگە نەقىشلە شۇنى .

گۈلئەنبەر يۈسۈپ

# چېكىپ قەلبىڭ دېرىزىسىنى

## سېنىڭ خېتىڭ

دۈشەنبە ، سەيشەنبە ، كېلەر ھەم شەنبە ،
ئاھ ! كۈنلەر ئاشۇنداق ئۆتتۇشەر تېزلا .
ھەر كۈننىڭ ئورنى بار قەلبىم بېتىدە ،
ئۆچمەس ۋە ئۇنتۇلماس ئۇنىدىكى ئىزلار .

تۈنلەرنىڭ قوينىدا ھېسلىرىم ئويغاق ،
بەختىمدەك يۈز ئاچار ھەر بىر يورۇق تاڭ .
ۋۇجۇدۇم روھلىنار ، سېنىڭ خەتلىرىڭ
پۈتكەچكە: كۆيۈمگە لىرىك بىر ئاھاڭ .

## قار ياغار ، كۆزۈم يولۇڭغا باقار

كۆكلەمنى بىزىگەن چېچەكلەر كەبى
ئانا يەر باغرىغا تۆكۈلەر ئاق قار .
ۋۇجۇدۇم روھلىنىپ ، ئاتەش كۆزلىرىم
بىر ئارزۇ ئىلكىدە يولۇڭغا باقار .

دېرىزە تۈۋىدە تۇرىمەن ھامان ،
ھوردالغان ئەينەكتىن ئېرەر نەقىش - گۈل .
يۈرگەمدەك قۇشقاچلار ئورمانلار ئارا
ئۇچىدۇ ھېسلىرىم ، كۆلىدۇ كۆڭۈل ...

يادىمدا ، ھېلىقى يامغۇرلۇق سەھەر ،
(يېشىلگەن ئاشۇ كۈن دىللاردىكى سىر .)
كەلگەندە سەن ئەيلەپ قەلبىمنى ئىزھار ،
ياشلىرىم تۆكۈلگەن بوپ گويا شېئىر .

سامادىن تۆكۈلەر كۈمۈش قەترىلەر ،
بىر ئىزگۇ ناخشىدۇر غىچىرلىغان قار .
زېھنىمنى ئوغرىلاپ ھەر تۈۋش - شەپە ،
ئۈمىدتە كۆزلىرىم يولۇڭغا باقار .

## غۇرۇڭ تۇيغۇلار

پاك دۇنياغا ئىنتىلدىم چەكسىز ،
چىن كۆزۈمدە بېقىپ يېنىشلاپ .
بىراق ،
رەزىللىكنى كۆرمەسكە سېلىپ ،
ئۆتتۈپ كەتتىم ، كۆزمىنەك تاقاپ .
سۈكۈت قالدى يىللار بويىنىدا ،
روھىم ئارا كېزىدۇ ئازاب !
ئاھ ،
ناپاكلىقىقا چۆكسەم مەن ئەگەر
چىقارمەنمۇ ؟
ۋۇجۇدۇمنى قايتىدىن ياساپ !؟

گۈلسۇم نىياز

# قار

قار ، دېدى گۈلناز قىزىم كۈلۈپ كەتتى ،
قارىدىم ھەقىقەتەن قار يېغىپتۇ .
لەپىلدەپ ئاق چېچەكلەر ئۇينار ھەريان ،
دالىلار ئاق كىمخاپتىن تون كىيىپتۇ .

شادلىقنىڭ قۇچىقىدا تۇرسام بالقىپ ،
ئالدىمدا ئىرمەنلىكلەر بولدى پەيدا .
گۈللەرنىڭ جاۋغىيىدىن توزار ئىپار ،
تومۇچۇق نەي چالىدۇ زەپمۇ شەيدا .

ئۇچسەن ئاق چېچەكلەر بەكمۇ لەرزان ،
ئىشتىياق قوزغاپ تىنماي ھەر بىر دىلدا .
ئاپئاقسەن ، ئاق تاڭلارنىڭ چىرايى سەن ،
سېنىڭدىن تۆرەلگەن كۆي ئاقار تىلدا .

ئاق چېچەك باللىقتا قايتتىم ئاستا ،
ئۇ چاغلار ئۇتتىنمۇ بىز كۆپ كۆيەتتۇق .
ھەر ئەسنا ئىدى گويا جۇشقۇن ناخشا ،
بۇ ھايات گۈزەل ئىدى . بەك سۆيەتتۇق .

قېنى سەن مېنىڭ گۈزەل باللىقىم ،
ۋە يەنە باللىقتەك ئاداشلىرىم .
قېنى سەن ئاق چېچەكلەر ئاشىق بولغان
چېچەك چاغ ، چېچەكلەردەك قاياشلىرىم .

ئاق چېچەك، دىلبەر چېچەك، مەرغۇپ چېچەك،
ئانامنىڭ ئاق سۈتىدىن يارالدىڭمۇ ؟
پاكتۇرسەن سۆيگۈ كەتمەس قەلبلەردەك
زېمىنگە يۇلتۇزلاردەك تارالدىڭمۇ ؟

تۇرسۇنگۈل جامال

# ئۆتكەن كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە

ئۆتكەن كۈنلەر كەتتى كەلمەسكە ،
ماڭدىم ئەمدى يېڭى مەنزىلگە .
كەچمىش ھېسلار ئۇنتۇلغان تامام ،
دېمەك بۈگۈن ھاياتقا بەلگە .

مۇڭغا پېتىپ ئۆتمەسمەن ئەمدى
يىراقلاردا قالسۇن داد - پەرياد .
قۇلىقىمدا يېڭى جۇشقۇن كۆي ،
مىسكىن روھلار مەڭگۈلۈك بەربات .

www.uyghurkitap.com



توختى سابىر

# تېۋىلغا

(يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپاتىنىڭ ئالتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ۋاقىت ئىنسانلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يىراققا ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئېگىز، گىگانت تاغلارمۇ ئاستا - ئاستا ئۇپۇققا سىڭىپ، ئاخىرىدا ھېچنەرسىسى كۆرۈنمەي قالىدۇ. پەقەت تارىخنى ئاپىرىدە قىلغۇچىلارلا ئۇنىڭ ئەكسىچە ۋاقىت قانچە ئۇزارغانسېرى ئىنسانلار قەلبىگە شۇنچە يېپىقىنلاپ، ئۆزىنىڭ ئالتۇن ھەيكەل كەبى گىگانت قامىتىنى نامايان قىلىدۇ.

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئەنە شۇنداق ئالتۇن ھەيكەلنىڭ بىرى ئىدى، ۋاقىتنىڭ شەپقەتسىز بورىنى ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتكىنىگە ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە يىل بولدى. ۋەھالەنكى، بىز ۋاقىتنىڭ بارغانسېرى ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئالتۇن ھەيكەلنىڭ بىزگە بارغانسېرى يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ۋە قەلبىمىزدە ئۆچمەس تارىخنىڭ سەلتەنەتلىك ۋارىقى سۈپىتىدە چاقناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز.

مەن يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ بىلەن 60 - يىللارنىڭ بېشىدا تونۇشقان. ئۇ ۋاقىتتا مەن شىنجاڭ ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتىدا ئىشلەيتتىم. ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن دوستلىرى بار ئىدى. مەن ئەنە شۇ نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدىم. گەرچە مەن ئۇنىڭدىن بىرقانچە ياش كىچىك بولساممۇ، ئۇ تونۇلغان جامائەت ئەربابى، مەن ئاددىي بىر كادىر بولساممۇ، ئىككىمىز «ئاداش» دېيىشەتتۇق. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، شائىر - يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار، زىيالىيلار، ھەربىيلەر، ئىشچىلار، دېھقانلاردىن تارتىپ ئېلىپساتارلار، ھەتتا قاسساپ، ناۋايلارمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىشچى، دېھقان، زىيالىيلاردىن دوستلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەتتا دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردىمۇ نۇرغۇن دوستلىرى بار ئىدى. شۇنىسى ھەيران قالارلىق ئىدىكى، ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ دوستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم كۆز قارىشى بار ئىدى.

راستىنى ئېيتسام، بىز گەرچە بىر مەزگىل بېرىش - كېلىش قىلىشىپ يۈرسەكمۇ بىر - بىرىمىزنى تېخى ئەتراپلىق چۈشىنىپ كەتمەيتتۇق، بىزنىڭ ھەقىقىي چىن دوستلۇقىمىز 1963 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارغاندىلا باشلاندى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1989 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر 26 يىل جەريانىدا دېيىشمەيدىغان گەپلىرى يوق چىن دوست بولۇپ ئۆتتۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاپاتى ماڭا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ۋاپاتىدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. يۈرىكىمنى ھەسرەتكە سالدى. مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئىشەنگۈم كەلمەي

يۇردۇم. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، خۇش خۇي، ئاددىي - ساددا، يۇمۇرىستىك ئوبرازى، كەڭ قورساق خىسلىتى ئۇزۇنغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇ گويا كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغان ھالەتتە پەيدا بولىدىغاندەك، كۈلۈپ چاقچاق قىلغىنىچە ئۆيۈمگە كىرىپ كېلىدىغاندەك ئىدى.

بىز مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە بارغان چاغلاردا «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ھارارەت يەنىلا يۇقىرى ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنسا، ئەتىسى يەنە بىر خىل ئېقىم تەرغىب قىلىنىپ، ئۆگۈنى ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىپ تۇراتتى. خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىمۇ كۆرەش كەسكىن بولۇۋاتاتتى، شۇڭا بىز بىر تەرەپتىن، خۇشال - خۇرام ئوقۇۋاتقىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، چاقچاقنى «سىياسەت» ۋە «پرىنسىپ» چىقىپ قېلىپ، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ يۈرمەيلى، دەپ ئېھتىيات قىلاتتۇق. شۇڭا چاقچاقنى پەقەت سىڭگەن دائىرىدىلا قىلاتتۇق. بىز مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر كۈنى (بەشىنچى ئايلار بولۇشى مۇمكىن) تېيىپجان ماڭا:

— كۆل بويىغا بارايلىمۇ ياكى يىغىپيۇەنگە كىرەيلىمۇ؟ — دېدى.

— مەيلى، نەگە بارساق بارايلى، — دېدىم مەن، — سىلىچە نەگە بارىمىز؟

— ئەمىسە يىخېيۇەنگە بارايلى، سىلىگە دېيىدىغان گەپ بار ئىدى، — دېدى ئۇ. ئىككىمىز كەچلىك تاماقتىن كېيىن يىخېيۇەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق، ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن:

— مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ مېنى ××، ×× قاتارلىقلار بىلەن نۇقتىلىق ئۆزگەرتىش ئوبيېكتى قىلىپ بەلگىلەپتۇ، سىياسىي جەھەتتە سىلە مەندىن سەزگۈرەك، ئۆگىنىشتە نۇقتىلىق ئۆزگەرتىش قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن چاقچاق قىلىپ:

— ئېيتىپ بارغان ئېرىشىدىغان بوپتىلە ئەمىسە، — دېسەم، ئۇ:

— چاقچىقىڭلارنى قويۇڭلار، مەن ئەستايىدىل سوراۋاتىمەن، مەن قەيەرگىلا بارسام نۇقتا بولامدىمەن، ھەرىكەتتە نۇقتا بولۇشنىمۇ بىلىمەن، ئۆگىنىشتىكى نۇقتا قانداق بولىدىغاندۇ، ھېچ بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى. مەن بىرئاز ئويلىنىپ مۇجمەل قىلىپ:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپماق تەس، ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ تېپىڭلار، — دېدىم.

— مېنى خەقلەر مۇرەككەپ ئادەم دەيدۇ. مەن راستتىنلا مۇرەككەپ ئادەممۇ؟ — يېنىشلاپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— سىلە يا گومىنداڭ ۋاقتىدا ئەمەل تۇتمىساڭلا، يا گومىنداڭ ئەزاسى بولمىساڭلا، — دېدىم ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇپ، — قانداقچە مۇرەككەپ ئادەم بولىسىلە؟ مېنىڭچە، سىلە مۇرەككەپ ئەمەس، جەمئىيەت مۇرەككەپ. چۈنكى ئارىلىشىدىغان دائىرىڭلار كۆپ، ئارىلىشىدىغان ئادىمىڭلا مۇرەككەپ.

ئۇ بۇ سۆزۈمدىن خۇددى چوڭ بىر ھەقىقەتنى تېپىۋالغاندەك بولۇپ:

— ھە، بۇ گېپىڭلا جايىغا چۈشتى، نۇقتىلىق ئۆزگەرسەممۇ، ئۆزگىرىپ باقاي، ھەر قايسىڭلا ياردەم قىلارسىلەر، — دېدى.

تېيىپجان راست گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. دېگىنىنى قىلاتتى، قىلغانلىرىمۇ تېگى - تەكتىگە يەتكۈزۈپ ئەمەلدە كۆرسىتەتتى.

بىز ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا مۇشۇنداق مەسىلىلەردە دائىم پىكىرلىشىپ تۇردۇق. ئۇ نەزەرىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى تېز ئالغا باسقانىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى مەۋسۇمدە مۇئاۋىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گۈرۈپپا باشلىقى قىلىپ بەلگىلەندى. بىزنىڭ جاۋ لىگچېڭ ئىسىملىك بىر يېتەكچى مۇئەللىمىمىز بار ئىدى. ئۇ تېيىپجانغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇنىڭ شائىرلىق تالانتىغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ بەزى سورۇنلاردا:

ــ تېيىپجان چوقۇم پرولېتارىيات يازغۇچىسى ۋە شائىرى بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنداق ئادەم يالغۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدىلا ئەمەس، بىز خەنزۇلار ئىچىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ، ــ دەيتتى. تېيىپجانمۇ بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسىلا يولداش تۇردۇش (يولداش تۇردۇش ھەم ئوقۇتقۇچى، ھەم تەرجىمان ئىدى) بىلەن جاۋ لىگچېڭنى ئىزلەيتتى. كېيىن ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىدا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىللىگەن ماۋجۇشىنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. لېكىن ئۇزى شېئىر يازمىدى. چۈنكى مەكتەپ تۈزۈمىدە كۇرسانتلارنىڭ سىياسىي دەرسلىكتىن باشقا كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. ھەتتا خەنزۇچە ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت دەرسلىكىنى ئۆگىنىشمۇ مەلۇم دائىرىدە چەكلىنەتتى. يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇش جەريانىدا ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىن ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېيىنكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى ئىپادىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاندى.

بىز 1964 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، گۇڭشېلارغا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولۇپ كەتتۇق. بۇ ۋاقىتتا تېيىپجان ئۇرۇمچىدە قالدۇرۇلۇپ، ئۆز سىستېمىسىدىكى ئوكچىلىلىقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. بىز ئىككى قارارلىق (ھەر بىر قارارى يېرىم يىل ئەتراپىدا) سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى تۈگىتىپ، قەشقەر ۋىلايىتى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل گۇڭشېسىغا بارغاندا تېيىپجان ئۇرۇمچىدىكى «ھېسابات» نى بېرىپ بولۇپ، شاپتۇل گۇڭشېسىنىڭ بىرىنچى دادۈيگە مەن بىلەن بىللە تەقسىم قىلىندى. مەن خىزمەت دۈيىنىڭ دۈيجاڭى ئىدىم. ئۇ مۇئاۋىن دۈيجاڭ قىلىپ بەلگىلەنگەندى. بىز ئۇ يەردە 1965 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغىچە) بىللە خىزمەت ئىشلىدۇق. ئۇ مۇشۇ يەتتە ئاي جەريانىدا ئۆز خىزمىتىدە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ جاپالىق جايلارغا بېرىپ ئىشلەپ، خىزمەت دۈيى بىلەن ئۆمەكنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان ئىش شۇكى، ئۇ پەيزاۋاتقا بارغاندىن كېيىن ماڭا:

ــ سىلە مېنى ئايىماڭلا، ئەڭ كەمبەغەل، شارائىتى ئەڭ ناچار، ئىشى جاپالىق بىر ئەترەتكە ئەۋەتىڭلا، ــ دېدى. مەن:

ــ سىلە مۇئاۋىن دۈيجاڭ بولغاندىن كېيىن ئەترەتتە كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولۇڭلار، ــ دېدىم. ئەمما ئۇ ئۇنىمىدى ۋە:

ــ مەن تاللاپ بولدۇم، 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە بېرىپ پادىچىلار بىلەن بىرگە ياتىمەن، بۇ ئارقىلىق تۇرمۇش ئۆگىنىمەن، مەن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىمەن، ــ دېدى ـ دە، يوتقان ـ كۆرپىسىنى ئۆزى كۆتۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئۆگىنىش ۋە مەجلىس بولسىلا دادۈيگە بىر ـ ئىككى قېتىم كېلەتتى. قالغان ۋاقىتتا كېچە ـ كۈندۈز دېھقانلار بىلەن بىرگە بولاتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن كەلگەندە بىر دانە چاچ ئېلىش ماشىنىسى ئېلىۋالغانىكەن، شۇڭا ئۇ بىكار بولسىلا ئەترەتتىكى دېھقانلارنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويۇپتۇ. مەكتەپكە بارالمىغان بىرقانچە بالىغا ئۆز يېنىدىن پۇل

چىقىرىپ دەپتەر ـ قەلەم ئېپىبېرىپتۇ . بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگەن بىرقانچە ئائىلىگە بېرىپ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇلارغا تۇز ، سەرەڭگە ، كىرسىن قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپتۇ . ئىلگىرىدە ئارقىدا قالغان بەزى ياشلارغا ئىنقىلابىي قەھرىمان ۋاڭ جىيېنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ ئىزلىرى يېزىلغان قوللانمىنى تارقىتىپ بېرىپتۇ . قىسقىسى ، ئۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە بەلگىلىمە ۋە ئىنتىزام يول قويغان دائىرە ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىپتۇ .

بىر كۈنى شۇ ئەترەتتىكى بىر كەمبەغەل دېھقان ۋەكىلى مېنى ئىزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى :

ــ ئاڭلىساق بىزنىڭ دۈيگە بارغان كادىر چوڭ شائىر ئىكەن ، ئۇ بىز دېھقانلار ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن جىق پۇلنى خەجلىۋەتتى . ئۇ ئۈچ ئايدىن بۇيان ئېغىلدا پادىچىلار بىلەن بىللە يېتىپ ـ قوپۇۋاتقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپە ھەم كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پىت بېسىپ كېتىپتۇ ، شۇڭا مەجلىستە دائىم بەدەنلىرىنى قاشلاپ ئولتۇرىدۇ . بىز ئۇ كىشىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى ، شۇڭا سىلە ئۇ ئادەمنى دادۈيگە يۆتكەپ كەتكەن بولسىلا ، بۇ بىزنىڭ تەلپىمىز .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم . مەن ئۇ ئەترەتكە بارغاندا ، تېيىپجان بىلەن ئىشخانىدىلا سۆزلىشىپ ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياتقان يېرىگە بېرىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن ، ئىچىمدە ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتىم . شۇڭا مەن ئۇ دېھقانغا :

ــ ئۇنداق بولسا تېيىپجاننى بۈگۈن ـ ئەتىلا ياندۇرۇپ كېلەيلى ،ــ دېدىم . ئۇ ، مەمنۇن بولغان قىياپەتتە گېپىنى يەنە تەكرارلاپ :

ــ تېيىپجان قالتىس ئادەم ئىكەن ، بىر مۇنداق ئادەمنى چوقۇم ئاسرايلى . ھەرگىز پىتقا تاشلاپ بەرمەيلى ، ئۇ ئادەم بىزنى مەجلىستىمۇ ، ئەمگەكتىمۇ زېرىكتۈرمەيدۇ . ئۇنىڭ قىلغان ئەمگىكىنى بىز قىلساق بولىدىغۇ ،ــ دەپ چىقىپ كەتتى . مەن شۇ كۈنىلا چۈشتىن كېيىن ئىككى كادىرنى ئەگەشتۈرۈپ تېيىپجان تۇرغان ئۈچىنچى ئەترەتكە باردىم ۋە ئۇنى ـ بۇنى كۆرگەن بولۇپ ، ئۇ يېتىپ ـ قوپقان ئۆيگە كىردىم . ئۇ چاغدا تېيىپجان يوق بولۇپ ، مالچىلارمۇ سىرتقا كەتكەنىكەن . ئۆينىڭ ئىچى خېلى چوڭ بولسىمۇ ، قوتانغا يانداش بولغانلىقى ئۈچۈن ھاۋاسى سېسىق بولۇپ ، بەدبۇي پۇراق بىقسىپ تۇراتتى . ئۆي ئىچى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەنىدى . ئاستىغا بورا سېلىنغان كاڭ ئۈستىدە تۆت كىشىلىك ئورۇن ـ كۆرپە بولۇپ ، مەن بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىڭ تېيىپجاننىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم . ئۇنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىسى كىردىن قارىداپ كەتكەن ، توپا ـ چاڭ بىلەن بۇلغانغانىدى . مەن تېيىپجان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىسمائىل ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئېغىلىدىن ئەزالار بىلەن قىغ چىقىرىۋاتقانلىقىنى بىلدىم ـ دە ، ئۇدۇل شۇ يەرگە قاراپ كەتتىم . بىز ئېغىل يېنىغا كېلىشىمىزگە تېيىپجان ياشانغان بىر دېھقان بىلەن قىغ سېلىنغان زەمبىلنى كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى . مەن :

ــ يارايسىلە قارىي ، ئۆزۈڭلەرنىڭ ئوغۇتىنى ئۆزۈڭلار چىقارغىلى تۇرۇپسىلەر ،ــ دەپ چاقچاق قىلدىم . چۈنكى ئۇنىڭ لەقىمى كالا ئىدى .

ــ سىلە چىچمايدىغان ھەم سىيمەيدىغانلار بولغاندىكىن ئوغۇتمۇ چۈشمەيدۇ ـ دە ،ــ ئۇ ماڭا دەرھال چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى . ئۇ بۇ ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ شەيتان لەقىمىنى بىلدۈرگەنىدى . مەن تېيىپجاننى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا ئۇنى خۇددى بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتىم . ئۇ ماڭا ھەيران بولۇپ :

ــ قاراپ كەتتىڭلىغۇ ، قارىيغا ئوخشىماي قاپتىمەنمۇ ياكى تونۇمايۋاتامسىلەر ؟ــ دېدى . ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى ھېلىمۇ ئېسىمدە ، ئۇ كۆپ ئورۇقلىغانىدى . باش ـ كۆزىنى تۇزۇكرەك

www.uyghurkitap.com

يۇمغىلى خېلى ۋاقىت بولغانىدەك قىلاتتى . كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى قاپقارا كىر بولۇپ كەتكەنىدى .

ــ كۆڭلىكىڭلارنىڭ ياقىسىنى ئېچىڭلا ، ــ دېدىم مەن .

ــ نېمە قىلىسىلە ؟ ــ دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ .

ــ پىت تاپىمەن .

ــ تولا بىر نېمىلەر ئۇ ، ــ دېدى ئۇ تۇرپان شېۋىسىدە سۆزلەپ ، بىز كۈلۈشتۇق ، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا دېھقانلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ماڭا قىلغان ئىنكاسىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئۇنى بۇگۈنلا دۇيگە ئېلىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم . ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ :

ــ ئۇنداق قىلسام تەسىرى قانداق بولىدۇ ؟ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ ئەمدى كەتسەم دېھقانلار مېنى چىدىمىدى دەپ قالامدۇ ؟ ــ دېدى .

ــ دېھقانلار ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەس ، ــ دېدىم مەن .

ــ ئاران تاپقان نەتىجىمنى يوقىتاي دەمسىلە ؟ ــ دېدى ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ ، ــ توختاڭلا ، سىلىنىڭمۇ كاللاڭلارنىڭ ئىشلىمەي قالىدىغان چاغلىرى بوپ قالىدىكەن جۇمۇ . مېنىڭچە ، مۇنداق قىلايلى ، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا مالچىلار قوي ـ ئۆچكىلەرنى تاغقا ئېلىپ ماڭىدۇ . دادۇيگە شۇ چاغدا كېتەي .

ــ ئۇنداق بولسا مالچىلارنىڭ چارۋىلارنى تاغقا بۇرۇنراق چىقىرىشنى ئويلىشىپ كۆرەيلى ، ــ دېدىم مەن . تىيىپجان بۇ گېپىمگە دەرھال قارشى چىقتى :

ــ نېمە دەۋاتىسىلە ، دېھقانلارغا قارىغۇلارچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، قىشتىن ساق چىققان چارۋىلارنى ئەمدى جۇدۇنغا تۇتۇپ بەرسەك كوللېكتىپقا زىيان بولمامدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، چارۋىلارنىڭ ئالدى ھازىر تۆللەشكە باشلىدى . شۇڭا مەن يەنە بۇ يەردە بىرمەر ئاي تۇراي . بۇنداق ئىشتا بىز بۇيرۇقچىلىق قىلمايلى . چارۋىلارنى قاچان ، قەيەرگە يۆتكەشنى دېھقان ، چارۋىچىلار بىلىدۇ . بىز كادىر خەق بىلمەيمىز .

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دادۇيگە بېرىپ بىر ئاخشام يېتىپ ، سۇ ئىسسىتىپ يۇيۇنۇپ ، كىيىم يۆتكىلىشىلىشقا كۆندۈرۈپ يېنىپ كەلدىم . دېگەندەك ئۇ شۇ ھەپتىنىڭ 6 ـ كۈنى دادۇيگە كەلدى . ئۇنىڭ سالغان كۆڭلىكىدىن پىت تېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچىمىز ئاغرىدى ، شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇ ئىشنى چاقچاقاقا ئايلاندۇرۇپ نۇرغۇن چاقچاقلارنى قىلىشتۇق . دېگەندەك تىيىپجان 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرى ئەتراپىدا چارۋىلار ئاساسەن تۆللەپ بولۇپ تاغقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن دادۇيگە قايتىپ كەلدى .

بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ . بىز ئىككىمىز ھەر كۈنى مۇناسىۋەتلىك كادىرلارنى باشلاپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى ئايلىنىپ چۈشتە دادۇيگە قايتىپ كېلەتتۇق ، چۈشتە دادۇيدە تاماق ئېتىلمەيتتى . چۈنكى بىر قىسىم كادىرلار چۈشتە دادۇيگە قايتىپ كەلمەيتتى . شۇڭا پەقەت كەچتىلا تاماق ئېتىلەتتى . ئېتىلىدىغان تاماق ئاساسەن گۆشسىز سۇيۇقئاش ئىدى . ياتاق شارائىتىمىزمۇ ناچار بولۇپ ، ئىككىمىز دادۇيدە خېلى بىر ۋاقىتقىچە بىر كارىۋاتتا يېتىپ قوپقانىدۇق . كەچتە ئىشتىن ھېرىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۆزىمىزنى شۇ كارىۋاتقا تاشلاپ پاراڭ سېلىشقانچە بىردىن قۇرۇق گىردىنى غاجاپ ياتاتتۇق . ئۇ بىر كۈنى مەندىن ئۇشتۇمتۇت :

ــ ئاداش ، نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت بولسىلا تارتىپ چىقىرىلىدىغاندىمەن ؟ ــ دەپ سورىدى . ئۇ بۇ توغرۇلۇق بۇرۇنمۇ مەندىن نەچچە قېتىم سورىغانىدى . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ توغرۇلۇق

ناھايىتى كۆپ ئويلىنىدىغانلىقى ۋە ئازابلىنىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە تۈزلا جاۋاب بەرمەي:

— ئۆزۈڭلا كەپسىز بولغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدىم، ئۇ يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي:

— نېمە دېۋاتىسىلە؟ مەن كەپسىزلىك قىلىپ نېمە قىپتىمەن؟ — دېدى.

— ئۇنىڭدىن بەك غەم قىلىپ كەتمەڭلا، شاش توپاق چوقۇم ياخشى كالا بولۇپ چىقىدۇ، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— ئازدۇرماڭلا - ھە، — دېدى ئۇمۇ چاقچاققا چاقچاق ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ. مەن ئۇنىڭ سوئالىنى ھەمىشە چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل جاۋاب بەرمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھالىتىدىن ئۆز - ئۆزىنى ئەتراپلىق خۇلاسە قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇ مەسىلىنى بىر مەركىزىي مەسىلە قىلىپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتكە توغرا تەتبىقلىغانلىقى ئۈچۈن، بىر قېتىملىق ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرىنى سايلاش يىغىنىدا خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تېيىپجاننى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى قىلىپ سايلىدى. ئەمما گۇڭشې خىزمەت ئۆمىكى بۇنىڭغا قوشۇلماي، مەسئۇل كادىرلارنى كۆرسەتمەڭلار، ئادەتتىكى كادىرلاردىن سايلاڭلار، دەپ يوليورۇق بەردى. مەن بۇ گەپنى تېيىپجانغا ئېيتقاندىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىچى تارلىق قىلىۋاتىسىلە - ھە، مەن شۇ كۈنى مېنى سايلىماڭلا دېسەم ئۇنىمىدىڭلا، قانداق؟ مېنىڭ ئالدىن كۆرەلىكىم بارمىكەن؟ — دېدى. مەن شۇ كۈنى كەچتە مەجلىس ئېچىپ كادىرلارغا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدۈم، ئەمما يولداشلار يەنىلا تېيىپجاننى سايلاپ تۇرۇۋالدى. تېيىپجان بۇنىڭغا قانچە قارشىلىق قىلسىمۇ ئۇنىمىدى. نەتىجىدە بۇ ئەھۋالنى خىزمەت ئۆمىكىگە قايتا دوكلات قىلىپ، خىزمەت ئۆمىكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدىم. تېيىپجان بۇنى ئاڭلاپ:

— ھەي، مۇشۇنداق قىلمىساڭلار بولاتتى، ئۇزۇنغا قالماي يەنە بىر ئىش باردەك قىلىدۇ، كېيىن سىلە بالادا قالمىساڭلار بولاتتىغۇ، — دېدى.

— نېمىشقا بالاغا قالىدىكەنمەن؟ سىلىدەك ئادەمنى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقسام، تەشكىل ئەلۋەتتە خۇش بولىدۇ - دە، — دېدىم مەن يەنە چاقچاق قىلىپ.

— بۇ گەپلەر جايىدا، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ، — بوپتۇ ئەمىسە، بولسام بولاي، كېيىن چاتاق چىقسا، ئۆزۈم بولغان دەپ تۇرۇۋالمامدىمەن، — بىز كۈلۈشتۇق.

دېگەندەك 1966 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، پەيزاۋات ناھىيىسىگە بىزنى مەجلىسكە چاقىردى. ئەمما تېيىپجانغا ئۇقتۇرماسلىقنى تاپىلىدى. بىز ناھىيىگە بارغاندا، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قوزغاش ئۇقتۇرۇشى يەتكۈزۈلدى ۋە بۇ يىغىنىنىڭ روھىنى تېيىپجان قاتارلىق كىشىلەرگە يەتكۈزمەسلىك ئۇقتۇرۇلدى. بىز قايتىپ كەلگەندە تېيىپجان مەندىن:

— نېمە مەجلىسكەن؟ — دەپ سورىدى. مەن گەپ يورغىلىتىپ گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندۇم. تېيىپجان سەزگۈر كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

— سىلە دېمىگەن بىلەن بىلىپ بولدۇم. مېنى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى قىلىپ سايلىماڭلار دېسەم ئۇنىمايسىلەر، ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ — دېدى. مەن يەنىلا جاۋاب بەرگۈم كەلمەي:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



— ۋاي ، ئىككىسى ئىككى ئىش ، سىلە يا ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشتە يالغان ئاكتىپ بولمىساڭلا ، نېمە قورقىسىلەر ؟ — دېدىم .

دېگىنىدەك بىر ھەپتە ئۆتمەي ـ ئۆتمەي «شىنجاڭ گېزىتى» گە «قارا يىپ» دەپ ئاتالغان بىرقانچە كىشى تونۇش مەنسەپدارلىرى يېپىن ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېيىپجاننىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى .مەن ئۇ گېزىتنى تېيىپجاننىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىقىپ قويدۇم . كۈتۈلمىگەندە ، ئۇ كەچتە كېلىپ گېزىتنى مەندىن سوروشتە قىلدى . مەن قەستەن كۆرمىدىم دەپ تۇرۇۋالدىم . تېيىپجان سالماق ھالەتتە :

— ھە ، ئوتنى قەغەز ئىچىدە ساقلىغىلى بولمايدۇ ، ئاداش . «شىنجاڭ گېزىتى» بىر نۇسخىلا بېسىلمايدىغاندۇ ؟ بوپتۇ ، سىلە بەرمىسەڭلا باشقا جايدىن تېپىپ كۆرىمەن ، — دېدى ـ دە ، يېنىمدىن چىقىپ كەتتى . لېكىن باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا شۇ سان گېزىتنى كۆرسەتمەپتۇ . مەن بۇنى ئاڭلاپ يولداشلاردىن ناھايىتى تەسىرلەندىم ۋە شۇ ۋاقىتتا تېيىپجاننىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭگەن ياخشى يولداش ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى . كېيىنكى كۈنلەردە تېيىپجان مۇشۇ ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ :

— توختاخۇن ، شاپتۇلدا خېلى ئوبدان ئىشلىگەن ئىكەنمىز ، جۇمۇ . مېنى نېمە دېسە دېسۇن ، شۇ ۋاقىتتا دېھقانلار بىلەن كادىرلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئويلىسام ، شۇ چاغ مېنىڭ خېلى ئادەم بولۇپ قالغان ۋاقتىم ئوخشايدۇ دەپ قالىمەن ، — دېگەنىدى . مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ :

— سىلە تەكتىڭلىدىن ياخشى ئادەم ، ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەنلىك بولغانغا يامان ئادەم بولۇپ قالمايدۇ ، — دېدىم .

شۇ يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلار بولسا كېرەك ، سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى تۈگەپ ، بىر قانچىمىزنى قەشقەردە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ياردەملىشىشكە ئېلىپ قالدى . قالغانلارغا ئۆز ئورنىغا قايتىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى . مەن قەشقەر تىببىي مەكتىپىگە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئەۋەتىلدىم . بىر كۈنى تېيىپجان تۇيۇقسىزلا يېنىمغا كىرىپ كەلدى .

— سىلە بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم ، ئەتە ماڭىدىكەنمىز ، يوتقان ـ كۆرپەمنىمۇ ئېلىۋالدىم ، — دېدى .

— قايتا كېلىدىغان بولغاندىن كېيىن قويۇپ كەتسەڭلا بولمامدۇ ؟

— قايتا كېلىش سىلىگە نېسىپ بولغان بىلەن ماڭا نېسىپ بولۇشى ناتايىن ، ئۆرۈمچىدە يوتقان ـ كۆرپەمنى پاكىزرەك يۇدۇرمامدىمەن . ئەمدى مۇشۇ قېتىم ئايرىلساق قاچان كۆرۈشەرمىز ؟

— راستىنى ئېيتسام ، بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن ، — دېدىم مەن بېشىمنى تاتىلاپ ، — ئەھۋال مۇرەككەپ تۇرىدۇ . بۇ ئىنقىلاب بۈرۈنقىدەك بىر ـ ئىككى يىلدا ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس .

— شۇڭا مەنمۇ سىلە بىلەن ئوبدان بىر كۆرۈشۈۋالاي دەپ كېلىشىم ، — دېدى تېيىپجان . ئۇنىڭ كۆڭلى سەل بۇزۇلغاندەك بولدى . بىز مەكتەپ ئاشخانىسىدا بىر بۇلۇڭغا كىرىپ بىرگە تاماق يېدۇق . ئۇ ياتىقىمغىمۇ كىرمەي مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . مەن 1967 ـ يىل 1 ـ ئايدا قەشقەردىن قايتىپ كەلدىم . مەن بۇرۇن «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىدا پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلەيتتىم . كەلسەم ئىسيانچىلار ھوقۇقۇمنى تارتىۋېلىپ ، ئىشخانامنىمۇ ئىگىلىۋاپتۇ . ئۇلار «بىكار بولۇپ قالساڭ پار سېخىغا بېرىپ ئوت قالا» دەپ مېنى سېخقا چۈشۈرۈپ بەردى . مەن ئىككى يىل سېختا ئىشلىدىم . بەزىدە تونۇشلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام ، تېيىپجاننى سورايتتىم ،

ئۇلارمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەي، جىمسارغا دىمىدۇ، گۆجۈڭگە دىمىدۇ، بىر يەرگە بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ چۈشۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق دېيىشەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن 7 ـ 8 يىل ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. 1974 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرسام، تېيىپجان تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم.

ــ ھەي، قارىيىمۇ سىلە؟ ــ دېدىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماي. تېيىپجان ماڭا چاقچاق ئارىلاش:

ــ قانداق؟ كۆزۈڭلارغا باشقا نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتامدىمەن؟ ــ دېدى.

ــ قاچان كەلدىڭلا؟ نەدىن كەلدىڭلا؟ ــ سورىدىم مەن خۇشال بولۇپ، تېيىپجان كۆزىگە لىممىدە ياش ئالدى.

ــ خۇش بولۇپ كەتتىڭلا ـ ھە! ــ دېدى ئۇ كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ــ تونۇغۇن كەلدىم، باللار قالدى، ئۆزۈمنى چاقىرتقانىكەن، سىنى ئاقلىدۇق دەپ قولۇمغا ئۇقتۇرۇش بەردى.

بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ تاكى كەچ كىرگۈچە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. بىرەر ھەپتە كۆرۈشەلمىسەك تېلېفون ئارقىلىق بولسىمۇ پاراڭ ـ چاقچاق قىلىشاتتۇق.

تېيىپجان ناھايىتى مېھماندوست ئىدى. مەيلى شىمالىي شىنجاڭ ياكى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ۋە ياكى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە مەجلىسكە كەلگەن، ئۆز ۋاقتىدا شۇ جايلارغا بارغاندا ئۆزىنى يوقلىغان، مېھمان قىلغان يولداشلار كەپتۇ دېسە، تېيىپجان ئۇلارنى ئىزلەپ بېرىپ ياخشى مېھمان قىلاتتى، ھېچ نەرسە تاپالمىسا (ئۇ ۋاقىتلاردا يېمەك ـ ئىچمەك ناھايىتى قىس ئىدى) بىر تەخسە سەي قورۇپ، پارچە هاراق بولسىمۇ سېتىۋېلىپ، سۇيۇقئاش بولسىمۇ ئەتتۈرۈپ مېھمان قىلاتتى. ئۇ تاپقاندا يولداشلاردىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايتتى. بىر قوي تاپسا، شۇ كۈنىلا ئۆلتۈرۈپ، ئۈرۈمچىدىكى كۆڭلى يېقىن ئاغىنىلىرىنى يىغىپ مېھمان قىلاتتى. قەلەم ھەققى چىققاندا ئۈرۈمچىدە ئالسا ئۈرۈمچىدە، بېيجىڭدا ئالسا بېيجىڭدە ئاغىنىلىرىگە خەجلەپ بېرەتتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئارىمىزدا ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغان مۇنداق بىر پاراڭ بولۇپ ئۆتكەنىدى. بىر قېتىم بىز بېيجىڭدا بىللە بولۇپ قالدۇق. بىر كۈنى مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى بىر تويغا بىللە بېرىپ قايتىش ئالدىدا مەن شىنجاڭ ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسىغا تېلېفون بېرىپ ماشىنا چاقىرتماقچى بولدۇم. ئەمما ئۇ قارشى چىقىپ:

ــ بولدىلا، تاماق سىڭدۈرگەچ بېكەتكىچە مېڭىپ ئاندىن ئاپتوبۇس بىلەن كېتەيلى، ــ دېدى.

كېتىۋېتىپ ئارىمىزدا گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى.

ــ ھازىر جەمئىيەتتە ماۋجۇشى توغرۇلۇق ھەر خىل قاراشلار بار، سىلە قانداق قارايسىلە؟ ــ دەپ سورىدىم مەن. چۈنكى جەمئىيەتتە ماۋجۇشى ۋاپاتىدىن كېيىن ماۋجۇشىنىڭ تۆھپىسى بىلەن خاتالىقى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار پەيدا بولغانىدى. تېيىپجان گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئويلاپ تۇرمايلا:

ــ ماۋجۇشى ئۇلۇغ ئادەم، ئۇنى تەنقىد قىلسا بولار، لېكىن قارشى چىقسا بولماس، قارغىسا تېخىمۇ بولماس. ئاتىمىزغۇ سىنىپي كۈرەشنى جىق قىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ تۆھپىسى چوڭ، ئۇلۇغ ئادەم. ئۇنى يوقىتا چىقارسا تارىخىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، تارىخنىمۇ توغرا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەن ماۋجۇشىغا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى چىقىشقا قوشۇل

مايمەن ، قارغاشقا ئېخىمۇ قوشۇلمايمەن ، — دېدى .

مەن ئۇنىڭ جاۋابىغا ناھايىتى قايىل بولۇپ :

— قارىي ، يارايسىلە جۇمۇ ، سىلە بۇ مۇھىم مەسىلىنى ياخشى يېشىپ چاقلىدىڭىلا ، مەن ئېخى سىلىنى بۇ مەسىلىنى بۇنچىلىك كەڭ مەنىدە توغرا چۈشىنەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، كۆز قارىشىڭىلار ناھايىتى توغرا . بۇ قاراشنى كەڭ تەشۋىق قىلىڭىلا . بەزىلەر سىلىنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىلانى بىلىپ قالسۇن ، — دېدىم . ئۇ گېپىمگە ئۇلاپلا مۇنداق دېدى :

— سىلە مېنى ئېخى باشقىچە چاغلاپتىكەنسىلە - دە ، سىلە بىلەن بىزقانداقلا بولمىسۇن پارتىيىنىڭ بالىسى ، بىزنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۇچۇغدىلىپ كەتكىنىمىز خۇددى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا كۆيۈنۈپ تەنبىھ بەرگىنىگە ئوخشاش ئىش .

بىز پاراڭلىشىپ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نيۇجيې (خەنزۇچە كالا بازىرى دېگەن مەنىدە) دېگەن يېرىگە كېلىپ قاپتۇق . مەن دەرھال تېيىپجانغا چاقچاق قىلىپ :

— قارىي ، بۇ قايسى بېكەت ؟ — دەپ سورىدىم .

— نيۇجيې ، — دېدى ئۇ .

— قايسى نيۇ ؟

— نيۇگوي شېشىڭدىكى نيۇ بولمامدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ، ئەسلىدە ئۇ خەنزۇچە جىن - شەيتاندىكى نيۇ دېمەكچى ئىدى . مەن :

— كالىدىكى نيۇ ئەمەسمۇ ؟ — دېسەم ، تېيىپجان :

— مەن بۇرۇن دەۋالدىم ، سىلە ئۇنتتۇردۇڭىلا ، — دېدى . كۈلۈشتۇق .

بىز ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن ، تېيىپجان بىردىنلا :

— بايا مەن ماۋجۇشى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىمنى دېسەم ئەجەب ھەيران قالدىڭىلاغۇ ؟ مېنى بۇنچىلىك چۈشەنچىدە بولماس دەپ ئويلاپتىكەنسىلە - ھە ؟ — دەپ سورىدى .

— راست ، سىلىنى بۇرۇن سىياسىي مەسىلىدە بۇنچىلىك چوڭقۇر چۈشەنمەيتىكەنمەن ، — دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي ، — ئۆزۈممۇ ماۋجۇشىغا قارشى چىقىش توغرا ئەمەس دەپ قارىغان بولسامۇ ، بۇ قارىشىمنى نەزەرىيە جەھەتتىن سىلىدەك مۇنداق قىسقا ، چوڭقۇر ، مېغىزلىق قىلىپ يېشىپ چاقلاپ كېتەلمىگەنىدىم ، بولۇپمۇ سىلىنىڭ قارغاشقا ئېخىمۇ بولمايدۇ دېگەن سۆزۈڭىلا ناھايىتى چوڭقۇر سىياسىي مەنىگە ۋە قويۇق ئەدەبىي تۈسكە ئىگە بولدى . مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى چوڭقۇر تەربىيە ئالدىم .

تېيىپجان ناھايىتى خۇشال قىياپەتتە ماڭا قاراپ كۈلدى .

— ئەمىسە سىياسىي مەسىلىدە سىلىنى تەسىرلەندۇرگۇدەك بولۇپ قاپتۇق - دە ، — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ .

مەن ئاپتونوم رايونغا مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ بىرقانچە كۈن ئۆتمەي ، بىر كۈنى تېيىپجان بىزنىڭ ئۆيگە يالغۇز كەپتۇ ، چاي ئىچىشكەندىن كېيىن ئۇ :

— سىلىگە ئاتاپ بىر شېئىر يازغانىدىم ، ئوقۇپ بېرەيمۇ ، — دېدى ۋە شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى . ئۇ شېئىر مۇنداق يېزىلغانىدى :

**دوستۇمغا**

ئاغىنەم ، ساۋاقدىشىم توختى سابىر ،
سايلىنىپ بوپقالدىڭىز يوغان كادىر .

ئۇنۇتماڭ تېخىمۇ شۇ ھەقىقەتنى ،
ھەممىدىن خەلق دانا ، خەلق قادىر .

يۇقىرىنىغا ئۆرلىگەنچە پەسكە قاراڭ ،
قەلبىڭىز بولسۇن شۇنچە ئوچۇق زاھىر .
ئۆزىڭىز تۆھپىڭىزدىن ئېغىز ئاچماڭ ،
يوشۇرماڭ ئەيىب - نۇقسان بولسا سادىر .

دورىماڭ ۋالاقتەگكۈر تەلۋىلەرنى ،
بېرىلىپ كەسپىڭىزگە بولۇڭ ماھىر .
شەرەپلىك ئىمتىھانغا قاتناشتىڭىز ،
چىرايلىق نومۇر ئېلىڭ باشتىن - ئاخىر .

تېيىپجان شېئىرىنى ئوقۇپ بولۇپ :

— قانداق ، بوپتۇمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— ياخشى يېزىپسىلە ، لېكىن باشتىن - ئاخىر ياخشى نومۇر ئالغىلى بولارمۇ ؟ — دېدىم مەن . تېيىپجان ماڭا يەنە چاقچاق قىلىپ :

— ئېزىپ كەتمىسەڭلىلا ئالالايسىلە ، ھازىر بىزنىڭ سىلىگە تەربىيە بېرىدىغان ، نەسىھەت قىلىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى . بۈگۈن مەن ئالايتەن مۇشۇ شېئىرىم ئارقىلىق سىلىنى تەبرىكلىگىلى ھەم سىلىگە نەسىھەت قىلغىلى كەلگەنىدىم ، — دېدى - دە ، سەنئەت شۆيۈمىگە بىر ئىش بىلەن بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ، سىرتقا ماڭدى . مەن ئۇنى ئۇزىتىپ سىرتقا چىققاندا بايىقى گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ :

— نەسىھەت قىلىپ قويدۇم دېسەم باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭلا ، ئاغىنىلەردىن بىرەرى ئۆسۈپ قالسا قالغانلىرى خۇش بولۇپ كېتىپ ، نەسىھەت قىلىدىغان قائىدە بار . سىلە ئەمدى يۇقىرىنىڭ تەربىيە - نەسىھىتىنى ئاڭلاپلا قالماي ، ئەڭ مۇھىمى ، تۆۋەندىكىلەردىن نەسىھەتنى قانچە كۆپ ئاڭلىساڭلا شۇنچە ياخشى بولىدۇ . شۇنداق ، تۆۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلار ئۈزۈلۈپ قالماي ، بەلكى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ ، — دېدى .

— بۇ گېپىڭلا ناھايىتى يوللۇق بولدى جۇمۇ ، قارىي ، سىلە ئەدەبىي جەھەتتىنلا پىشىپ - يېتىلىپ قالماي ، سىياسىي جەھەتتىنمۇ پىشىپ يېتىلىپسىلە ، — دېدىم مەن . ئۇ ماڭا يەنە چاقچاق قىلىپ :

— ئۇچۇرماڭلار ، شەيتان ئارىلىشىپ قالىدۇ ، — دېدى - دە ، كېتىپ قالدى . ھېسابلاپ باقسام ، مەرھۇم بىلەن ئارىمىزدا شۇ پاراڭنىڭ بولغىنىغا 15 يىل بوپتۇ . شۇنداقتىمۇ مەن بۇ شېئىرنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن . ئەپسۇسكى ، مەن ئىمتىھاندا باشتىن - ئاخىر ياخشى نومۇر ئالالمىدىم ، بۇ جەھەتتە مەن مەرھۇم دوستۇمنىڭ ئالدىدا كۆپ خىجىلمەن .

يولداش تېيىپجان ئېلىيېۋ ئاتاقلىق شائىر ، پىشقان ئەدىب بولۇپلا قالماستىن ، سىياسىي جەھەتتىنمۇ يېتىشكەن ياخشى بىر پارتىيە ئەزاسى ، پارتىيىنىڭ ياخشى بىر كادىرى ئىدى . مېنىڭ بىلىشىمچە ، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىچىدە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەشكە ۋە تەشكىلاتچىلىق قىلىشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى . ئۇ ياش شائىر ، يازغۇچىلار ، سەنئەتچىلەر ئىچىدىكى ئىستىقبالى بار دەپ قارىغانلارنىڭ ئاجايىپ كۆيۈمچان باغۋەنى ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم

تۇۋەنگە چۈشكەندە ، شائىر ، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتچىلەر ئىچىدىكى تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ، مۇناسىۋەتلىك تەشكىلىي ئورۇنلارغا چېپىپ يۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەنىدى . بەزىلىرىنى يەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ھاۋالە قىلغانىدى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خېلى بىر قىسىم ئاتاقلىق شائىر ، يازغۇچى ، ئوبزورچى ۋە سەنئەتچىلەر يولداش تېيىپجان ئۆزى تاللاپ ، كۆڭۈل بۆلۈپ يېتىشتۈرگەنلەردۇر . مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ۋاقتىمدا ، مۇشۇ خىلدىكى خادىملاردىن مېنىڭ ياردىمىم بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن ياكى خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلەردىن بىر قانچىسىنى بىلىمەن .

مەنمۇ تېيىپجاننىڭ تەسىرىدە شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان ھەۋەسكارلارنىڭ بىرىمەن . ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا بىر قىسىم شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنغان . شېئىر ئىجادىيىتىمگە تېيىپجاننىڭ ياردىمى كۆپ بولغانىدى . ياردىمى كۆپ بولغان دېگىنىم ، بەزىلەر ئېيتقاندەك شېئىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تېيىپجان تۈزىتىپ بەردى دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى شېئىر يېزىشنىڭ ئۇسۇلى ، شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، شېئىردىي پىكىرنى قانداق ئىخچاملاش توغرىسىدىكى يېتەكچىلىكتىن ئىبارەت. راست گەپنى قىلغاندا ، مەن دەسلەپتە شېئىر يازغىنىمدا تېيىپجان بىرقانچە شېئىرلىرىمنى تۈزىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ تۈزىتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغانىدى. ئۇ دائىم ماڭا:

— سىلىنى چوڭ كادىر دەپ تۈزىتىپ بەرگىلى بولىدۇ ، ئۇنداق بولىۋەرسە يامان ئۆگىنىپ قېلىپ ، بىر ئىزدا توختاپ قالىسىلە ، مەن شېئىرىڭلانى مەزمۇن ۋە ئەدەبىي تىل جەھەتتە قانداق تۈزىتىش ھەققىدە پىكىر بېرەي . ئاندىن ئۆزۈڭلا قايتا - قايتا تۈزەتسەڭلا بولىدۇ . شۇنداق بولغاندىلا ئالغا باسالايسىلە ، — دەيتتى ۋە شېئىرلىرىمنى كۆرۈپ باققاندىن كېيىن ، تۈزىتىش پىكرى بېرىپ ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى . قىسقىسى ، مەن تېيىپجاندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنىدىم . ئۇنىڭ مۇنداق بىر خاس تەبىئىتى ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدىكى ، ئۇ ئاق - قارىنى ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىشكە ناھايىتى سەزگۈر ئىدى . كىشىلەرگە كۆيۈمچانلىق ، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى . ئۇ يامان ئىللەتلىك كىشىلەرگە يۈز قارىمايتتى ، لېكىن ئۇلاردىن ئۆچ ئالمايتتى ، پەقەت ئارىلىق ساقلايتتى ، خالاس . مەن ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنى سېغىنىپ ئەسلىگىنىمدە ، ئۇنىڭ تالاي يالقۇنلۇق شېئىرلىرى قاتارىدا كۆپرەك «تىۋىلغا» ناملىق پەلسەپۋى شېئىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدىغان بولدى ، شۇنداق . ئۇ بىر چىن ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن قارلىق تاغدا قىش - ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان ، بوران - چاپقۇنىدا قەددى ئېگىلمىسىمۇ ، ئەمما سۇنمايدىغان تېۋىلغىنىڭ ئۆزى ئىدى . ئەلۋىدا ، شائىر دوستۇم !

ئۆلمىدىڭ دوستۇم ، ھاياتسەن ، ئەل ئۇنۇتمايدۇ سېنى ،
ھەيكىلىڭ نۇر چاچقۇسى يارقىن تېخىمۇ يىلسىرى .
جەننەتۇل مەۋادىمۇ ياڭرات ئېسىل نەزمەڭنى سەن ،
ئۇندىمۇ ھۇرلەر بىلەن قىزىت يەنە بەزمەڭنى سەن !

1995 - يىل 14 - يانۋار ، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# قىممەتلىك مىراس

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1930 - يىل ئاپرېلدا قورغاستا بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەننىدى. رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى 1989 - يىلى 19 - فېۋرالدا ئارىمىزدىن مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كەتتى. شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ ئالتە يىللىقى يېقىنلاشقان كۈنلەردە مەرھۇم ئۇستازنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم.

مەن 1989 - يىلى 6 - يانۋاردا ئايالىم بىلەن بىللە شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتى دوختۇرخانىسىغا شائىرنى يوقلاپ باردىم. بۇ مېنىڭ شائىر بىلەن ئاخىرقى ئۇچرىشىشىم بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئەينى چاغدا خىيالىمغىمۇ كەلمىگەننىدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا زۇنۇن قادىر، رەھمەتۇللا جارى، زوردۇن سابىر، قاھار جېلىل قاتارلىق ئەدىبلەر بار ئىكەن. كېسەل ئازابى ئۆزىنى ئىنتايىن پاكىز، تېتىك ھەم خۇش خۇي تۇتۇپ يۈرىدىغان بۇ ئاتاقلىق شائىرنى ئادەم تونىغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ سافاغا چۆكۈپ، قىينىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. بېشىمنى سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا كېتىپتىمەن. سول تەرىپىمدە ئولتۇرغان بىرەيلەن مېنى نوقۇپ، «سىزگە گەپ قىلىۋاتىدۇ» دېدى. مەن دەرھال تېيىپجان ئاكامغا قارىدىم. ئۇ مەندىن:

— زاھىدە ساقىيىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن شائىرغا:

— ساقىيىپ كەتتى. ئۇمۇ سىزنى يوقلىغىلى كېلىۋىدى، پەستە قالدى، ھازىر چىقىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

تېيىپجان ئاكام ئايالىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساناقلىق كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا باشقىلارنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆز قىلىشمۇ ئوڭايغا چۈشمەيۋاتاتتى، لېكىن ئۇ شۇ كۈنى ھەممەيلەنگە گەپ قىلدى. بۇ گەپلەر بەكمۇ مېغىزلىق ھەم مەنىلىك ئىدى. شائىر شۇ كۈنى بىزگە: «ئىزىمىزنى باسالايدىغان ياشلىرىمىز بار» دېگەننىدى. بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان چاغدا نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئېھتىمال، شۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق دەۋرى كەلگەندۇ ياكى ئۇ ياشلارغا تېخىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنگەندۇ؟!

بىز ئەتىسىلا ئالتايغا كەتتۇق. قايتىپ كەلسەك، شائىر ئالەمدىن ئۆتكىلى بىر كۈن بولغانىكەن. ئۇنىڭغا بىرەر ئاخشاممۇ ھەمراھ بولالمىغانلىقىمغا قاتتىق ئېچىندىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك شائىرىنى دېمەك قىلغان كۈنى ئادەم دېگىزنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. بۇ دېگىزنى ھاسىل قىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى شائىرنى تونۇمايدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئىكەن. ئۆز مىللىتىدىن چىققان داڭلىق شائىرغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت بۇ كىشىلەرنى ئىختىيارسىز مۇشۇ قايناملا ئېلىپ كىرگەنىدى. بۇ رېئاللىق ماڭا ھەقىقىي شائىرنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى.

مەن تېيىپجان ئاكام بىلەن 1981 ـ يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە ئالتايدا تونۇشقانىدىم. ئۇ چاغدا ئالتاي 3 ـ كان پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. تېيىپجان ئاكام شۇ يىلى شاكەن ئوڭالباي، ئومارغازى ئايتان قاتارلىق قازاق شائىرلىرى بىلەن بىللە تەكلىپ بويىچە ئالتايغا ئىل قىنلار ئېيتىشىشىغا قاتناشقىلى بارغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر ئوبزورۇمنى ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا كۈچلۈك ئىلھام بەرگەنىدى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغۇچى ئەدىبلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان بۇ تالانتلىق شائىرنىڭ كۆزى مېنىڭ مەتبۇئات يۈزىدە كىتابخانلار بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەن ئوبزورۇمغىمۇ چۈشكەنلىكى مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغانىدى. قاراڭ، ئەدەبىياتىمىز بېغىدىكى ھەر بىر يۇمران نوتا، ھەر بىر ئاجىز بىخ بۇ كۆيۈمچان باغۋەننىڭ دىققىتىنى نەقەدەر ئۆزىگە تارتقان ـ ھە! تۇرمۇشتا بۇ مەشھۇر شائىرنى كۆتۈپ تۇرغان ئىشلار ئاز دېمىسىز؟

شائىر ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان چاغدا مەن ئۇنىڭغا «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك توغرىسىدا» ناملىق بىر ئوبزورۇمنى بەردىم. بۇ ئوبزور «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 10 ـ سانىغا بېسىلدى. بۇ ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشى مېنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىققا بولغان ئىشەنچىمنى ئېشىمۇ كۈچەيتتى. كېيىن ئاڭلىسام، تېيىپجان ئاكام تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرگە مېنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئوبزورنى ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلغانىكەن.

مەن تېيىپجان ئاكامنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن 1983 ـ يىلى يانۋاردا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى زور يېڭىلىق ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە بىر ئاز ھودۇقتۇم. چۈنكى مەن ئىجادىيەت كوچىسىغا ھەۋەس بىلەن كىرىپ قالغان، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىمۇ ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەنگەن ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئىدىم. شۇڭا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىشىمغا كۆزۈم ئانچە يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ تاغلىق رايوندىن چوڭ شەھەرگە كېلىپ، بىردىنلا «تارىم» دەك نوپۇزلۇق بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرىگە ئايلىنىپ قېلىشى سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ بازىرىنى خېلىلا قىزىتىۋەتكەنىدى. مەن ھەيرانلىق ئىچىدە شائىرنىڭ ئالتايدا ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ شارقىراپ ئېقىۋاتقان قىران دەرياسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇكام، ئۈرۈمچىگە ئالمىشىپ بېرىپ قالسىڭىز، خىزمەتنى جەزمەن ياخشى ئىشلەڭ، تەھرىرلىكنىڭ ئەڭ نازۇك ھالقىلىرىغىچە پۇختا ئىگىلەڭ. تەھرىر بۆلۈم، ئەمەلىيەتتە، سىز ئۈچۈن ئالىي مەكتەپ. ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان سىناقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنمەي بولمايدۇ. پەتنە ـ ئىغۋا تېرىپ ئۆگىنىپ قالغان ئايرىم كىشىلەر سىزنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. شۇڭا سەگەك، ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇڭ. قۇرۇق گەپلەرگە، پەتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ كەتمەڭ. ھازىرقى ساددىلىقىڭىزنى، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىڭىزنى، كەمتەرلىكىڭىزنى، قىزغىنلىقىڭىزنى ئاخىرىغىچە ساقلاڭ. مۇشۇ قىران دەرياسىدەك سۈزۈك، ئالتاي ئالتۇنىدەك جىق بولۇڭ.»

ماڭا ئوخشاش ئاجىز بىر نوتىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن پەرۋىش قىلىشقا باشلىغان كۆيۈمچان ئۇستازنىڭ ئۇستىدىن ھەدەپ پىتنە ـ ئىغۋا توقۇۋاتقان ئايرىم كىشىلەرنى كۆرسەملا، جۇدۇنۇم تۇتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەنلىكىمگە خىجىل بولۇپ يۈردۇم. بۇنى سەزگەن شائىر بىر كۈنى ماڭا: «ئۇكام، خىزمەتنى دادىل ئىشلەۋېرىڭ. سۆز ـ چۆچەكلەردىن قورقۇپ كەتمەڭ. مەن ئۇلارغا خېلى كۆنۈك. قىران بوييىدىكى ھېلىقى گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپتە مېنىمۇ ئوقۇمىغان. تىرىشسىڭىزلا جەزمەن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلەيسىز. مەن سىزگە ئىشىنىمەن» دېدى. تېيىپجان ئاكامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ «قارا قورساق» ئەمەسلىكىمنى تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىم بىلەن ئىسپاتلاپ، شائىرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، تەھرىرلىك خىزمىتىگە جان ـ جەھلىم بىلەن كىرىشىپ كەتتىم.

تېيىپجان ئاكام مېنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىمنى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ھەر دائىم سوراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. مېنىڭ ئادەتتىكى نەتىجىلىرىممۇ شائىرنى خۇشال قىلاتتى، ئۇ مېنىڭ نۇقسانلىرىمنىمۇ يوشۇرمايتتى. شائىرنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك، ئوچۇق ـ يورۇقلۇق ھەم كۆيۈمچانلىق بىلەن ئېيتقان ھەر بىر ئېغىز سۆزى مېنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولاتتى. شائىرنىڭ يۇمۇرلۇق تىل بىلەن بېرىدىغان تەنقىد ھەم تەكلىپلىرىمۇ ماڭا يەڭگىللىك ۋە خۇشاللىق بېغىشلايتتى.

مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرقەدەر ئېغىرلىقىنى، ئۆزۈمنىڭمۇ خىزمەت جەريانىدا قاتمۇ قات زىددىيەتلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. شۇ چاغدا روھىي كەيپىياتىم سەل تۆۋەن ئىدى. بۇنى سەزگەن شائىر مەنىلىك قىلىپ: «ئۇكام، تۇرمۇش ئەسلىدىنلا سىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئاددىي جەريان ئەمەس. مۇرەككەپ تۇرمۇش مۇھىتىدا قانداق ياشاش ۋە ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدىم. بۇ خىزمەتنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىمەي بولمايدۇ. ئىجادىيەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولمىسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى يا ئۇنداق، يا مۇنداق چەكلىمىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئىناقسىزلىقنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتمىدى. لېكىن بەزى يولداشلار مۇشۇنداق ئاچچىق ساۋاقنى يات ـ پاتلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. قاتمۇ قات زىددىيەتلەر سىزنى چېكىپ باقىدۇ، سىناپ باقىدۇ، چېنىقتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كۆرۈپلا، چېچىلىپ كەتسىڭىزمۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ بوشاپ كەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ سۆزلەر ماڭا ئۇستىدىن ھەر خىل پىتنە ـ ئىغۋالار توقۇلۇپلا تۇرىدىغان بۇ كەمتەر ئۇستازنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر خۇش خۇي، تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق، ئۈمىدۋار ھەم كەڭ قورساق تۇتۇپ يۈرىدىغانلىقىنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بەرگەندەك بولدى. ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى قوزغاشنى بىلمەيدىغان بەزى شەخسلەر تېيىپجان ئاكامنىڭ چىقىشقاقلىقى بىلەن ئەپۇچانلىقىنىمۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمىغانلىقى، پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىغانلىقى، مۇرەسسەچىلىك قىلىۋاتقانلىقى دەپ قارايتتى. ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولمىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇنسىز ئەيىبلىگەنلىكىنى كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. چۈنكى تۇرمۇش مېنىڭ ئالدىمغىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئېغىر سوئاللارنى قويۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئە-

www.uyghurkitap.com



چەندە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دائىر سوئاللارمۇ خېلى بار ئىدى . مەن بۇ سوئاللارنىڭ بەزىلىرىگە تا ھازىرغىچە ئېنىق جاۋاب تاپالمايۋاتىمەن .

راستىمنى ئېيتسام ، تۇرمۇشنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن ، يۈزە ھېس قىلىدىغان ماڭا ئوخشاش ساددا ئادەملەر مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتكە دۇچ كەلگەندە ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوڭايلا ئاشكارىلاپ قويىدىكەن ، بولۇپمۇ ئۆزلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلمىغان ياكى ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن مەسخىرە قىلىپ ، پىتنە ـ پاسات تېرىپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن ئوڭايلا قارشىلىشىپ قالىدىكەن . قەلبىنى مۇشۇنداق قارشىلىنىشنىڭ كەيپىياتى چىرمىۋالغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىكەن . تېيىپجان ئاكام مېنىڭ روھىي ئالەمدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان مۇشۇنداق ناچار كەيپىياتنى ئۆزىنىڭ ئېسىل خۇش تەبىئىتى ۋە ئەپۇچانلىقى بىلەن بىرفانچە قېتىم تارقىتىۋەتكەنىدى . ھازىر ئويلىسام ، تېيىپجان ئاكامدىن بىزگە قالغان ئەڭ ئېسىل مەنىۋى مىراسلارنىڭ بىرى مۇشۇ بولسا كېرەك .

شائىر بىر قېتىمقى سۆھبەتتە ماڭا مۇنداق دېگەنىدى : «بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا يۈرتۋازلىق بىر خىل ئاپەت . شۇڭا ياخشى يولداشلار چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇردى . مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ، جۈملىدىن 〈 تارىم 〉 ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن چاغلىرىمدا مىللىي يازغۇچىلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ، دوستلۇقىنى ، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ، يۈرتۋازلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ چىقاردىم . بۇنداق قىلىشنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزۈمنىڭ ۋىجدانىي بۇرچۇم دەپ قارىدىم . بۇ جەھەتتە زۇنۇن قادىر ، نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ، ئارمىيە داموللام ، ئابلىز نازىرى ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق كىشىلەر ماڭا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى . ھازىر 〈 تارىم 〉 دىمۇ مۇشۇنداق ياخشى يولداشلار بار » . شائىرنىڭ دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سۆزلەردىن قىلچە شەكلىنىشكە بولمايتتى . چۈنكى ئادەملەرگە ، ئەسەرلەرگە ، شان ـ شۆھرەتكە يۈرت ، مەھەللە نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭغا تامامەن يات ئىدى . شۇڭا ھەممىلا جاينىڭ ئادەملىرى ئۇنى خۇددى ئۆز يۈرتلۇقىدەك كۆرەتتى ، ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ، كۆڭلىدىكى گېپىنى ئېيتالايتتى ، ھەتتا ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىنمۇ شۇ جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى خاسلىقى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ يەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس ، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى . شۇڭا خەنزۇ ، قازاق مىللەتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغانلار ناھايىتى جىق ئىدى .

تېيىپجان ئاكام ھەم ئاتاقلىق شائىر ، ھەم ماھىر سازەندە ئىدى . ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى . ئۇ ، شېئىرىي تىلنىڭ خەلق تىلىغا يېقىن بولۇشىغا ، راۋان بولۇشىغا ، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاتتىق ئېتىبار بېرەتتى . شائىر بۇ ھەقتە ماڭا مۇنداق دېگەنىدى : «شېئىرىي ئىجادىيىتىمگە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان بىر ساھە ناخشا ـ مۇزىكا ساھەسى بولدى . مەن شېئىرنى دەسلەپتە ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرى ئارقىلىق ھېس قىلغان . مېنىڭ قەلبىمدە شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئىشتىياق ئۇندۇرمىلىرى ئاشۇ چاغدا پەيدا بولغان . مۇزىكا بىلەن شېئىرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن . شېئىر مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ ، مۇزىكا ھېسسىياتنى تەلەپ قىلىدۇ . مېنى دۇنياغا باغلاپ تۇرغان نەرسىنىڭ بىرى مۇزىكا ، مىللىتىمىزگە چىڭ باغلاپ تۇرغان رىشتىمۇ مۇزىكا . مەن مۇزىكا ساھەسىدىكى ئادەملەر بىلەن كۆپلەپ تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ، سەنئەت ئۇمەكلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشتىم .

مۇقام تەتقىقاتىغا ئىزچىل تۈردە قاتنىشىپ كەلدىم. مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇزىكانتلارنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، 12 مۇقامنى نوتىغا ئېلىش، رەتلەش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدىم. مېنىڭچە، مىللىي مەدەنىيەت خەزىنىمىزدە ئالدى بىلەن 12 مۇقام بار دېسەك بولىدۇ. بۇ ئېسىل گۆھەر — ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقى. يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەرگە ئارىلىشىش ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مۇزىكىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىمگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولدى. شېئىرىي تىلنىڭ راۋان، ئاھاڭدار بولۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بۇ مېنىڭ ناخشىغا بولغان ئىشتىياقىمدىن يۇققان بولسا كېرەك. ھاياتىمدا خۇشال كۈنلىرىممۇ، غەمكىن كۈنلىرىممۇ بولدى. مۇزىكا خۇشال كۈنلىرىمدە ئۇلپەت، غەمكىن كۈنلىرىمدە تەسەللىي بولدى، بەزىدە چۈشكۈن كەيپىياتىمنى يېڭىشكە روھىي مەدەت، بەزىدە شېئىرىي ئىجادىتىمگە ئىلھام بولدى. مۇزىكا ساھەسىدىكى ئادەملەر بىلەن ئالاقەمنىڭ قويۇقلۇقى، شۇ ساھەدە ئاغىنىلىرىمنىڭ كۆپلۈكى مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقىمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن زىكرى ئاكام. ئابلاھامۇت ھەققىدە يازغان مەرسىيەلىرىم؛ ھۈسەنجان، پاشالار ھەققىدە يازغان مۇۋەششەھلىرىم مۇزىكىغا بولغان مۇھەببەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.» بۇ پاكىتلار شائىرنىڭ مەزمۇنغا باي ئىجادىيەت يولىنى ھەم ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبىنى مەلۇم نۇقتىدىن خېلى روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

شائىر كىچىك چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە پارس ھەم چاغاتاي تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇپ، چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئاجايىپ ئېسىل بايلىقلار ئۇنى ھەيران قالدۇرغان، شائىر بۇ قىممەتلىك مىراسلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ كېيىنكى يىللاردا مىراسلارنى تونۇشتۇرۇشنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ۋە ياشلارنى بۇ ئېسىل مىراسلاردىن خەۋەردار قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شېئىر ئىجادىيىتىدىن تاشقىرى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللاندى. شائىر بەزى ياشلارنىڭ قىزىپ كېتىپ، ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشى، ھەممىنى باشتىن باشلايمىز دېيىشى، ئەنئەنىنىڭ گېپى چىقسىلا مەسخىرە قىلىشى ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەر بىلەن پىششىق تونۇشمىغانلىقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى دەپ قارايتتى. شائىرنىڭ گۇمنام، قەلەندەر، نەۋائى، نىزارى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇ ئەسەرلەرنىڭ نەسرىي يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىغانلىقى، شۇنىڭدەك «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»نى چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە ئۇنى چىقىرىشقا قاتناشقانلىقى، شائىر نەشرگە تەييارلىغان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى - سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقى ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشتە ياردەمچى قوللانما بولۇپ قالغانلىقى بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك بۇ تالانتلىق شائىرنىڭ ئەدەبىياتىمىز، جۈملىدىن ياش ئىجادكارلىرىمىز ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

شائىر بىر قېتىم كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلەش بىر قىيىن ئىش. ئۇنى تىلشۇناسلار بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ جەھەتتە قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. سالامەتلىكىم يار بەرسە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئانتالوگىيىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىش ئارزۇيۇم بار.» چاپاكەش شائىر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا نا-

www.uyghurkitap.com



چارلىمىشىپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەتقىقات ئىشلىرى ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

ھەرقانداق بىر مىللەتتىن چىققان تالانتلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ چەكلىك ھاياتى ئۇلار تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن كۆپ قىسقا بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ. ئەدىبنىڭ جاپالىق ئەجرى، تالانتى، تارىخىي تۆھپىسى ھەم ۋىجدانى ئۇنىڭغا شان - شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. مۇشۇنداق شان - شەرەپكە ئېرىشكەن تارىخىي شەخسلەر ئالدىنقى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە باغلىيالايدۇ، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ناچار ئەنئەنىلەردىن قول ئۈزۈپ، مىللىي ئەدەبىياتنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدۇ، مىللەتنىڭ روھىغا ھەقىقىي تۈردە ياندىشالايدىغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق مىللىي ئەدەبىياتنى بەرپا قىلالايدۇ. شۇڭا مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا تالانتلىق ئەدىبلەرنى بايقاش، تاللاش، يېتەكلەش، يۆلەش شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق تارىخىي بۇرچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تالانت ئىگىلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىش، تالانت ئىگىلىرىنى قەدىرلىمەسلىك، تالانت ئىگىلىرىگە قولايلىق ئۆگىنىش ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرمەسلىك، تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلماسلىق، تالانت ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلىمەسلىك، تالانت ئىگىلىرىنى كۆرەلمەسلىك، ھەتتا ئۇلارنى يولسىزلارچە چەتكە قېقىش قاتارلىق ئىللەتلەر، ئوچۇقنى ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى دۇنياسىدىكى نامراتلىقنىڭ مەھسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق نامراتلىق مىللەتكە ئىنتايىن ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، يىراقنى نەزەر تاشلىيالايدىغان، خەلقپەرۋەر شەخسلەر ئۆز مىللىتىنى بۇنداق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىدۇ. بىزنىڭ تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق تارىخىي بۇرچىنى ھەقىقىي تۈردە تونۇپ يەتكەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار مىللىي ئەدەبىياتنىڭ سەۋىيىسىنى زامانىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشتە يارامىلىق ئىزباسارلارنىڭ ئوينايدىغان رولى بەكمۇ زور بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ھەم يۆلەش پېشقەدەم قەلەمكەشلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى ھەمىشە تەكىتلەيتتى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ئېلىپ بارغان جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىمۇ يارامىلىق ئىزباسارلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە باشلانغان ۋە ئاجايىپ مول ئۇنۇم بەرگەنىدى.

1989 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر، ئالىم، مۇھەررىر ھەم ھەۋەسكارلار تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ 45 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. تەبرىكلەش يىغىنىدا يازغۇچى، شائىرلار ۋەكىللىرىنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ شائىرنى يوقلىغان ۋە ئۇنىڭغا تون كىيگۈزگەن چاغدىكى سىنئالغۇ لېنتىسى قويۇپ بېرىلدى. شائىر بۇ ياش ئەدىبلەرگە ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ مۇنداق دېگەنىدى: «يېقىندىن بېرى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، كۈلۈپ تۇرغان يازغۇچى، شائىرلاردىن كۈلۈپ تۇرغان ئەدەبىيات يارىلىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىز سۆيۈملۈك قوشۇن، چىرايلىق قوشۇن، لېكىن بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە ئىناقسىزلىق، كۆرەلمەسلىك، يۇرتۋازلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئەدەبىياتىمىز دېگەندەك روناق تاپالمايۋاتىدۇ. تالانتلىقلارنى، ئىقتىدارلىقلارنى يۇرتقا ئايرىماي قوللايلى، ئۇلارغا ياردەم بېرەيلى. ئەدەبىيات يۇرتنىڭ ئەدەبىياتى ئەمەس، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى. يۇرتۋازلىق قىلىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىدا، ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىلەن باراۋەر.» شائىرنىڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سەمىمىي سۆزلەر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئېغىر كېسەل شائىرنى بەكمۇ قاتتىق ئازابلىدى. لېكىن ئۇنىڭ زېھنى شۇ قەدەر ئوچۇق، غايىسى شۇ قەدەر يۈكسەك ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن ئىللىق باھار تەپتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن كۆرە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرىگە كۆپرەك كۆيۈندى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ۋە ئەڭ يالقۇنلۇق سۆيگۈسىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان بۇ كۆيۈمچان ئۇستاز «سول» ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ زىيانكەشلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «... مۇشۇ مۇقامدا يوق 〈 سول 〉 چىللىق قوشۇننى نابۇت قىلدى. ئەڭ ياخشى يازغۇچى، شائىرلىرىمىزغا، ئەدەبىياتنى ئەدەبىياتقا ئوخشتاي دەپ تىرىشىپ، ئوبدان ھوسۇل بەرگەن بەسپاداشلىرىمىزغا بەك ۋابال بولۇپ كەتتى. كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، زورمۇ زور زىددىيەت ياساش، زورمۇ زور كۈرەش نىشانى پەيدا قىلىش، زورمۇ زور قالپاق ياساش، بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزنى نابۇت قىلىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. بەزى يولداشلار ماڭا مۇنداق دېدى: 〈 سەپداش، كەسىپداشلارنىڭ دوستلۇق ھەمدەملىكىنى "سول" چىللىق بۇزدى، ھەتتا بىزنىمۇ "سول" چىللىق بۇزدى. 〉 مەنمۇ شۇنداق دەپ ئازابلىنىدىغانلاردىن بىرى.» «... دۇنيادا كىشىلەر يېڭىچە بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنى يارىتىشنى شەرەپ بىلىۋاتسا، بىز بۇنى باشقا بىر ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇق، يەنى ئەدەبىي ئېقىم، ئۆزگىچە ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئورنىغا ئاڭلىق دېسەك بولامدۇ، ئاڭسىز دېسەك بولامدۇ، ئىشقىلىپ بىر خىل بولمىغۇر ئادەتنى — يۇرتۋازلىق، مەزھەپ ۋە ئىپتىدائىي قەبىلىچىلىكتەك بىر نەرسىنى يامرىتىۋەتتۇق. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش. بۇنىڭ ئازابىنى، بۇنىڭ دەردىنى كونىلار يەتكۈچە تارتقان، بىزمۇ تارتتۇق، ئەمدى بۇ مەرەزنى ياشلارغا مىراس قالدۇرماسلىق كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى خورىتىش، پارچىلاش، يوقىتىشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى كۆردۇق. 〈 ئىتتىپاق 〉 دېگەن سۆزنى تەكرارلايدىغانلار كۆپ. مەرەزنى ئۆز ۋۇجۇدىدىن، باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. مەن مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز ئىش قىلىشنى، ئىش قىلالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قالدى. مەن مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى، شائىرلار ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان يولداشلارنىڭ مۇشۇ جەھەتتە جىقراق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىتتىپاق بولماي تۇرۇپ، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدىن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.»

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، تالانتلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئېغىر كېسەل ئازابىنى تارتىپ يېتىپ ئېيتقان بۇ قىممەتلىك سۆزلەر ئۇنىڭ ئەدەبىيات بېغىمىزنىڭ ئاجايىپ كۆيۈمچان باغۋىنى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەردى. خەلقىمىز، ئىجادكارلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز ئۆز شائىرىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل غايە ھەم پاك ئارزۇلىرى جەزمەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ھەقىقەتەنمۇ نەزەر دائىرىسى، كۆڭلى-كۆكسى ئاجايىپ كەڭ، ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر ئىجادكار ئىدى. ئۇ ھەر دائىم روھلۇق ھەم خۇش خۇي يۈرەتتى. ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھاردۇقىمىز چىققاندەك بولۇپ، يەڭگىللىپ قالاتتۇق. شۇڭا ئۇنى

كۆرسەكلا، قەلبىمىزگە ئىختىيارسىز بىر خىل ئىللىقلىق يۈگۈرمەيتتى. ئۇنىڭ تەنبىھلىرىمۇ قۇلىقىمىزغا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. چۈنكى شائىرنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن بەرگەن ھەر بىر تەنقىدىنىڭ ئاستىدا چەكسىز كۆيۈمچانلىق ھەم سەممىيلىك بار ئىدى. ئۇ قاتناشقان تۈرمۈش يىغىنلىرىمۇ بىردەمدىلا جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ھەتتا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇقچىلىقلارنىمۇ كۈلكە، چاقچاق بىلەنلا ھەل قىلىۋېتەلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا بەكمۇ زوقۇم كېلەتتى.

شائىرنىڭ باشقا مىللەت ئەدىبلىرى ئارىسىدىمۇ يېقىن دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئەي چېك، ۋاڭ مېڭ، گۇۋ لىيۇ، بەي خۇا، مالچىنخۇ، لىيۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇ، قۇرمانئەلى ئوسپان، خاۋگۇمنجۇڭ قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى شۇ قەدەر تەبىئىي بولۇپ، تالاي بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەنىدى. شائىرنىڭ قازاق دوستلىرى ئۇنى ئەڭ ئېزىز مېھمان سۈپىتىدە ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا تەكلىپ قىلسا، شائىر ئۇلارنى قايىنام ـ تاشقىنلىق ئۇيغۇر مەشرەپلىرىگە بىللە ئېلىپ باراتتى.

شائىر بىز بىلەن ۋىدالاشقىلى ئالتە يىل بولغان كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەڭ ئېسىل مەنىۋى مىراسلىرىدىن بىرى چىن دوستلۇق ۋە مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. جاپاكەش ئۇستازلىرىمىزدىن قالغان بۇ ئېسىل مەنىۋى مىراس بۈگۈنكى كۈندە نەقەدەر چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ـ ھە!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

( بېشى 139 - بەتتە )

— ئەمدى سىلەرمۇ ئۇچۇپ كېتىڭلار ئىزلىرىم. شىكەستە بولغان قەلبىم سىلەرنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىمگە شاھىد بولۇپ تۇرۇۋېرىشىڭلارنى خالىمايدۇ...

گەپلىرىمنى جاراڭلىق بىر ئاۋاز بۆلۈۋەتتى. ئەتراپقا قارىدىم، ھېچكىم يوق، ئاسمانغا قارىدىم، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا نىدا قىلىۋاتقانىكەن:

— ئەي قىز، بولدى ياش تۆكمە. بارلىق ئازابلارنى ئۇنتۇپ كەت. سەن ئالىي مەكتەپكە مۇھەببەتلىشىش ئۈچۈنلا كەلگەنمىدىڭ؟! ساڭا ۋاپا قىلمىغان كىشى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئاۋارە بولۇش بىھاجەت، ئالدىڭغا قارا، بەخت، ئىقبال تېخى ئالدىڭدا!

مانا بۇ «جىلۋىلەر ساداسى» ناملىق ھېكايىدىكى ساددىلىقتىن قول ئۈزگەن، ئويغاق ۋۇجۇدنىڭ ساداسى، ئۆز مۇساپىسىدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، يېڭى بىر نىشانغا، ئىلىم ـ ئىرپانغا، ھەقىقىي بەختكە، گۈزەل كېلەچەككە ئىنتىلگەن ئۈمىدۋار ۋۇجۇدنىڭ، بىلىم ماكانىدىكى ھەقىقىي بۇرچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ستۇدېنتلارنىڭ جاراڭلىق يۈرەك ساداسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تۇرسۇنمۇھەممەت ئىمىن

# سىندە بەخت ، سىندە خۇمارىم

## سالام قارامايى

سالام دېدىم ساڭا قاراماي
ئۇلۇك قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ .
ئېتەكلىرىڭگە بېشىمنى قويدۇم ،
گويا سېنى ئانامدەك بىلىپ .
يۈرىكىمدە ئۇلۇغۋار سۆيگۈ ،
قۇياشتا كۆلگەن چېھرىڭگە باقتىم .
سەندە بەخت ،سەندە مۇھەببەت ،
سەندە ئىلھامىم بۇلاقلىرى بار .
ئالەم كۆزىدە گۆھەر زېمىنسەن ،
ساڭا ئەبەدىي ئارمانلىرىم يار .

## مايبۇلاق

مايبۇلاق ،
پەلەمپەيلىرىڭگە باستىم ئاياغ ،
تاۋاپ قىلىپ كەلدىم يىراقتىن ،
ساڭا پۈتۈپ يېگى بىر قوشاق .
سەن بۇلدۇقلىساڭ دەممۇدەم
يەر تىنغاندەك بولاركەن شۇدەم .
شۇ ۋەجىدىن سېنى تاۋاپ قىپ ،
ئۈزۈلمەس قەدەم .
ئېيخ ، مايبۇلاق ،
ساڭا تاڭ قالدى ئالەم .
پەقەت سەن ،
سەن بولغاچ پەقەت ،
مېھرى ئوتلۇق بۇ ئانا زېمىن
ئۇلۇغلۇقتا بولۇپ قالدى مەككە مۇكەررەم .

## جەرەنبۇلاق

جەرەنبۇلاق ، جەرەن ئىزلەپ كەلسەم سېنىڭ بويۇڭغا ،
كېيىك كۆزلۈك بەرنالىرىڭ گىرە ساپتۇ بويۇڭغا .
ۋىشكىلارنىڭ قېشىدا پەرىزاتنى ① ئۇچراتتىم ،
ئوت چاقنىغان كۆزىدىن نۇر چېچىلدى يولۇمغا .
گۇرۇلدىگەنماتورنىڭ شاۋقۇنىغا تاڭ قالسام ،
چاقچاق بىلەن چۆچۈتتى شوربۇلاقتا تۇرسۇنگۈل ②

---

① ، ②پەرىزات ۋە تۇرسۇنگۈللەر بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى ئىشچى قىزلار .

www.uyghurkitap.com

ئەقىدىسى قىزلارنىڭ جەزىرىگە جان بوپتۇ،
تىلىكىم شۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن ئۈنسۇن گۈل.
جەرەنبۇلاق، شور بۇلاق، بەختى كۆلگەن نۇر بۇلاق،
سېنى سۆيگەن قىزلارغا سوۋغام بولسۇن بۇ قوشاق.

## زىيارەت قىلىپ كەلگىنىمدە بۇ سەپەر

باغ ياساپتۇ جەزىرىدە قارامايلىق،
سۇ ئاققۇزۇپ، يول ئۈستىدە تاغ يۆتكەپ.
پىلتىڭلايدۇ سۇ ئامباردا بېلىقلار،
قۇدۇقلارغا تۇتىشىپتۇ ھەر تەرەپ.
يوللىرىغۇ شۇنچە راۋان تۈز ئىكەن،
تۇرۇبىلار گويا ئۆمچۈك تورىدەك.
بۇلۇت بىلەن گىرەلەشكەن بىنالار
كۆرۈنىدۇ گويا سامان يولىدەك.

ئەمگىكىدىن ياغ چايناپتۇ ئىشچىلار،
رىزقى ئۈچۈن بۇندا جەننەت پۈتكەندەك.
ۋىشكىلاردا چاراقلىسا چىراغلار،
بىلىندۇ يۇلتۇز كۆچۈپ چۈشكەندەك.
كوچىسىدا نۇر چايقىلار شەھەرنىڭ،
قۇياش خۇددى مۇشۇ جايدا قونغاندەك.
زىيارەت قىپ كەلگىنىمدە بۇ سەپەر
بولۇپ قالدىم تېرەمگە لىق تولغاندەك.

روزى سايىت

# ئۈچ مەرسىيە

## لېۋىم ئىزتىراپتا پىچىرلار بۇدەم

پېشقەدەم شائىر ئابلىز نازىرى ۋاپاتىغا مەرسىيە

لېۋىم ئىزتىراپتا پىچىرلار بۇدەم:
ــ يەنە كىردى بىر زات، ئىسسىت، قەبرىگە.
ئىدى ئۇ قەلەم مەكتىپىگە ئاتا،
كۆيەتتى مۇھەببەتتە پەرزەنتىگە،
قەلەم دۇر تۆكىدۇ ئۇنىڭ شەنىگە.
رەپىقا، مىننەتسىز ئېسىل ئەر ئىدىڭ،
جاسارەتتە يىلپىز، سۈپەتتە تۆگە.
ئېلىپتەك ياشاش قالدى سەندىن مىراس
مېنىڭدەك پەقىر، خەستە مانەندىگە...

ئامانەت ئىكەن جان دېگەن بەندىگە،
باسارکەن ئۆمۈرنى ئەجەل رەندىگە.
بۈگۈن بار كىشى ئەتە يوق، ۋادەرىخ،
شۇ يوقلۇق چاچاركەن يىغا خەندىگە.
زېمىن مۈلكى پەرۋىشكە بولغان سەرپ،
ئۇ ئالغان كۆچەتلەرنى پەيۋەندىگە.
نەپەس ئۈزدى شۇ مەرد پىداكار باغۋەن،
جۇدالىق تىغى پاتتى دىل بەندىگە.
ئىچىمدە تۇمەنىڭ نادامەت، پىراق،

## ئېگىلدى باش، بەلدە ئاق

ساۋاقدىشىم قاھار جېلىل ۋاپاتىغا مەرسىيە

قاباھەتلىك چۈش كەبى بوغدى ئەجەل بىر يارنى،
يايرىم دېسە دېگۈدەك كامالى بار دىلدارنى.
ئۇنىڭ ئېسىل خىسلىتى يۇرتتا پۇر باھا،
تەڭ قىلمايتتى ئەل ئاڭا خېلى ـ خېلى نامدارنى.
ئەجەب كەتتى پانىدىن ـ بۇ بىۋاپا خانەدىن،
ئۆمرى ئاران ئۇزارتقان ئەللىك بىرلا باھارنى.
دىلداشلىقنىڭ بابىدا شاپۇر ئىدى پەرھادقا،
تىكلىگەنتى ئەجرىدە ئەجدادناملىق مىمارنى.
رىغبىتىدە، مېھرىدە ئېچىپ تالاي، بوز ـ بىنەم،
كۆچەت تىكىپ، قاتارغا قوشقان ئالما، ئانارنى.
جەۋلانىدا جاسارەت، پەرۋازىدا ماھارەت،
قەيسەرلىكى سالاتتى ئەسكە مەزمۇت چىنارنى.
ئىچى كۈچلۈك ئەر ئىدى، ئەل غېمىنى يەر ئىدى،
داۋالايتتى قەلىمى روھى زەئىپ بىمارنى.
لەۋھە تاقاپ كىتابى ــ «قىساس» دېگەن خىتابى ①
ياڭرىغاندا ئۆرىدى قىسمەت ئاشۇ مۇنارنى.
ئېگىلدى باش بەلدە ئاق، كۆزدە ھىجران يامغۇرى،
ئاھ، قىيالماي ئۇزاتتۇق قەلبى يالقۇن ناھارنى.
لەھەت ئالدى باغرىغا ئۆز يۇرتىدا ئوغلىنى،
يادلىنىدۇ، يادلايمىز ھۆرمەت بىلەن قاھارنى...

## ئالىمنىڭ ئۆلۈمى ــــ ئالەمگە ئۆلۈم

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، ئەدىب، تىلشۇناس
ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ ھاجى ۋاپاتىغا مەرسىيە

جاھاندا قالمادى ئۇ يەتمىگەن ئىلىم،
بىلىپ تەھقىقنى كەسىپ ئەتمىگەن بىلىم.

ئەلشىر نەۋائى

ھامانغۇ بار نېمە ئادەمگە ئۆلۈم،
كۆلكىنى يەڭگۈشلەر ماتەمگە ئۆلۈم.
بىر ئۆيىنىڭ ھازىسى شۇ ئۆيگە تالىق،
ئالىمنىڭ ئۆلۈمى ئالەمگە ئۆلۈم!

بىر ئالىم كۆز يۇمدى ـ كەتتى پانىدىن،
بىر گۆھەر يوقالدى ئىلىم كانىدىن.
پىغانلار ئۆرلىدى كۆككە خانىدىن،
تاشلىدى سوغ سايە ۋادامغا ئۆلۈم.

---

① مەرھۇمنىڭ «قىساس» ناملىق رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇ يېتۈك ئەللامە، شىپاگەر ئىدى،
ئۇ شائىر، تىلشۇناس — پىكرى زىر ئىدى،
ئۇ موللا، ئىلمىي ئۇي، بەلەن ئەر ئىدى،
سوزدى قول ئاشۇ گۈل ـ لالىمگە ئۆلۈم.

ئۇ خۇش خۇي، دىلكەشتى، ئىدى مۇلايىم،
تەمەننا ـ كىبىردىن يىراقتى دائىم،
دېمەيتتى مەن ئېگىز ـ ئۈستۈن مەقامىم،
كەلدى، ئاھ، شۇنداق مەرد ھاتەمگە ئۆلۈم.

يەتمىشكە ئۇزىغان چاغدىمۇ يېشى،
مەنىۋى بوستاننى كېزىپ دىل قۇشى،
ئىزدىنىش ـ پىكرەتتىن قالمىغان ھوشى،
ئامراقكەن، ئىسست، ئىشچان خادىمغا ئۆلۈم.

ئۇ، كەتتى، ياق، ئۇ بار ئىخلاس ئۆيۈمدە،
جەۋلانىم، يېگەن نان، ئىچكەن سۈيۈمدە،
ئالمىشىش ئىمكانى يوقكەن ئۆلۈمدە،
بولمىسا... باقمىدى نالەمگە ئۆلۈم.

* *

ھامانغۇ بار نېمە ئادەمگە ئۆلۈم،
كۆلكىنى يەڭگۈشلەر ماتەمگە ئۆلۈم.
بىر ئالىم كۆز يۇمدى خوتەن مۈلكىدە،
ئاھ، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئالەمگە ئۆلۈم!

مۇسا ئەھەد

# بىر يول ياتار ئارىمىزدا ئىزسىز سوزۇلۇپ

## قارىمۇ قارشى دوقمۇشلار

دوقمۇشسەن ئۇ كوچىنىڭ، بۇ كوچىنىڭ مەن،
بىر يول ياتار ئارىمىزدا ئىزسىز سوزۇلۇپ.
كىم باشلىغان بۇ يوللارنى
نىچۈن ھېچ كىشى
تۈنجى قەدەم ئىزناسىدىن پۈتمەي تاش پۈتۈك
كېتىپ قالغان ئۇ دوقمۇشتىن بۇ دوقمۇشقا شۇك.
قارىمۇ قارشى تۇرساقمۇ گەر بۇندىكى ئىشلار
كۆرسەتمەستىن ئۆز ئەسلىنى كەتكەن سىر بولۇپ.

## كۆيۈپ بارار كۆكرىكىمدە يەر

كۆيۈپ بارار كۆكرىكىمدە يەر،
قىقنۇس
يالقۇنلارغا بېرىپ بارىنى
كۆيگىنىدەك بىر مىڭ يىلدا بىر
تىرىلگەندەك قايتا پەي تاشلاپ.
كۆيۈك تاغلار،
بەللەر،
قايناق دەشت
يارالمىشتىن ئەمەس قاغجىراق.
ئاھىمدىكى بىر ئىلاھىي ئوت
تۆپەيلى ئۇ ياتار ھالسىراپ.
كۆيۈپ بارار كۆكرىكىمدە يەر،
خىيالىمدا بىر قىران سۇمۇرغ،
كۆكسۇم تامان كېلەر پۇلاڭلاپ.

## كېسىشمەس سىزىقلار

ئايال چىقار بۇ ھويلىدىن ، ئۇ ھويلىدىن ئەر ،
ئاندا پەقەت ئوتتۇز قەدەم ئارىلىق ـ مۇساپە ،
تۇيۇلىدۇ ئوتتۇز ئارال ئايرىغان ئوكيان .
نىگاھلاردىن قاڭقىپ چىققان ئاياز جۇتلىرى
چەيلەر تۇيغۇ گۈلزارىنى بولۇپ گاھ تاپان .

سۆكۈناتلار قورشاۋىغا مەھبۇس ئۇ دەملەر
مۇزغا مەھكۇم دولقۇن كەبى كۆتۈرمەر غەليان .
گەر ئۇلارنى شۇ ھالەتتە كۆرسە بىراۋلار
دېسۇن قانداق ئوتتۇز يىللىق ھەمراھ قەدىردان .

ئايال چىقار ئۇ ھويلىدىن ، بۇ ھويلىدىن ئەر ،
ئەر يېنىدا بىر ئوغۇل بار ، تۇرار دۈگدىيىپ .
بىر قىزچاق بار ، باقار ئانا يېنىدا مۆكۈلۈق ،
كىملەرگىدۇر تەگسىز بىر ھېس ئىچرە مۆلدۈرلەپ .

ئىنتىلىدۇ ئوغۇل شۇتاپ ئانا باغرىغا ،
تاشلانغۇسى كېلەر قىزنىڭ دادا ئالدىغا .
ئېلىپ كېتەر ئوغۇلنى ئەر ، قىزچاقنى ئايال ،
جىمجىت خانە ، جۇپ ۋۇجۇدنى ئۆرتەيدۇ خىيال .

قىرغىقى يوق ئىككى دەريا ئاقار تاشقىنلاپ ،
ئىككى ياۋان ئىككى ياندا ياتار قاغجىراپ .

## قالدى سەنسىز ئاھ ئۇرۇپ ئۆزۈك ئېيتقان ناخشىلار

غايىب بولدى بىر باھار ، كەتتى توزۇپ بىر غۇنچە ،
كۈلۈپ تۇرۇپ باھاردا كۈلمەي تېخى باھارى .
قالدى سەنسىز ئاھ ئۇرۇپ ئۆزۈك ئېيتقان ناخشىلار
قالدى مۆكۈلۈق بوقۇلداپ دۇتارىڭنىڭ شوخ تارى .

قالدى مۆكۈلۈق بوقۇلداپ دۇتارىڭنىڭ شوخ تارى ،
مېنى چالغان ، جان بەرگەن قېنى ئاشۇ يىگىت دەپ ؟
ئۇلۇغ تىنىپ زېمىنمۇ قالدى يىغلاپ ئەلەمدە ،
پۈتمەي تۇرۇپ بۇ ھايات كىملەر قويدى چېكىت دەپ .

قالدى يىغلاپ شەبنەملىك باغلاردىكى چېچەكلەر ،
قالدى يىغلاپ ۋاپادار گۈللىرى ھەم دىلدارى .

www.uyghurkitap.com

قالدى يىغلاپ دوستلىرى ئۆرتەپ دەردتە يۈرەكلەر ،
قالدى يىغلاپ ياپراقسىز يېتىلمىگەن چىنارى .

ساقىپ چۈشتى بىر يۇلتۇز نۇرى تۈگەل چېچىلماي ،
كەتتى تورزۇپ بىر پورەك تېخى تولۇق ئېچىلماي .
قالدى يىغلاپ كۈيۈنگە ئامراق ئايدەك كېچىلەر ،
قالدى يىغلاپ چىرايلىق قامىتىگە تولۇن ئاي .

يىغلىماڭلار بولدى بەس چىللاپ ئۇنى ئانىسى
ئېلىپ كەتتى يېنىغا ئاۋازىڭنى ئاڭلاي دەپ .
ئامراق ئىدى زەپ ئاڭا ، شۇڭا ئامراق ئوغلىنى
كېتتۇ چىللاپ يېنىغا مەڭگۇ بىللە ياتاي دەپ .

بەلكىم شۇ تاپ ئانىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ ئۇ ،
ئانا ئامراق كۈيلەرگە دۇتار چېلىپ بەرگەندۇ .
ئۇ ئالەمگە ئوغۇلسىز كەتكەن ئاشۇ ئانىنىڭ
كۆرۈپ شۇ تاپ ئوغلىنى كۆڭلى تاغدەك ئۆسكەندۇ .

غايىب بولدى بىر باھار ، كەتتى تورزۇپ بىر غۇنچە ،
باھار تۇرۇپ باھاردا كۈلمەي تېخى باھارى .
قالدى سەنسىز ئاھ ئۇرۇپ ئۆزۈك ئېيتقان ناخشىلار ،
قالدى مۇڭلۇق بوقۇلداپ دۇتارىڭنىڭ شوخ تارى .

غەنى رەشىدى

## بۇ دۇنيا مەنسىز سۆيگۈگە قانساڭ

ئالدىڭدا يېشىللىق چۆللۈكتىن چىقساڭ ،
چاڭقىساڭ ۋە يەنە سۇپسىزۇك دەريا .
جىملىقتا قۇلاقنى باغرىڭغا تۇتساڭ ،
ئاڭلايسەن يېقىملىق گۈزەل بىر ناخشا .

ئايازدىن زىرىكىپ تىللارسەن بەلكىم ،
گۈل غۇنچە پەسلىدىن يۈرۈپ بىخەۋەر .
پىژغىرىم ئاپتاپقا پايلىماي دەر كىم :
ھەي ئاپتاپ ، بول گويا ئايازدىن بەتتەر .

ۋىسالنى كۈتۈرسەن ھىجراننى يېڭىپ ،
ئازابى پەقەتلا ئۆزۈڭگە ئايان .
قانغۇچە بىر مەھەل كۆكسۈڭگە تېڭىپ ،
ئىشكتە ساقلايدۇ تەلمۈرۈپ ھىجران .

قەدىمگە ئوخشايدۇ تەقدىر ۋە كەچمىش
ئۆلۈمگە باراۋەر مېڭىشتىن تانساڭ .
باغرىڭغا ئوت ياقسۇن كەتمىش ۋە كەلمىش
بۇ دۇنيا مەنسىز سۆيگۈگە قانساڭ ...

جېلىل خېلىل

## لىرىكا

يانچۇقۇمدا يىلان مۆڭگۈزى ،
بۇدۇر بەخت - قۇتتىن بىشارەت .
كۆككە تۇتسام كۆزۈمنى بىردىن ،
تامچىلىدى سۆزۈك مۇھەببەت .

ئاھ ، بۇ جاھان شۇنداق جاھانكەن ،
ھەر ئادەمدە بىچارە تەلەپ .
ھەق ۋە ناھەق ، گۈزەل ۋە رەزىل ،
ئەلەم ، خۇشلۇق ، سۆيگۈ ۋە نەپرەت .

سۆيەي دېسەڭ سۆيەلمەيسەن چىن ،
ۋاز كېچەي دەپ كېچەلمەيسەن ۋاز .
يۈرىكىڭنى تىكسەن دوغا
ئاھ ، بولىسەن گويا قىمارۋاز .

تەڭقىسلىقتا ياشايسەن تامام ،
دېيىسەن ئۇنداق يا بۇنداق قىلاي .
ئاۋۇ مەندىن قالارمۇ رەنجىپ ،
ياكى مانى قانداق خۇش قىلاي .

يانچۇقۇمدا يىلان مۆڭگۈزى ،
بۇدۇر بەخت - قۇتتىن بىشارەت .
خالىغانغا يەتمەك ئىستەيمىز ،
ھەر ئادەمدە بىچارە تەلەپ !

غوپۇر رەھىم

## ساڭا خاس سۆيگۈم بار قۇدرىتى چەكسىز

ئەي ئانا دىيارىم سۆيۈملۈك ۋەتەن ،
بىر ئۆمۈر ئىشقىڭدا كۆيگەنىم كۆيگەن .
چۈنكى مەن دۇنياغا تۇرەلگەن چاغدا ،
كۆز ئېچىپ قۇچاقلاپ سىنىلا سۆيگەن .
ئەڭ ئەزىز ، سۆيۈملۈك ماكانىسەن ماڭا ،
جاھاندىن مىڭ ئارتۇق جاھانسەن ماڭا .

ئانىجان ، گەر چاقسا تېنىڭنى چايان ،
زەھەرنى تىلىمدا ئالىمەن شوراپ .
قۇترىسا ئىنساپسىز جۇدۇن لەشكىرى ،
ئېتىلىپ چىقىمەن يولىنى توراپ .
بۇ ئەمەل ئەرزىمەس سېنىڭ شەنىڭگە ،
نېمىنى تەڭ قىلسام بولار بەھرىڭگە ؟!

شەپەقنىڭ رەڭگىنى بېرىپ ھۆسنۈڭگە ،
ئويناتسام لېۋىڭدە نۇر بىلەن كۈلكە .
دەريادا سۇ ئەمەس شەربەت ئاققۇزۇپ ،
كۆكسۈڭنى ئورىسام خۇش پۇراق گۈلگە ؛
شۇندىمۇ قەرزىڭ كۆپ ، بولمايدۇ ئادا ،
دەپ ماڭا ۋىجداندىن كېلىدۇ سادا .

سۆيگۈمنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بىلەن
ئالتۇن تاڭ نۇرىغا بۆلەيمەن سېنى .
كۆرگەندە بەستىڭنى قۇياش ئىچىدە ،
مۆجىزە ، بەختلەر چۆلغايدۇ مېنى .
نۇرلانساڭ ، شان قۇچساڭ سەنمۇ ئالەمدە ،
بۇ كۈنلەر ئايلىنار توي ۋە ئايەمگە .

خام - خىيال ئەمەس بۇ مېنىڭ ئويلىرىم ،
ھەممىشە كارامەت يۈز بېرەر سەندە ؛
رۇخسارىڭ مەست قىلغان كۈيچى بۇلبۇللار
جەننەتتەك بېغىڭدا ئۇرىدۇ خەندە .
سەن مېنىڭ قىبلەمسەن ، قىلىمەن سەجدە ،
جىسمىڭدىن زەررىمەن ، ساڭا خاس بەندە .

قاۋسلقان قامىجان

# تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار

تېيىپجان ئېلىيېۋ زامانىمىزدا ئۆتكەن تۇرمۇش بىلىملىرىگە باي ، نەزەرىيە دائىرىسى كەڭ ، يۈكسەك سەنئەت قارىشىغا ئىگە جەمئىيەتشۇناس ، پسىخولوگ ، مەرىپەتپەرۋەر ، پەيلاسوپ شائىر ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ، تارىخ ھەقىقىتى ھەققىدىكى ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ، تەبىئەت ۋە مۇرەككەپ ، كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى ، ئۇمىدۋار روھى ، رومانتىك غايىۋى ـ ئىستەكلىرى شائىرنىڭ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئەنگۈشتەر ھېسابلىنىدىغان شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن .

شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى كۆپرەك كېيىنكى دەۋردە يازغان شېئىرلىرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ .

دۇنيانى ، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ، كىشىلىك جەمئىيەتنى ، ئانا تەبىئەتنى ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ، دەۋر ئېقىمىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن كۆزىتىش ، تونۇش ، تەتقىق قىلىش ، ئۇنى ئېستېتىك تۇيغۇ ، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە ھەقىقىي سەنئەت ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلەش رېئالىستىك شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولىدۇر . ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ، ئەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشتا سەنئەت قانۇنىيىتىگە ، بەدىئىي ماھارەتكە تايانغان . شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، پىكرىنى مەنتىقىلىق ئىپادىلەشتە پەلسەپە ئىلمىگە تايانغان . شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرىمىزدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى .

«خېرىدار :

پاھ ، بۇ قوغۇن نېمانچە تاتلىق ؟

دېھقان :

يەرگە ياتتاق كۆمگەن ئەمەسمۇ ؟

خېرىدار :

توۋا ، بۇمۇ ئاجايىپ گەپقۇ ،

ياتتاق دېگەن تىكەن ئەمەسمۇ ؟

دېھقان :

بىراق ئۇنىڭ شېكىرىمۇ بار ،

لەززىتىنى بىلمىز يېسەك ،

ھەكىم :

دۇنيا ئۆزى شۇنداق تۈزۈلگەن :
تاتلىق بىلەن ئاچچىق قوشكېرەك .»

شائىرنىڭ «يانتاق ھەققىدە پاراڭ» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئۈچ پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى قەزىقارلىق پاراڭ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەردىكى ماھىيەتلىك قارىمۇ قارشىلىق ۋە دىئالېكتىك بىرلىك ئىلمىي ئاساس، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن . قوغۇنمۇ، يانتاقمۇ بىر خىل مەۋجۇت نەرسە، قارىماققا بۇ كونكرېت شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق بار، بىرلىك يوقتەك سېزىلىدۇ . يانتاق قوغۇن يىلتىزىغا كۆمۈلۈش بىلەن چىرىپ ئوغۇتقا ئايلىنىپ، قوغۇنغا كۈچ بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاچچىق تەمى تاتلىققا ئۆزگىرىدۇ . شائىر كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولغان بۇ ئاددىي ئىلمىي قانۇنىيەتنى بەدىئىي ئۇسۇلدا ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگەن .

شائىرنىڭ «سەللە» ناملىق ھەجۋىي شېئىرىدا، مەلۇم بىر جاناب سەيلە - ساياھەت قىلىشنى كۆڭلى تارتىپ بېشىغا شايى سەللىنى ئوراپ يولغا چىقىدۇ . ئۇ ھاردۇق يېتىپ، ئىسسىقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سەللىسىنى، ئۈچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، پىنھان بىر جايدا ئۇيقۇغا كېتىدۇ . ئويغانغاندا سەللىسى بىلەن كۆڭلىكى يىتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن جاناب نېمە دەركىن خەلق سەللىسىز ماڭسام، دەپ قاتتىق ئويلىنىدۇ، ئاخىرى ئىلاجسىزلىقتىن، تامبىلىنى يېشىپ بېشىغا سەللە قىلىپ ئوراشقا مەجبۇر بولىدۇ . بۇنداق ئەقلىنى ئويلاپ تاپقانلىقىدىن خۇشال بولغان جاناب غادىيىپ ماڭغىنىچە ئۆيىگە راۋان بولىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قاتتىق مەسخىرە، كۈلكە ئاستىغا چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان بۇ شېئىردا شائىر دىننى نىقاب قىلىش ئارقىلىق ئاتاق - ئابروي تېپىپ مەرتىۋىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان ئالدامچى جانابلارنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن .

«يېشىل ۋادىدىن كىرگەن چېغىمدا ،
يىگىت سېزىمەن خۇددى ئۆزۈمنى .
كۆرۈپ ئاقارغان ساقىلىمنى سىز ،
يالغان دېمەڭ بۇنداق سېزىمنى .
يېشىلزارلىق ، ياشلىق باھارى ،
يايرايدۇ كۆڭلۈم ئۇنىڭ زوقىدىن .
ئانا تۇپراق بولسا يېشىلزار ،
قايغۇم يوق مېنىڭ ساقال ئېقىدىن .
يېشىلزارلىققا سىڭمىسە ئەجرىڭ ،
ئانا تۇپراققا يوق ئىككەن مېھرىڭ .
زارلىنىشقا ھەققىڭ يوق سېنىڭ ،
ياپراقچىلىك بولمىسا قەدرىڭ .»

(«يېشىلزارلىق ئالدىدا»)

بۇ شېئىردا تەبىئەت پەلسەپىسى ، كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن . تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھايات قانۇن-

يىتى، ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن ئانا تۇپراق، يەنى ۋەتەن مۇھەببىتىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

بىزگە مەلۇم، پەلسەپە ئىلمىدە تۈرلۈك - تۈمەنمىك شەيئىلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئەقىللىك ۋە قەدىرلىك ھېسابلىنىپ كەلگەن ئادەملەرگە ئۇلۇغلۇقنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، ئۈستۈنلۈكنى ئۇلۇغ ئانا تەبىئەت ئاتا قىلغان، ئادەم دۇنيانى چۈشىنىدىغان، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان، ھەممىنى كونترول قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ، «يېشىلزارلىق ئالدىدا» ناملىق بۇ شېئىردا شائىر ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تەبىئەتكە مۇراجىئەت قىلغان، ھاياتنى قەدىرلىگەن. ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېستېتىك تونۇش بويىچە گۈزەللەشتۈرۈپ شەرھلىگەن.

ئادەم قېرىيدۇ، تەبىئەت قېرىمايدۇ. ئادەمنىڭ ياشلىق باھارى ئۆمرىدە بىرلا قېتىم كېلىدۇ، تەبىئەتنىڭ باھارى ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىدۇ، ئۇ، مەڭگۈ شۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ، تەبىئەت ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ. ئادەم ئانا تۇپراق قۇچىقىدا تۆرىلىپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە كۆز يۇمۇپ ئانا تۇپراق قۇچىقىغا كىرىدۇ. بۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ھاياتلىق قانۇنىيىتى. پەيلاسوپ شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇ نۇقتىلارنى بىزگە پەلسەپىۋى ئۇقۇم، چۈشەنچە ئاساسىدا سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، تەبىئەت ۋە ئانا تۇپراق، يەنى ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

پەلسەپە — دۇنيا قاراش توغرىسىدىكى پەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، دۇنيا — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ماددىي دۇنيا. ئۇنداق بولسا، بىز دەۋاتقان ماددىلارنىڭ دائىرىسى كۈندىلىك تۇرمۇشتا، تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىدا قېلىپلاشتۇرۇلغان، تۇراقلىق ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۇلغان، مۇقىم ئاتالغۇلارغا ئىگە قىلىنغان ماددىلارنىڭ دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ كېتىدۇ. شۇڭا پەلسەپە ئىلمىنى يالغۇز پەيلاسوپلار قورال قىلىپ قالماستىن، باشقا ساھە، باشقا كەسىپتىكىلەرمۇ، جۈملىدىن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى، روھىي دۇنياسىنى ئاختۇرۇش، ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلاپ كەلگەن يازغۇچى - شائىرلارمۇ ئۇنى ئۆز ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، بەدىئىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قورال قىلىپ كەلدى. شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋمۇ كونكرېت شەيئىلەر ئۈستىدە مەلۇم پەلسەپىۋى قاراشلار ئارقىلىق ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزۈشنى، تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىشنى، پېرسوناژلارنىڭ تۈپ مۇددىئاسىنى، ئىدىيىسىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئادىتىگە ئايلاندۇرغان، ئۇ «يېڭى باي كۆۋرۈك ياسىدى» ناملىق شېئىرىدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىغا يانداشقان يېڭى دەۋر كىشىلىرىنىڭ يېڭى روھىنى، يېڭى ئېڭىنى، جاپالىق ئەجرىنىڭ ئەھمىيەتلىك مېۋىلىرىنى تولىمۇ جانلىق ۋە روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

«يېڭى باي نۇرۇللا كۆۋرۈك ياسىدى»
ئۆز ساخاۋىتىدىن كۆڭلى شادىمان.
كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەر ئېيتتى تەشەككۈر،
ئوقتىنىڭ شۇ يولدەك بولسۇن دەپ راۋان،
ھەمدۇل بوۋاي دۇئا قىلدى ئۇنىڭغا:
«سىراتتىن غۇيۇلداپ ئۆتكەيسەن ئامان!»

بۇ شېئىرنى ئوقۇغان چېغىمدا ، ئىلگىرى قازاق خەلقى ئىچىدىن چىققان باشباي ناملىق بىر باينىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېمىل دەرياسىغا چوڭ كۆۋرۈك سېلىپ ، ئېقىنى چاغلاردا مۇشۇ جايلارغا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭ ھەم يىراق - يېقىندىن كەلگەن يولۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقى ھەققىدە ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان گەپلەر ئېسىمگە كەلدى . كېيىن بۇ كۆۋرۈك ئۆزگەرتىلىپ ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن زامانىۋى يېڭى كۆۋرۈك ياسالدى . شۇنداقتىمۇ خەلق يەنە ئۇنى «باشباي كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىشىدىكەن .

باشباي تارىختا ئۆتكەن شەخس ، ئۆزى ئۆلسىمۇ روھى خەلق قەلبىدە ياشىغان چىن ئادەم . نۇرۇللا بولسا ، دەۋرىمىزدىكى باشبايغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ تېپى ، ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئوبرازىدۇر . ھەر ئىككىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرى خەلقنى سۆيۈندۈرىدۇ .

ماھارەتلىك شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ يۇقىرىقىدەك رېئاللىقتا مەۋجۇت ، خەلققە پايدىلىق ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بايقاپ ، ئۇنىڭدىن ماتېرىيال ئالدى . ئوي تاپتى ، ئوبرازلىق ھېس - تۇيغۇ تاپتى ، ئىلمىي ، پەلسەپىۋى ئىدىيە تاپتى . ئۇنى شېئىرلاشتۇرۇپ خەلق قەلبىگە ، قېنىغا سىڭدۇردى .

كۆۋرۈك — ماددا . دۇئا — ئاڭ . نۇرۇللا چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلىپ ، كۆۋرۈك ياسىغۇدەك ، خەلق ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئالقىش ياغدۇراتتى ، دۇئا قىلدى . بىيىش يولىنىڭ تېخىمۇ راۋانلىشىشى ئۈچۈن ئاق يول تىلىدى . مانا بۇلار دەل ماددىنىڭ ئاڭنى بەلگىلىشىدۇر . دېمەك ، شائىر پەلسەپە ئىلمىدىكى سەۋەب - نەتىجە چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ ، خەلقنىڭ ئىسلاھات روھىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى .

تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا زىددىيەتلىك تالاش - تارتىشلاردىن ، يۇمۇرىستىك تەمسىلاتلاردىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ، قارىمۇ قارشى ئۇقۇملارنى كۆپ ئىستېمال قىلغان شائىر . «كۆچۈرمىچى ئوغرىلار» ناملىق ساتىرىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى :

«مايسا كۆچۈرسە بىراۋ ئوغرىلاپ
(بۇمۇ پەسكەشلىك
سېزىلىپ قالسا ،
يا خىجىل بولسا ،
ھوسۇلدىن زاڭ تۆلەيدىغاندۇر .
پىكىر ئوغرىسى —
كۆچۈرمىچىلەر
خىجىللىقنى بىلمەيدۇ ئەسلا ،
زاڭ تۆلەي دېسە ئۆز ھوسۇلى يوق ،
كىمدىنمۇ قەرز تىلەيدىغاندۇر ؟»

بۇ شېئىر ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئوغرىلار قەلبىگە ئېتىلغان ئوق ، بۇنىڭدا ئىككى خىل تىپتىكى ئوغرىلارنىڭ خاراكتېرى سىزىلغان ، ماھىيىتى ئاشكارىلانغان . بۇلارنىڭ بىرى ماددىي بايلىق ئوغرىسى ، يەنە بىرى مەنىۋى بايلىق ئوغرىسى . ھەر ئىككىلىسىدىكى ئورتاقلىق ئۇلارنىڭ قەلبى پەسكەشلىك بىلەن بۇلغانغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئانا تىلىم» ناملىق شېئىردا شائىر :

«ئانا تىلىم ،
مۇھەببەت بابىدا چەكسىز يېقىملىق ،
جىلۋىدار تىلىم ،
نەپرەت بابىدا شۇنچە شىددەتلىك ،
زۇلپىقار تىلىم .
مىللىتىمىزنى ،
خىسلىتىمىزنى ،
ئىززىتىمىزنى
ساقلاپ كەلگەن تۆھپىكار تىلىم .
ئانا تىلىم ،
سەن ئاچقان ئەقىل كۆزىمىزنىمۇ ،
سەن بىلەن چۈشەندۇق مۇشۇ دۇنيانى
ھەم چۈشەندۇق ،
چۈشەندۈردۇق ئۆزىمىزنىمۇ .»

دەپ چەكسىز مۇھەببەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئانا تىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى ، تۆھپىسىنى ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن .

كىشىلەر پەلسەپىدىن ئىبارەت ئىلمىي دۇنيا قاراشنى تىل قورالىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ . كىشىلەر تىلنىڭ ۋاستىسىگە تايىنىپ دۇنيانى تونۇيدۇ ، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ . شائىر بۇ شېئىردا ئۇقۇمنى ، پىكىرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ئابستراكت چۈشەنچىنى كونكرېت چۈشەنچىگە ئايلاندۇرۇپ ، ئانا تىلنى مىللەتنىڭ خىسلىتىنى ، ئىززەت - ئابرويىنى ، مول مەنىۋى بايلىقلىرىنى ساقلاپ قالغان تۆھپىكارغا ئوخشىتىدۇ .

«ئۇيغۇرلار پۈشتى مۇقام ئاڭلاپ تۇغۇلغان ،
مۇقامغا ئوخشايدۇ ئەللەي كۈيىمۇ ،
مۇقامسىز مەشرەپكە ئوخشىماس مەشرەپ ،
مۇقامسىز قىزىماس ياشلار تويىمۇ .
مۇقام ئاڭلىغاندا بوۋاي - مومايلار
ياشىرىپ قالغاندەك سىزەر ئۆزىنى ،
دېيىشىدۇ : ‹ ئادەم شېھىت كېتەرمىش ،
مۇقام ئاڭلىغانچە يۇمسا كۆزىنى › .»
(«مۇقام ئاڭلاپ» دىن)

مانا بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر مەنە سىڭدۈرۈلگەن ، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنغان قويۇق مىللىي پۇرىقى ، قايناق مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغان قەلب كۈيى ، سەنئەت پەلسەپىسىدۇر . «ئون ئىككى مۇقام» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان ھامان ، ئۇيغۇر مىللىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ . «ئۇيغۇر مىللىتى» دېگەن خاس نام ئېغىزغا ئېلىنىش بىلەن

ئۇلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى، چاراڭلىق مۇزىكىلىرى، شوخ ئۇسسۇللىرى ئېسىمىزگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تەبىئىي تۈردە ئۇيغۇر دېمەك ــ مۇقام دېمەكتۇر، مۇقام دېمەك ــ ئۇيغۇر دېمەكتۇر دېگەن فورمىلا شەكىللىنىدۇ. «مۇقام ئاڭلىغاندا بوۋاي ـ مومايلار، ياشىرىپ قالغاندەك سېزەر ئۆزىنى» دېگەن مىسرادىكى شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن «دېيىشىدۇ: ( ئادەم شېھىت كېتەرمىش، مۇقام ئاڭلىغانچە يۇمسا كۆزىنى ) » دېگەن مىسرالاردىكى خەلق ئۇقۇمى، خەلقنىڭ ئېڭى، چۈشەنچىسىگە ئايلاندۇرۇپ بېرىلگەن تەسەۋۋۇر، يەكۈن ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە باغلانغان ھەم بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىغان دىئالېكتىك بىرلىك بار. ئۇ بولسىمۇ، خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتى، سەنئەتنىڭ خەلق قەلبىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىدىن ئىبارەت. مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى يۈكسەك دەرىجىدە جانلاندۇرۇپ، ئۇنى گۈزەللىك دۇنياسىغا ئايلاندۇرغان سەنئەت مەكتىپىدۇر. مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي رام قىلىۋالغان يېقىملىق، جىلۋىدار سەنئەت ماگنىتىدۇر.

«ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى قىلساڭ ئېتىراپ،
دېمىگىن خۇشاللىق ماڭىلا ھېساب.
رەنجىشتىن ھەر كۆڭۈل بىر ئازاب چەكسە،
رەنجىشتىن ۋىجدان چېكەر مىڭ ئازاب.»

بۇ رۇبائىيدا كىشىنى تەكرار ئويغا سالىدىغان ھېكمەتلىك مەنە ئىپادىلەنگەن.

ئادەم ــ كونكرېت شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ خاسىيەتلىك شەيئى. ئۇ بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ھەم خاسلىقنى، ھەم ئومۇملۇقنى ۋەكىللىك قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەم جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئەزاسى. ئۇ ھەرگىز يەككە ـ يېگانە ياشىمايدۇ، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇنۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈن دىئالېكتىك بىرلىكىنى ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر رۇبائىينىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىنىمۇ چۈشىنىش، ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ غېمىنى يېگەن، ئويلىغان يەردە باشقىلارنىڭ غېمىنىمۇ ئويلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلغان. كېيىنكى ئىككى مىسرادا پىسخىك ئالامەتلەرنى چىقىش قىلىپ، تەپەككۇر يۈرگۈزگەن. «كۆڭۈل» ۋە «ۋىجدان» دىن ئىبارەت ئۇقۇملار پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەردە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئىنچىكىرىلەپ تەھلىل يۈرگۈزسەك بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنىڭ سالمىقى، خاراكتېرى جەھەتلەردە خېلى روشەن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئالايلى، «كۆڭۈللۈك»، «كۆڭۈلسىزلىك» دېگەن سۆزلەر تىلىمىزدا كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشتىن خۇش بولغان ياكى خاپا بولغانلىقىنى، رازى بولغان ياكى نارازى بولغانلىقىنى ۋە باشقا ئىچكى دۇنياسى، روھىي كەيپىياتىدا پەيدا بولغان قارىمۇ قارشىلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «ۋىجدانلىق»، «ۋىجدانسىزلىق» دېگەن سۆزلەر كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ، ماھىيىتىنىڭ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ، ئىستىلىنىڭ، پەزىلىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم، ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ نۇقتىلارنى تېپىپچان ئېلىيېۋ يۇقىرىقى شېئىرىدا «كۆڭۈل بىر ئازاب چەكسە ... ۋىجدان چېكەر مىڭ ئازاب» دەپ كۆڭۈل ئازابىدىن ۋىجدان ئازابى نەچچە ھەسسە يامان بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن.

www.uyghurkitap.com



باشلىقتا ياقامدۇ - يوق ياخشىچاقلىق
ياقتۇرسا ياخشىچاقنى، ئۇمۇ چاغلىق.
يۆلىنىپ ياخشىچاققا غادايسا كىم،
بەربىر، بېشى ئۇنىڭ ساڭگىلاقلىق.

بۇ رۇبائىيدا ياخشىچاقلارنىڭ ۋە ياخشىچاقلارنى ئۆزىگە تايانچ قىلغان ئابرويپەرەس مەنسەپ ئىگىلىرىنىڭ ئىپلاس ئىچكى دۇنياسى پاش قىلىنغان. جەمئىيەتتە ياخشىچاقلىقنى جان بېقىشنىڭ ياخشى يولى قىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن نەپ ئالىدىغان، تەييارغا ھەييار بولىدىغان باشلىقلارمۇ خېلى بار، لېكىن باشلىق بولغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىچاقلارغا ئامراق بولىۋەرمەيدۇ. بۇنداق خىسلەتلىك، سەممىي باشلىقلارغا ياخشىچاقلارمۇ يېقىن كېلەلمەيدۇ. ياخشىچاقلارمۇ سۆنى سىڭگەن يەرگە سىيىشنى بىلىدۇ. ئۇلارمۇ ناھايىتى ھوشيار، ناھايىتى سەرگۇر كېلىدۇ. ياخشىچاققا تەشنا، ياخشىچاققا يانتاياق بولىدىغان باشلىقلارنى ئاسانلا پۇراپ تېپىۋالىدۇ. بۇمۇ قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدۇر. شائىر ئاشۇنداق ياخشىچاقلارغا شېرىك بولغان باشلىقلارنى «يۆلىنىپ ياخشىچاققا غادايسا كىم، بەربىر، بېشى ئۇنىڭ ساڭگىلاقلىق» دەپ دۇمبالايدۇ. ئاڭ ماددىغا باغلانغان، ماددىغا بېقىنغان. ئۇ ماددىدىن ئايرىلمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئوبيېكتىپ نەرسىلەر، سۇبيېكتىپ تەسىرات، چۈشەنچىلەر يازغۇچى مېڭىسىدىن ئىبارەت فۇنكسىيە ئارقىلىق پىششىقلىنىپ ئەدەبىي ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئاڭ ماددىنىڭ ئىنكاسى ئىكەن، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كۆچى بىلەن ئەسەردە ئىپادىلەنگەن كۆز قارىشى، ھېسسىياتى، چۈشەنچىسىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. چۈنكى يازغۇچىلار مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ئەمەلىيەتتىن ئېلىنىپ، ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. شۇنداق بولغاچقا، شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى قاراشلار، ھېكمەتلىك ئوي - پىكىرلەر كىشىلەرنىڭ قەلبىگە جۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك ئاسانلا سىڭىپ كېتىدۇ.

«قىچىشقان يېرىنى كىمكى تاتىلىمىسۇن،
لەززەتلىك ھېس قىلىمىز تەسىرىنى.»

بۇ راست گەپ، ھەممىگە چۈشىنىشلىك رېئاللىق.
جانلىق ئادەملەر بەدىنىنىڭ قىچىشقان يېرىنى تاتىلىغانسېرى، شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىدۇ، لەززەتلىنىدۇ.

«بەزىمىز نېمىشقىدۇر ئىشقا سېلىپ،
〈 يوق يەردىن توك ئۇندۇرۇش 〉 ھۈنىرىنى.
ئۆزىمىزنىڭ قىچىشقان يېرى قېلىپ،
تاتلايمىز باشقىلارنىڭ ساق يېرىنى.»

شائىر بۇ مىسرالاردا «يوق يەردىن توك ئۇندۇرۇش» ھۈنىرىنى كەسىپ قىلىپ، باشقىلارنىڭ پاك قەلبىنى زېدە قىلغان تۆھمەتخور، بەدنىيەت كىشىلەرنى ئاچچىق ھەجۋىي قىلغان.

«دېدى بىر تۆھپىكار ئەرباب ئوغلىغا:
باشلىقنىڭ ئوغلى دېگەن ئەمەل ئەمەس.
‹ئۆز ئەجرىڭ بەلگىلەيدۇ قىممىتىڭنى،
ئاتاڭنىڭ يۈزى ساڭا بەدەل ئەمەس›.»

شائىر بۇ رۇبائىيدا ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى «ئەمەل» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «ئەجىر» دېگەن ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشى چۈشەنچىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنىڭ بىرى تۇراقسىز ئورۇنغا، يەنە بىرى تۇراقلىق ئورۇنغا ئىگە، مەسىلەن، ئەمەل، ۋەزىپە، ھوقۇق بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك بىر ئادەمگە مەنسۇپ بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ قولىدا تۇرىۋەرمەيدۇ. ئۇ كىشىدىن بۇ كىشىگە ئالمىشىپ، ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئەجىر — ئەمگەك، ئەمگەك مېۋىسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش يولىدىكى بارلىق ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەجىر شەخسكە مەنسۇپ. بىر ئادەمنىڭ ئەجرىنى، ئەمگەك مېۋىسىنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ھېسابىغا يېزىشقا بولمايدۇ. ئۇ ئۆمۈرلۈك تۇراقلىق ئورنىنى ساقلايدۇ. ھەر كىم ئۆز ئەجرى، ئۆز قان ـ تەرى بىلەن ھاياتنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، تۆھپە يارىتىدۇ، ئىستىقبال تاپىدۇ. بۇ نۇقتا يۇقىرىقى رۇبائىيدا ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ رۇبائىينى ئوقۇغان چېغىمدا، قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئابايىنىڭ «ئاتىنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئادەمنىڭ بالىسى بول» دېگەن دانا تەلىمى ئېسىمگە چۈشتى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇ رۇبائىيسىمۇ مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان بىر ياخشى مىزاندۇر.

«ئۆزىمىزنى ھەممىگە پىشقان دېمەيلى،
ئۇنتۇلمىسۇن خام سۈتمۇ ئىچكەنلىكىمىز،
تۆرگە چىقىش باشنىڭ كۆككە يەتكىنى ئەمەس،
غۇلاش ئەمەس پەگاھغا چۈشكەنلىكىمىز.
ئۆزىمىزنى سورىماي شەھەر سورىساق،
يېتىدىكەن زاۋاللىققا پېشكەللىكىمىز.
بىلمەن دەپ رەختلەرنى خاتا كەسكەندىن،
ھار ئەمەسقۇ بىلىپ يىپ ئەشكەنلىكىمىز»

دېگەن مىسرالار شائىرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، ھايات ھەقىقىتىدىن يەكۈنلىگەن پەلسەپىۋى قىلىشنىڭ شېئىرىي تىلدا بەدىئىي ئوبراز تۈسىگە كىرگۈزۈپ ئىپادىلىنىشىدۇر.

«ھاسا ۋە قەلەم» ناملىق شېئىرىنى شائىر 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، يەنى ئۆزى ۋاپات بولۇشتىن سەككىز ئاي ئىلگىرى شائىخەي شەھىرىدە ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى باجىن ئاقساقال بىلەن دىدارلاشقان مەزگىلدە يازغان.

«قالسىمۇ ھاسىغا چۈشۈپ،
ۋە لېكىن
چۈشمەيتۇ قولىدىن قەلىمى تېخى،
بۇ قەلەم ھاسىدىن قىسقا بولسىمۇ،

ئۇزۇندۇر ھاسىدىن قەدىناسلىقى ،
ھاسا ئىزىنىڭ ئۆچمىكى ئاسان ،
ئۆچمەس قەلىمىنىڭ ئىزى ھېچقاچان .»

روشەنكى ، شېئىرنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى باجىن ئاقساقالنىڭ نەق مەيداندىكى ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، شائىر ئوبيېكتىپ شەيئى ـــ ھاسىنى قېرىلىقنىڭ سىمۋولى ، قەلەمنى ئادەم تۆھپىسىنىڭ سىمۋولى قىلىپ تەسۋىرلىگەن . ئاندىن مەۋجۇت رېئال شەيئىنىڭ تاشقى ھالىتىنى كۆرسىتىشتىن ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۆتكەن . ھاسا ، قەلەم بىلەن تۆھپىكار ئادەمنىڭ قەدىناسلىق مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرۇپ ، ھاسىنىڭ قەلەمدىن ئۇزۇن بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىش بىلەن ھاسىدىن چۈشكەن ئىزنىڭ ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ، تۆھپىكارنىڭ قەلەم ئىزى بولسا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا ، شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار بەلگىلىك سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى بىلەن باغلانغان ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنىڭ بەدىئىي مېتودى سۈپىتىدە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ، ئۇلارغا ئېستېتىك بىلىش نۇقتىسىدىن شەيئىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتى ، ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ۋە چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينىماقتا .

مەسئۇل مۇھەررىر **سارەم ئىبراھىم**

********************************************************

( **بېشى 124 - بەتتە** )



**ئارزۇگۈل تۇراپ** 1958 - يىل نويابىردا قاغىلىق ناھىيىسىدە كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى خەنزۇ تىلىدا پۈتتۈرگەن . 1978 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە لەنجۇ داشۆسىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان . 1982 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان . خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» ، «مىللىي يازغۇچىلار» ، «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ، «تەڭرىتاغ ئوبزورى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارغا ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى توغرىسىدا» ، «نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ھېكايىلىرىغا باھا» ، «ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى» ، «يېڭى زامان ئۇيغۇر ھېكايىلىرىغا بىر نەزەر» قاتارلىق ماقالىلىرى بېسىلغان .


ئارزۇگۇل تۇراپ

# ئۇ نېمىسنى يىتتۈرۈپ قويدى ①

مۇھەببەت خۇددى قۇياش نۇرى، يامغۇر سۈيىگە ئوخشاش ئىنسانلارغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىپ كەلمەكتە. مۇھەببەتلىك ھايات ئىگىسى گەرچە بىر گاداي بولسىمۇ، جۇشقۇن، ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدۇ. مۇھەببەتسىز ھايات گەرچە ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن ئورالغان بولسىمۇ، خۇددى توختام سۇدەك مەنىسىز ئۆتىدۇ.

مۇھەببەت — كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى. كىشى بوۋاق ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ پەپىلەپ بېقىشىغا ئىنتىلسە، بالىلىق ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى، ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاسرىشىغا ئېرىشىشكە ئىنتىلىدۇ. ياشلىق ۋاقتىدا بولسا، يات جىنسلىقلارغا ئىنتىلىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى ۋە ئاسرىشىغا ئېرىشەلمىگەن بالىلىق دەۋر بىر خىل بەختسىزلىك بولغىنىغا ئوخشاش، مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن ياشلىقمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتەر بىر خىل بەختسىزلىكتۇر. مۇھەببەت تۈپەيلى يىگىت - قىزلار تۇرمۇش قۇرىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئىنسانلار مۇشۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا زورىيىپ، تەرەققىي قىلىپ بارغان. شۇڭا مۇھەببەت ئەلمىساقتىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە يازغۇچى، شائىرلىرىمىز يېزىپ تۈگىتەلمىگەن قەدىمىي ھەم مەڭگۈلۈك تېما. لېكىن بەزى ئائىلىلەر مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولمىغاچقا، رېئال تۇرمۇشىمىزدا خۇددى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئوربىتا» ناملىق پوۋېستىدا («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) تەسۋىرلەنگەن ئاسىيە ئائىلىسىدەك بەزى بىر تراگېدىيىلىك ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولماقتا.

ئەسەردىكى باش قەھرىمان ئاسىيەنىڭ ئىلگىرى باشقا قىزلارغا ئوخشاشلا كەلگۈسىگە نىسبەتەن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى بولغان. ئاتىسىنىڭ ئانىسىغا بولغان قوپال مۇئامىلىسى، ئانىسىنىڭ ئىلىمىدىكى قولىغا ئوخشاش ئورنى ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. ئۇ كۆرمىش قىلىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان تۇرمۇش بەرپا قىلىشنى ھەمدە ئانىسىنىمۇ ئاشۇ كۆلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ ئانىسىنى kk قۇتۇلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمۇ ئاشۇ كۆلپەتكە دۇچار بولدى. ئۇ خاتا ھالدا ئۆز مۇھەببىتىنى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىگە تەقدىم قىلدى. ئۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى ئارقىلىق




① ئاپتور بۇ ئوبزورىنى خەنزۇ تىلىدا يازغان.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ يولىدىشىنىڭ ئەخلاقسىزلارچە يۇرۇش - تۇرۇشىغا ۋە ھاقارەت قىلىشىغا سۈكۈت قىلدى، ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، قىسقىسى، تۇغۇتلۇق چاغلىرىنىمۇ ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزدى. ئۇ ئائىلىدە ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، بىر ئايال بېرەلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ زور قۇربانلارنى بېرىپ، ئېرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇ بۇلارنى قىلغان چاغدا ئاللىقاچان ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغانىدى. ئائىلىگە، باللىرىغا بولغان بۇرچ تۈيغۇسى ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغان كىشىگە ئۆزىنى ئاتا قىلىشىغا ياكى ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان سۆيگۈگە ئېرىشىشىگە يول قويمايتتى. ئۇ بارلىق نەرسىلىرىنى، ئۆزىنىمۇ، يولدىشىنىمۇ، باللىرىنىمۇ يوقىتىپ قويغانىدى. باللىرى كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتاتتى. بىراق ئۇلار كۈن بويى ئېلېۋىزور بىلەن ھەپىلىشكەندىن سىرت، ئانىسىغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئانىسى ئائىلىدىكى بىر مالاي ئىدى، خالاس. كۈنلەر ئۆتتى، يىللار ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈك سۆغا ئوخشاش تۇرمۇشى داۋاملىشىۋەردى، كۈنبويى ئۆي ئىشلىرىنى تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەش، خىزمەت، باللىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئېرىنىڭ تىللاپ - ئۇرۇشلىرى ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيتتى. ئۇنى ئاز دېمەپ كۆڭلى ئازراقمۇ سۇ ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى پۈتۈنلەي خاراب بولغانىدى.

ئاسىيە بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ياشىغان دەۋر ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىمايدۇ. ئاسىيە بىلىملىك، غايىلىك يېڭى دەۋر ئايالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز بەختىنى تېپىشى، قايتا - قايتا قۇربان بېرىش ئورنىغا ئازابلىق نىكاھتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىگە مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان باشقا بىرىگە ئېرىشەلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۇ ئاياللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىشىلىك ئەخلاق ۋە ھوقۇق ھېسابلىنىدۇ. ئەسىردىكى دىلنار ئوبرازى مۇھەببەت ئۈچۈن ھېچنېمىدىن تەپتارتمايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن جەمئىيەتكە ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغان، يۈرەكلىك بىلەن ئۆز بەختىنى ئىزلەيدىغانلارنىڭ تىپى. بىراق ئۇ، شۇلارنى ئىزلەپ تاپالىدىمۇ؟ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە چوڭ شەھەرلەردىكى ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتىدە ئىقتىساد ئاللىقاچان نىكاھنىڭ ۋاستىسى بولماي قالدى. چۈنكى خىزمىتى بار ئاياللار ئەرلەردىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. بىراق ئەڭ مۇھىمى، ئاياللار نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەتتىكىلەر ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى لازىم.

ئاياللارنىڭ ساداقەتمەنلىكى، ئاق كۆڭۈللۈكى ئەرلەرگە كۆپلەپ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەيلى ئۇلار قانداق بېشىم بولسۇن، ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم چىقمايدۇ. ئەكسىچە ئاياللار ئازراقلا دىققەت قىلماي قالسا، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئاياللار يولدىشىنىڭ ئۇرۇپ - تىللاشلىرىغا بەرداشلىق بېرىشكە رازى بولۇپ، بۇنداق قاباھەتلىك رېئاللىققا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھەتتا ئاسىيەگە ئوخشاش بىلىملىك ئاياللارمۇ تەقدىرنىڭ بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، ئۆزىمۇ تۈيمىغان ھالدا ئانا بولۇش يولىغا قەدەم قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى گەرچە دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە بولسىمۇ، بىراق جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ياخشى ئايال بولۇش قارىشى ئۇلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەتراپتىكىلەر بىلەن ئارازلىشىپ قېلىشتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەخلاقسىز ئاياللار قاتارىدا كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ئاسىيە ئىلگىرىكى سۆيگىنىدىن ھەر يىلى كېلىپ تۇرىدىغان يېڭى يىللىق ئاتكىرىتكىلارغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي، غەزەپلەنگەن قىياپەتتە

كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ ئاتكىرىتكىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى، سادىقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشتىكى ئاياللار يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بالىلىرىغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن ئوخشاشلا ئاشۇ دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، خالاس. مۇبادا بالىسى بولماي قالسا، ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆز بەختىنى تېپىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇڭا ئاسىيەنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ تۈپ يىلتىزى ئائىلىدە ئەمەس، بەلكى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان ئاشۇ چىگىش «تور» دا، يەنى يازغۇچى ئېيتقان ئاشۇ «ئۇربىتا» دا. ھەممىمىز بىر خىل ئىنتىرىش كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇشۇ «ئۇربىتا» ئەتراپىدا ياشىماقتىمىز. ھازىرقى زامان ئېڭىغا ئىگە ئاسىيەمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

«ئۇربىتا» ئۇيغۇر ئاياللىرىغا بۇسۇپ ئۆتمەك تەس بولغان بىر تورنى، بۇ تور ئىچىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى، ئېغىر ھەم مۇرەككەپ، ئۇششاق - چۈششەك، ئاخىرى چىقماس ئۆي ئىشلىرى بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئۆتىدىغان تۇرمۇش مۇساپىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى. شۇڭا بۇ ئەسەر پۈتكۈل ئاياللىرىمىزنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ئاسىيە ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى.

بۇ ئەسەرنى مۇبادا مەدەنىيەت مۇھىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشىمايدىغان ئىلغار مىللەت ئاياللىرى ئوقۇپ قالسا، ئۇلار چوقۇم ئەسەردىكى ئاسىيەنى قورقۇنچاق، بىچارە دەپ بىلىدۇ، خالاس. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەتسىز تۇرمۇش ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان ئاسىيەدەك خوتۇن - قىزلارغا ئۇلارنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمەيدۇ. بىراق بىز ئۇيغۇر ئاياللىرىغا نىسبەتەن پەرزەنتلىرىنى ئويلىماي، ئائىلىسىنى بۇزغانلار ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئەخلاق قارىشى قانچىلىغان خوتۇن - قىزلارنى يۇتۇپ، قانچىلىغانلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئەڭ ئاخىرىغا كېلىپ ئۇلارنى (ئاياللارنى) ئائىلىدىكى بىر سايمان قاتارىغا چۈشۈرۈپ، ئەرلەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە تېگىشلىك ئەھۋال.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز قارىماققا تىپتىنچ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن تراگېدىيىلىك ھادىسىلەر يوشۇرۇنغان. قارىماققا رەھىمدىللىك قاپلاپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرىمىزگە يات بولغان ھادىسىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۈگۈنكى ئېچىۋېتىلگەن دەۋردە كىشىلەر ئۆز بەختىنى بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتقا قارىغاندا بەكرەك ئويلىشىدىغان بولدى. بىز ئۇيغۇر ئاياللىرى بولساق، ئومۇميۈزلۈك باشقىلاردىن، ئەتراپىمىزدىكىلەردىن، سۆز - چۆچەكلەردىن ئەنسىرەپ ياشايمىز. بۇ خىل ھالەت دەۋر قەدىمى بىلەن ماسلىشالماي، بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنىڭ بىچارە ھالىتىنى بارغانسېرى ئېنىق كۆرسىتىپ قويماقتا. بىز شۇنداق بىر توپ ئادەملەرمىزكى، كۈن بويى غال - غال تىترەپ، باشقىلارنىڭ كۆپچىلىك ئۈچۈن ھاياتىمىزدىنمۇ كېچىشتەك قىممەتلىك ھېسسىياتىمىزنى ئىنكار قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆتىمىز. بۇ بەكمۇ قىممەت توختىغان بەدەل. بىزگە يەنە بۇنىڭدىن باشقا تاللاشمۇ يوق. چۈنكى بىزنىڭ بۇ توپتا ھەر بىر كىشىنىڭ ئورنى قاتتىق كونترول قىلىنغان. ئۇ سېنىڭ تۆلىگەن بەدىلىڭنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېنىڭ شۇ ئورۇننى ساقلىغان - ساقلىمىغانلىقىڭغا قارايدۇ. سەۋەبلىرىڭنىڭ قانچىلىك تولۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ يەنە سېنىڭ بارغانسېرى خازان بولۇۋاتقانلىقىڭ بىلەن، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشىڭ بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، چوقۇم

ساڭا قوماندان بولىدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان خوتۇن - قىزلار تەقدىرگە تەن بېرىۋاتىدۇ.

كىشىلەرگە كەسىپ بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئائىلە بولۇشى كېرەك، بەدەلىمۇ تۆلىنىش كېرەك، ئېرىشىشىمۇ بولۇشى كېرەك، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭدىن بەھىر ئېلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، تەكپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئىنسانىنىڭ سالامەتلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ئۆزىدە بار بولغان قۇۋۋەتنى سەرپ قىلىشنىلا بىلىپ، تولۇقلاشنى بىلمىسە، ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىشى، ئەمگەك قىلىشنىلا بىلىپ، دەم ئېلىشنى بىلمىسە ماغدۇرىدىن كېتىشى تەبىئىي. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ھېسسىياتنى فىزئولوگىيىلىك ئامىللار بەلگىلىگەن. بۇ قانۇنىيەتنى ھېچكىممۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھەر خىل رامكا ۋە قېلىپلار پەقەتلا نورمال تەرەققىي قىلىشنى چەكلىيەلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئىنسانىنىڭ ھاياتى ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا موھتاج. بۇ بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى ساقلاپ قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. چۈنكى ئەركىن قەلب، كۆڭۈللۈك تەسىراتلار، كىشىنى خۇشال كەيپىياتقا، كۆتۈرەڭگۈ روھقا ۋە سۇنماس كۈرەش ئىرادىسىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا بىز دائىم روھ زەئىپلەشمىسىلا، ھەرقانداق مۇشكۇلاتنى يەڭگىلى بولىدۇ، دەپ كېلىۋاتىمىز. مۇھەببەت بىر كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى. ئۇ قەلبنى پاكلاپ، روھنى تاۋلايدۇ. ھاياتلىققا ئوزۇق بولالايدۇ، يەنى ئۇ ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئۇ ھەتتا ئاسىيەنىڭ يولىدىشىدەك تاش يۈرەكلەرنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاشنا تۇتقاندىن كېيىن مۇلايىملىشىپ قېلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

يازغۇچى بىر ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن ئوخشاش، ئورتاق مۇھىتتا ياشىغۇچى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئاياللار مەسىلىسىگە قارىتا بىۋاسىتە تەسىرات مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ سەنئەت قابىلىيىتى، تۇرمۇشنى يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ بېرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بۇ ئەسەرنى چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ، مىللىتىمىزدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئاياللار تۇرمۇشنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بۇ بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر نۇقتىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىلگىرىكى ئەسەرلەردىكى ئادەتتىكى ئەر - ئاياللار مۇناسىۋىتىدىن ئەر - ئاياللار باراۋەر بولماسلىقتەك مۇھىتقا يۈتكەلگەچكە ھەم بۇ مەسىلىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلىگەن، ھەم دەل جايىغا تەگكۈزەلىگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئىنسانلارنى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئەخلاق قاتلىمى ئارقىلىق كۆزىتىدىغان ۋاقتى ئۆتكەن ئىجادىيەت قارىشىدىن بىزار بولۇشقا باشلىغان. ئۇلار كەلگۈسىدە قەلىمىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە تەۋرىتىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە ھەم خۇشاللىقلىرىغا جور بولغۇسى. يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنى بۇ جەھەتتە بۇسۇپ چىقتى دېسەك ئوشۇقلۇق قىلماس.

( ئاخىرى 120 - بەتتە )

شەۋكەت ئېلاخۇن تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابلەت ئابدۇرېھىم

# شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ غەزەللىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتە كۈنسېرى يېڭىلىنىپ بارماقتا.

مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىنىڭ بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق شائىر. مەن تۆۋەندە شائىرنىڭ غەزەللىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن.

بىزگە مەلۇم، تەمبۇر، ساتار، دۇتار، گىتارلارنىڭ پەدىلىرى ھەرگىز قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى ماتېماتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە رەتلىك، ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭلاشقا ئۇلار بىزنى مۇڭلاندۇرىدۇ، شادلاندۇرىدۇ. قىسقىسى، ئۆز تىلى بىلەن سېھىرلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شېئىردىمۇ ئۆلچەم، يەنى قاپىيە ۋە ۋەزىن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ غەزەللىرى قاپىيە ۋە ۋەزىن جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ راۋان، جۇشقۇن ھەم مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي.

سۆز - چۆچەك قىلدى تىكەنلەر: دىلبىرىڭ كەلمەس، دېدى،
ياق، دېدى گۈللەر، ئىشەنمە، كۈت يەنە بىر پەس، دېدى.

ياخشىلار ياخشىچە سۆزلەر، بولدى ياۋ نائەھلىلەر،
ياخشىلار: ئەگەر سۈيى ئاقماس ئېتىپ ئۆركەش، دېدى.

تاغ مېنى تەبرىكلىدى: سۈرەت ئىكەن دەپ مەشۇقۇڭ،
ئىككى دۇنيادا ئۇ يەڭلىغ ھۆرىنى كىم سۆيمەس، دېدى.

نە ئۈچۈن جاڭگالغا ئوت كەتتى، دېسەم ھەيران بولۇپ،
كۆرسە يارىڭنى ئەگەر ئورمان نېچۈك كۆيمەس؟ دېدى.

يەتتە ئىقلىمدىن ماڭا كەلگەن سادانى تىڭشىسام،
ياخشىنىڭ يارى بولۇپ تاپتىڭ ئۆمۈر ئۆلمەس، دېدى.

ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا گەر سېنىڭ يارىڭ كەبى،
باشقا كەلگەن بارچە مۇشكۈلگە نېچۈك كۆنمەس؟ دېدى.

بۇ مىسرالاردىكى سەكرەتمىلىك تەپەككۇر، مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدىكى گۈزەل، سىتېرېئولۇق كۆرۈنۈشلەر گۈزەل قاپىيە ۋە يېنىك ۋەزىن ئارقىلىق ئىنتايىن يارقىن، جانلىق ئىپادىلىنىپ بېرىلگەن. ئۇ خۇددى جۇشقۇن، ئويناق، لىرىك، لەرزان مۇزىكىدەك قەلبلەرنى سېھىرلەيدۇ، تەپەككۇر، گۈزەللىك دالالىرىغا باشلايدۇ. ئوكتاۋىئو پاز: «بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدىغان بولدى ... مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، قاپىيە بىلەن ۋەزىن ئىنتايىن مۇھىم» دېگەنىدى. دېمەك، قاپىيە ۋە ۋەزىن شېئىردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ مەزمۇنغا، تېپىكلىككە، ئوبرازغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

رەستىلەرگە چىقما يارىم، ئەل قاراشقاندەك قىلۇر،
خۇش ئاۋازىڭنى گويا بۇلبۇل تالاشقاندەك قىلۇر.

مەن ئۆلەر بولدۇم سېنى ئەھلى جاھاندىن قىزغىنىپ،
تونىدە ئويغانسام، ساڭا ئىتلار قاۋاشقاندەك قىلۇر.

ئەل شەپەق دەيدۇ، لېكىن چىنپۇتمىدىم، پاتقاندا كۈن —
تالىشىپ تاغلار سېنى ئاغزى قاناشقاندەك قىلۇر.

سەن كەبى بولماقتا گۇل ھېچكىم ئەبەد قادىر ئەمەس،
لەۋلىرىنى ئاي بىلەن يۇلتۇز يالاشقاندەك قىلۇر.

كىيگىنىمنى ماختىماڭ ھەر كۈندە كىمخاپ بولسىمۇ،
مەن دېدىمكى، بارچىدىن يارىم ياراشقاندەك قىلۇر.

بىلمىدىم بەختىڭمىكىن: سەنچۇن، مېنىڭدىن بىخەۋەر،
ئۆزلىرىنى بىرلىرى ئاشىق ساناشقاندەك قىلۇر.

يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بۇ مۇھەببەت لىرىكىسىنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ۋە تەبىئەت جانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رەنجىرىسىمان شېئىرىي مۇناسىۋەتتىن يۇكسەك، ئىچكى سىرلارغا باي سۆيگۈ - مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگە، شەيئىلەر ئومۇمىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە غايىۋى، سېھرىي باغلىنىشلىقىغا، ئۆز ئارا ئايرىلالماسلىق مۇناسىۋىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. «مەھبۇبە» رەستىگە چىقسا، ئەلنىڭ «قاراشقاندەك» قىلىشى ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئېستېتىك تۇيغۇ، ئىنسان قەلبىنىڭ ھامان بىر - بىرىگە تەلپۈنىدىغانلىقى، گۈزەللىكنىڭ ئورتاق جەلپ قىلىش كۈچى («مەھبۇبە» نىڭ ئەخلاقى ۋە جىسمانىي گۈزەللىكى قاتارلىقلار) تۇرمۇشنىڭ ھامان ئېتىراپ قىلىنىدىغان قانۇنىيىتى ئىكەنلىكى گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن سۈرەتلەنگەن.

ئىككىنچى كۇپلېتتا سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ سېھرىلىك كارتىنىلىرى — كۈنەشلىك، مۇشۇ دائىرىدىكى رەقىبلەر بىلەن «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق سۆيگۈ مۇناسىۋىتى ئالدىنقى مىسرالارغا زىچ باغلانغان ھالدا دولقۇنسىمان ئىپادىلىنىپ بېرىلگەن. ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۇپلېتلاردا «يار» نىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ ئۇلغىيىلگەن ھالدا ئاي، يۇلتۇزدىن ئۈستۈن ئۇ

رۇنغا قويۇلغان. كېيىنكى كۇپلېتلاردا سۆيگۈنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق «يار» نىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەپ، ئىككى يۈرەك ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى، يۈرەكلەر قېتىدىكى پاكلىق، ئىناقلىق چېچەكلىرىنى، مۇھەببەتنىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلغان. دېمەك، بۇ لىرىكىدا شائىر ئىنتايىن گۈزەل، يېقىملىق شېئىرىي تىل ئارقىلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

يوغان ھويلاڭنى ماختايسەن، كۆرۈنمەيدۇ ئاناڭ، ئەمما،
ئاناڭ يوق ھويلىغا ئەسلا ياراشمايتۇ باراڭ، ئەمما.

... ...

ئاناڭ يوق ھويلىدىن خۇشكەن ئەجەب كۆڭلى ئايالىڭنىڭ،
موماڭ! دەپ يىغلىسا، ئۇندىن تاياق يەيدۇ بالاڭ، ئەمما.

... ...

ياياق كەلدى، ياياق كەتتى سېنى ھەر كۆرگۈسى كەلسە،
ئاناڭنى سۆرىمەي سۇندى بالاڭ چۇشكەن چاناڭ، ئەمما.

... ...

پۇشايمان ئايلىنۇر تاڭلا دىلىڭدا بىر جاراھەتكە،
تومەن ئەپسۇستا قاقشايسەن، ساقايماس ئۇ ياراڭ، ئەمما.

بالام! دەپ بويىنغا ئالغان كۆيۈمچانلارغۇ كۆپ شۇنچە،
ئانام! دەپ باغرىنى ياققان كىشى بىزدە شالاڭ، ئەمما.

بىر كۇپلېتتىن يەنە بىر كۇپلېتقا ئۆتكەندە، ئالدىنقى كۇپلېتتىكى ئەھمىيەتلىك شېئىرىي زامان ـ ماكاندىن يەنە بىر ئەھمىيەتلىك زامان ـ ماكانغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت سەكرەتمىلىك بىۋاستە ھالدا بىزنىڭ ئېڭىمىزدا تەپەككۇر سەكرەتمىلىكى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا بىرىنچى كۇپلېتتىكى باراڭمۇ ياراشمايدىغان ئانا يوق ھويلىدىن ئىبارەت سىمۋولستىك زامان ـ ماكاندىن يەنە بىر كۇپلېتتىكى ئانا، كېلىن ۋە بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت زامان ـ ماكانغا ئۆتۈش ئارقىلىق مەزمۇن سەكرەتمىلىكى، تەپەككۇر سەكرەتمىلىكى پەيدا قىلىنغان. كېيىنكى كۇپلېتلاردا يەنە يېڭى زامان ـ ماكانغا ئۆتۈش بىلەن بىللە، ئالدىنقى كۇپلېتلاردىكىدىن يەنىمۇ يۇقىرى بولغان بىر شېئىرىي زامان ـ ماكانغا ۋە يېڭى تەپەككۇرغا يول تاپىمىز. شېئىرلاردا مانا مۇشۇنداق زامان، ماكان سەكرەتمىلىكى، ستېرېئولۇق ئۆتۈشچانلىق پەيدا قىلىپ، تەپەككۇر سەكرەتمىلىكى، تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى پەيدا قىلىش شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئۆزگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى.

مۇھەممەتجان راشىدىن غەزەللىرىدە تۇرمۇشتىكى ھەر قايسى تەرەپلەر يۇقىرى بەدىئىي دىت، چوڭقۇر تەپەككۇر، ئۆتكۈر، راۋان تىل بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەرەپلىرى ئۆتكۈر كۆز بىلەن كۆزىتىلىپ، ئەھمىيەتلىك، مەنتىقىلىك، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، دىللارغا ھەقىقىي ئوزۇق بېرىدىغان يەكۈن چىقىرىلىدۇ.

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ غەزەللىرى چوڭقۇر ئىلمىيلىككە ئىگە. شائىر ئۆز غەزەللىرىدە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىشلار، بىمەنىلىكلەر، مىللىي سۈپەتكە ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولمىغۇر سۆز - ھەرىكەتلەر، بوشاڭلىق، ھۇرۇنلۇق، ئۆز تەقدىرىگە قايغۇرماسلىق، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق تەرەپلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، كىشىلەرنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، روھنى ساپلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ھەسەتخور قان - يىرىڭ يىغلار ئۆزى ئەلدەك بولالماستىن،
كۆرۈنگەننى يۇرۇر تىللاپ، قوينى ئات قىلالماستىن.

كۆڭۈل كەسپى كۆرەلمەسلىك، قىلۇر ھەر كىمگە كۈندەشلىك،
ئەلەمدە ئۆرتىنەر باغرى كىشىگە يا تىنالماستىن.

ھەسەتتە ئۆلمىكى مۇتلەق جاھاندا قاغا - قۇزغۇننىڭ،
ئۆزى بۈركۈت بولۇپ مەڭگۈ قىيالارغا قونالماستىن.

ھەسەتخور «ھەسسىنە!» دېدۇ ئەگەر يۇرتۇڭدا يۈز تاپساڭ،
ئۆتەر ھەسرەتتە، ئەمما ئۆزى بىر يىپ ئۇلالماستىن.

ھەزەر قىلغىن ھەسەتخوردىن تىكەن تاشلايدۇ ئالدىڭغا،
چىقىپ ئالدىڭغا ئاشكارا يولۇڭنى گاھ توسالماستىن.

ھەسەتخورلۇق — مىللىتىمىزنىڭ بىر ئاجىزلىقى، بۇ ناچار ئىللەت تارىختىن بۇيان بىزگە زور زىيانلارنى كەلتۈردى. شائىر بىرىنچى كۇپلېتتىلا ھەسەتخورلۇقنىڭ ماھىيىتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئەڭ تىپىك تەرەپلىرىنى قازغان. توغرا، ھەسەتخور ھامان ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ ئارقىسىدىن قاۋايدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ. ئۇ باشقىلارغا يېتەلمەي، ئىچىدىن تۈگىشىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا تەن بەرمەي ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى — كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك قىلىشتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. شائىر ئېيتقاندەك، ئۇلار قوينى ئات قىلالمايدىغانلار، قاغا - قۇزغۇندەك ياشاپ مەڭگۈ بۈركۈت بولالمايدىغانلار. ئۇلار پەقەت ئاشۇنداق ئۆلۈمتۈكلەرچىلا ياشايدۇ، يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ. شائىر ئېيتقاندەك:

ھەزەر قىلغىن ھەسەتخوردىن تىكەن تاشلايدۇ ئالدىڭغا،
چىقىپ ئالدىڭغا ئاشكارا يولۇڭنى گاھ توسالماستىن.

شائىر يۇقىرىقىدەك ئۆتكۈر پىكىرلەرنى سىدام تەسۋىرلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك دولقۇنسىمان، سەكرەتمىلىك ئىپادىلەپ، كىتابخاننىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى داۋالغۇتىدۇ.

ھازىر بەزى ئاپتورلار يېزىۋاتقان شېئىرلار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ شېئىرلارنى چۈشىنىش تولىمۇ قىيىن. چۈشەنگەنلەر بولغان تەقدىردىمۇ، بىرىنىڭ چۈشەنچىسى

يەنە بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شېئىر ئاپتورىنىڭ چۈشەندۈرۈشى تېخىمۇ باشقىچە، بىز بۇ شېئىرلارنى يېڭى شەيئى سۈپىتىدە چۈشەنمىسەكمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، بىرەر نەرسە ئاڭقىرىش مەقسىتىدە تەتقىق قىلساقمۇ، بەربىر قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى تولىمۇ كونا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، چەت ئەللىكلەر ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن پەلسەپىۋى قاراشلار. ئۇ ئېقىمنىڭ ياكى بۇ ئېقىمنىڭ نەزەرىيىلىرىنى، كۆز قاراشلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قايتا گەۋدىلەندۈرۈش ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تولىمۇ سۇسلاشتۇرغانلىق. نيۇتون، لېيبنىز، دېكارت، ئېينشتېين، لاگرانژى، لوباچېۋسكى قاتارلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ نەزەرىيىلىرىنى ھېچكىم، ھېچ يەردە ئەدەبىياتقا سۆرەپ ئەكىرىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە قايتا بايان قىلمىدى ياكى ئۇ توغرۇلۇق يېڭى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمىدى. ئۇنداق قىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغانلىقىنىڭ دەلىلى. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تەبىئىي پەن نەتىجىلىرى ھەرقايسى ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. ھەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىك بىلىمگە ئېرىشىۋاتىدۇ. ئەمما ئەدەبىياتقا ھەممە نەرسىنى تېڭىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات ئەڭ ئالدى بىلەن ئېستېتىكىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ خاسلىقىنى ساقلاش كېرەك.

مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، ئىلغار دۇنيا قاراشقا، مەسئۇلىيەتچانلىققا، تالانتقا ئىگە ئەدىب، ئۇنىڭ غەزەللىرى تىلىنىڭ رەڭدار ۋە ئۆتكۈرلۈكى، جۇشقۇن — دولقۇنلۇقلۇقى، پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئېستېتىكىغا بايلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، ئۆزى بىلەن چەمبەرچاس باغلىماقتا.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

*****************************************

( بېشى 140 - بەتتە )

ئەسەردە بۇ ئايالغا ھېسداشلىق قىلىنغان، بىراق مەن ئۇنىڭغا چەكسىز نەپرەتلىنىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گۈزەللىككە بولغان ھەسەت، كۆرەلمەسلىك، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق پاسسىپ خاھىشلار مەۋجۇت.

ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىلىرى ئاۋۋال ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ تەقدىرىنى، بەختىنى ئويلىشى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنى ئويلىشى كېرەك.

ساجىدە چەكسىز ئازاب، ھەسرەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ئاقىۋەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خورلۇقلارغا، بەختسىزلىكلەرگە ئەبەدىي خاتىمە بەردى. لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىر خورلانغان، ئازابلانغان بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە غالىپ تۇردى. جىسمانىي جەھەتتىكى غالىپلىقتىن روھىي جەھەتتىكى غالىپلىق ئەۋزەل. ئۇ ئاخىرىغىچە ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق، پاكلىق خىسلىتىنى ساقلىدى. بىراق ئۇ قاتتىق ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدى.

ئادەملەر، گۈزەللىكنى ئاسرايلى، نەپسانىيەتچىلىكنى، رەزىللىكنى تاشلايلى، شەھلا كۆزدەك گۈزەل قىزلار ياشلىقىدىن، ھاياتىدىن، گۈزەللىكىدىن بىھۇدە ئايرىلىپ قالمىسۇن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

ئوسمان قاۋۇل

# «تىيانشان باغرىدا» نىڭ تېما دائىرىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدىغان مەرھۇم پېشۋايىمىز، شائىر ۋە ئاتاقلىق يازغۇچىمىز تۇردى سامساق ئاكا ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر بۆلۈك نادىر ئەدەبىي مىراسلىرى بىزنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمىزدا ئۆرنەك بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا قەلبىمىزدە بىر خىل يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئويغىنىدۇ، مەرھۇمغا بولغان ھۆرمىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مەرھۇمنىڭ «بەشكېرەم»، «يۈرەك سىرلىرى» ۋە يىرىك پروزا ئەسىرى — «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» قاتارىدا ئەدەبىيات قەسىرىمىزگە چېكىلگەن يەنە بىر نەقىش — «تىيانشان باغرىدا» مۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ۋە سۆيۈنۈش ھېسسىياتىمىزنى ئويغىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل سەمەرىلىرىدىن بىرى بولغان بۇ توپلامنى قايتا ئوقۇغىنىمدا يەنىمۇ چوڭقۇر تەسىرات ۋە تۇرمۇش بىلىمىگە ئىگە بولدۇم. تۆۋەندە مەن بۇ توپلامنىڭ تېما دائىرىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

«تىيانشان باغرىدا» غا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلارنىڭ ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش كارتىنىسى كەڭ، رەڭدار ھەم كۆركەم بولۇپ، ئىجتىمائىي ئاساسى مۇستەھكەم، رېئاللىقنى ئىنكاس قىلىشى چىن ھەم سەممىمىي بولۇش بىلەن بىللە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ۋە دەۋر روھىغا ئىگە. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر كىتابخاندا رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئېنىق ۋە مۇكەممەل بىر چۈشەنچە پەيدا قىلالايدۇ، ئۇنىڭغا زور ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئۇنى جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىپ، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

مەلۇمكى، بەدىئىي ئەسەردىكى ئىجابىي پېرسوناژ ئوبرازى غايىۋى يۈكسەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان ئالىيجاناب ئادەم، شۇڭلاشقا بۇنداق ئوبراز بىر تەرەپتىن، يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇشى، ئۆزىنىڭ مەنىۋى يۈكسەكلىكى بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ توپ خۇسۇسىيىتىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئاددىي ئادەم بولۇش كېرەك. ھەرگىز ئىلاھلاشتۇرۇپ قويۇلماسلىقى، ئەقىلگە سىغمايدىغان، بىمەنە ئوبراز بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مانا شۇنداق تەبىئىي، تىپىك، جانلىق ئىجابىي ئوبرازلار كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرت-

شىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولالايدۇ. يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىدىكى پېرسوناژلار مانا شۇنداق ئوبرازلاردۇر.

«تىيانشان باغرىدا» نىڭ تېما دائىرىسى ئاپتورنىڭ ئۆزى دەپ ئۆتكىنىدەك، «ئانا قەشقەردىن تارتىپ ئۈرۈمچىنىڭ ھەيۋەت كوچىلىرىغىچە ۋە ياكى خوتەننىڭ يىراق سەھرالىرىدىن ئالتاينىڭ ئاۋۇل - ئايماقلىرىغىچە» بولغان بىپايان زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلار ھەر خىل تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىنىمۇ، جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىنىمۇ، ئادەتتىكى ئائىلىۋى كىشىلىك تۇرمۇشىنىمۇ ۋە خۇراپاتلىق، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق، ئالدامچىلىق، زىناخورلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق قامچىلاشنىمۇ، خەلقنى مۇدھىش قارا جەمئىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى ئاققۇزغان ئۈچ ۋىلايەت قەھرىمانلىرىنىڭ پىداكارلىق روھى ۋە باندىتلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ھەمدە ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق تۇپەيلىدىن پۈتۈن دۇنيا - دەپىنىسىدىن ئايرىلىپ سورۇقچىلىق تارتىپ ياشىغان مېھنەتكەش خەلقىمىزنىڭ سەرسانلىق تۇرمۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۆتمۈشكە بېغىشلانغان ھېكايىلاردىن «قەشقەر گۈزىلى» نى ئالساق، ئىنتايىن كۆركەم، گۈزەل تىل بىلەن يېزىلغان بىر ھېكايە كىشىنى چوڭقۇر قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇ، تىلىنىڭ راۋانلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام، پۇختىلىقى، بەدىئىي تەسۋىرلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىتابخانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاپتور يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاق كۆڭۈل، پاك، سۆيگەن - مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشقا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، ئويغىنىۋاتقان ياش گۈلنەزەر بىلەن ئۆز سۆيگۈسى گۈلنەزەرگە چوڭقۇر ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان ياش كاسىپ ئىمام مۇھەممەتنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشقا قەدەم قويغان چاغدىكى جانلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق باش قەھرىمان گۈلنەزەرنىڭ ئوبرازىنى ئىنتايىن تەسىرلىك ياراتقان. بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ئۇنىڭدىن چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئالىدۇ. ئاپتور بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىكى ئەگرى - توقايلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھېكايىدىكى پېرسوناژلار، يەنى گۈلنەزەر بىلەن ئىمام مۇھەممەتنىڭ توي قىلىپ بەختلىك، ئىناق تۇرمۇشقا قەدەم قويغانلىقى، كېيىن دەللال خوتۇننىڭ گۈلنەزەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ گەپ ساتقانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن گۈلنەزەرگە نامەلۇم ئادرېستىن خەت ۋە سوۋغاتلار كەلگەنلىكى، ئاخىرىدا ئىمام مۇھەممەت خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىشقا تاس - تاماس قالغاندا ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىك گۈلنەزەرنىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى يارنىڭ لېۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەنلىكى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئاپتور ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ چىرىك، قالاق قىياپىتىنى گەۋدىلىك تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ھېكايىنىڭ تىلى ئىنتايىن ئاممىباب، كىشىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى زور. ھېكايە شۇنداق كۆركەم، شائىرانە تىل بىلەن يېزىلغانكى، كىشىگە خۇددى نەسرىي شېئىردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ماقال - تەمسىللەرمۇ جايىدا، ئورۇنلۇق قوللىنىلغان. كىتابخان ئۆزىنى خۇددى ئىمام مۇھەممەت، گۈلنەزەرلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. گۈلنەزەرگە نىسبەتەن كىشىدە بىر خىل ھۆرمەت ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ. ھېكايە تىلىنىڭ يۇمۇرلۇق تۈسى، ئاھاڭدارلىقى ناھايىتى

كۆچلۈك .

ئۆتمۈشكە بېغىشلانغان يەنە بىر قىسىم ھېكايىلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ناھايىتى گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كونا جەمئىيەتتىكى دىنىي خۇراپاتلىق، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق، ھارامتاماقلىققا ئوخشاش يامان، چىرىك ئىللەتلەر رەھىمسىز قامچىلانغان، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئازادلىققا تەلپۈنۈش ئىدىيىسى، تەڭ - باراۋەرلىككە، ئىنسانىي ھوقۇققا ئېرىشىش ئارزۇ - ئارمانلىرى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت ئۆرۈشى تەسۋىرلەنگەن «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايە ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، بۇ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان، گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيانكارلارغا بېغىشلانغان تراگېدىيىلىك ھېكايە.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى — پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئازادلىقنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىدىن خەلقىمىزنى بەھرىمەن قىلىش نىيىتىدە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغان باتۇر يىگىت كېرىم راخمانوۋ، بارلىقنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە رازى بىر قەيسەر جەڭچى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ سېپىگە خېلى بۇرۇنلا كىرگەن بولۇپ، گومىنداڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. گومىنداڭ 11 ماددىلىق بىتىمگە قول قويغان ۋاقىتتا، بىزنىڭ ئەسكەرلەر ئىچىدە ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، كېرىم راخمانوۋ قاتتىق تەلەپ قىلىپ. ھەربىي سەپتە داۋاملىق ئىشلەۋېرىدۇ. ئۇ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى شۇنداق بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇندايدۇكى، بۇيرۇق چۈشۈرگەن گېنېرالنىڭ ئۆزىنىمۇ ھېچبىر يۈز - خاتىرىسىز قولغا ئالىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پاكىت. كېيىن كېرىم راخمانوۋ ئوق - دورا كەمچىل، قورال تازا ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر دانە زەمبىرەك بىلەن ئىككى ئاتنى قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا قاتتىق يارىلانغانلىقىغا قارىماي، يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئۇ، ئارمىيىمىز تولىمۇ خەۋپلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. بۇ چاغدا «كەينى - كەينىدىن كەلگەن دۈشمەنلەر ئۆزلىرىگە يول ئېچىشقا شۇ قەدەر ئۇرۇناتتىكى، ھەتتا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئاستىدىن سۆڭگۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك ئۆمىلەپ گاھى يۈگۈرۈشۈپ، قەھرى - زەھرى بىلەن يىلاندەك ئېتىلاتتى» دېگەندەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. يەنە «دۈشمەنلەر ئۆلۈكنى دالدا قىلىپ يېقىنلىماقتا ئىدى»، «ئوق يىلاندەك ئېتىلىشقا باشلىدى»، مانا بۇ تەسۋىرلەردىن دۈشمەننىڭ نەقەدەر غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا كېرىم راخمانوۋ قىلچە ئىككىلەنمەي، دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ ۋە «ئەجەل ئارغامچىسى بالدۇرراق سۆرەپ كەلگەنلەر بەئەينى قارا ئۈجمە تۆكۈلگەندەك تۆپە - تۆپىسىگە دۆۋىلىنىپ» كەتكەن ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، دۈشمەننىڭ ئەدىبىنى تازا بېرىدۇ. ئەمما خەتەرلىك ئۇرۇش شارائىتى ھە دېگەندىلا كېرىمنى ئەجەل قوينىغا سۆرەپ بارىدۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ۋەھشىي دۈشمەننىڭ قولىدا ئاتقا سۆرىتىلىپ، ئېچىنىشلىق ھالدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى، ئالىيجانابلىقىنى، تاغ يۈرەك بىر مەرد ئۇيغۇر ئوغلانى ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلىدۇ.

كېرەم راخمانوۋنىڭ خاراكتېرىدىكى ئالىيجانابلىقنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشنى مارىيە بىلەن بولغان ساپ، پاك، سەممىي مۇھەببىتىنىڭ ئۈستىگە قويغانلىقىدا روشەن كۆرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنچە ياخشى كۆرگەن، چىن دىلىدىن سۆيگەن يارىنى پۈتۈن ئېزىلگۈچى خەلق ئىچىدىكى ئاددىي بىر ئەزا سۈپىتىدە تونۇپ، پۈتۈن خەلقنى ئازاد قىلغاندىلا ئاندىن مارىيە بىلەن بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئاسايىشلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلقنىڭ ھەقىقىي باتۇر ئوغلانى بولۇشقا مۇناسىپ بىر ئالىي پەزىلەتلىك قەھرىماندۇر.

بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭ تەمكىن، قەيسەر روھىي قىياپىتىنى، چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن تولغان ۋۇجۇدىنى، تەڭداشسىز ئالىيجانابلىقىنى ماختىماي تۇرالمايدۇ.

ئاپتور كېرەم راخمانوۋنىڭ يارقىن ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئىسسىق قېنى، ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ، كېرەم راخمانوۋ ئۆزىنىڭ پاك سۆيگۈسىنى قۇربان قىلىپ خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى جاپاكەش خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاتىغانلىقى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قەھرىمانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۇرۇشىغا بېغىشلانغان ھېكايىلاردا شىمالىي شىنجاڭدىكى كەڭ كەتكەن رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغان شىددەتلىك ئۇرۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلەنگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىق يولىدىكى قەيسەرلىكى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەردىن ئاپتورنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش تەجرىبىسىنىڭ ئىنتايىن مول ئىكەنلىكىنى، نەزەر دائىرىسىنىڭ نەقەدەر كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھېكايىلاردە ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلار ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ دەۋردىكى خەلقىمىز قەھرىمانلىرىنىڭ بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىش روھى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئىپادىلەنگەن ھېكايىلارمۇ توپلامدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھېكايىلارنىڭمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ۋە چوڭقۇر. بۇ ھېكايىلاردا ئاشۇ قاباھەتلىك يىللارنىڭ كارتىنىسى ناھايىتى ئۇچۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ھېكايىلاردە ئادەتتىكى باللاردىن تارتىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەپ ئۆمرى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ تۇرمۇشىغىچە ئېنىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، توپلامدىكى «بوستان» ناملىق ھېكايىدە «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قارا بورىنىغا دۇچ كەلگەن گۈلبوستاننىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن سان-ساناقسىز كۈلپەتلىرى ئىنتايىن تەسىرلىك بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ خەلققە بولغان ھېسداشلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، توپلامدىكى ئەسەرلەردە ئۆتمۈشتىن تارتىپ تاكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقۇچە بولغان بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ كارتىنىسى ئەينەن سىزىپ بېرىلگەن ھەمدە كونا جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكى بىلەن يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكى سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق بۈگۈنكى يېڭى، باياشاد تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىشنىڭ لازىملىقى، يېڭى جەمئىيەتنى قوغداشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكى يورۇتۇپ بېرىلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تولپانى بىر بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ بەدىئىي ئەينىكى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ .

ئەدەبىي ئەسەر تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر . ئۇ ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا پىششىقلاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن كىتابخاننىڭ ئېڭىدا قايتىلا بولمىسۇن بىر خىل ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ ، كىتابخان ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بەلگىلىك تەسىرات ئالىدۇ ھەم ئۆز ئىرادىسىگە تەتبىقلاپ كۆرىدۇ ۋە ياكى ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسەردىن ئالغان تەسىراتىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىدۇ . ئالغا بېسىشنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېرىسمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ . «تىيانشان باغرىدا» بۇ جەھەتتە بىر ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن ياخشى تولپامدۇر .

ئەمدى تولپامنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە كېلىدىغان بولساق ، تولپام قويۇق مىللىي پۇراقتا ، كۈچلۈك تەسىرچانلىقتا ئىگە . ئۇنىڭ تىلى خەلق ئېغىز تىلىغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ ، ئاپتور خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ ، ئۇنى ئۆز ئەسەرىگە مۇۋاپىق سىڭدۈرگەن ، ئۇنى بەدىئىي غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان . ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتىمۇ خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ رولىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان .

ئاپتور ھەر بىر ھېكايىگە بىر نەچچىدىن خەلق قوشىقى ياكى خەلق ناخشىسى كىرگۈزگەن بولۇپ ، بۇلار پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن باغلىنىپ ، كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان . بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

زىددىيەت ، توقۇنۇشلارنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكى ۋە بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى تۆردى ساماساق ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ . ئىجتىمائىي تۇرمۇش رەڭدار ، باي ، مۇرەككەپ ۋە ھەر خىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغان . ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىيات جەريانى دەل شۇنىڭغا ئوخشاش توقۇنۇشلارنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت . شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتنى ئىنكاس قىلىدىغان ئەدەبىيات مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ، كىشىلىك تۇرمۇشتا دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كۈرەشلەرنى سادىقلىق بىلەن ئېچىپ بېرىپ ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن ئىنسانلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تولۇق ۋە روشەن يورۇتۇپ بەرگەندىلا ، ئاندىن كىشىلەرنى ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىدىغان ئوبرازلىق سەنئەتكە ئايلىنىپ ، ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلەيدۇ . يازغۇچى تۆردى ساماساق بۇ خىل پرىنسىپقا تولۇق ئەمەل قىلغان ھالدا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىپ ، جەمئىيەتنىڭ تىپىك ماھىيەتكە ئىگە تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن .

ئومۇمەن ئالغاندا ، ئاپتورنىڭ بۇ ئىجادىيەت مېۋىسىنى مەيلى تېما دائىرىسى ياكى بەدىئىيلىكى جەھەتتىن بولسۇن ، زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن ياخشى تولپام ، دەپ قاراشقا بولىدۇ . بىز پروزىمىزنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ ، ئۇنى رېئال ھاياتىمىزنىڭ چىن ئىنكاسىغا ئايلاندۇرىمىز دېيدىكەنمىز ، ئىجادىيەتتىكى تۈرلۈك يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ ، دەۋرىمىز تەرەققىياتى بىلەن ئاھاڭداش بولغان ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم . بۇ ھەقتە مەرھۇم ئۇستازىمىز تۆردى ساماساق ئاكا بىزگە ناھايىتى ياخشى ئۈلگە يارىتىپ بەردى . ئۇ «تىيانشان باغرىدا» دەك نادىر ئەسەرلىرى ۋە ئىجادىيەتتىكى ئېسىل پەزىلىتى بىلەن قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئايگۈل ئابدۇرېھىم

# ئەدەبىياتىمىزنى ۋە تىلىمىزنى ئاسرايلى

باشقىلارنىڭ خاتىرىسىدىكى سۈرەتلەرنى خالىغانچە ئېچىپ كۆرۈشكە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. ئەمما باشقىلار بىزنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمىزنى ئۆتۈنگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنى كۆرۈپ چىقىپ ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى بېرىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

جۈملىدىن مەن بىر ئادەتتىكى كىتابخان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئالدىمغا قويۇلغان سەككىز پارچە سۈرەت ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا ئىزاھلاش تەرىقىسىدە ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان سۆزلەرنى كۆرۈپ چىقتىم. ماڭا بۇ سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرى كونا بولۇشىغا قارىماي تولىمۇ ياسالما كۆرۈنمەكتە. چۈنكى بەزى يازغۇچىلار ئۈچۈن «ئەتىۋارلىق تېما» بولۇپ بەرگەن ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزمۇن قىلىنغان بۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان بايلاجى سۈرەتكە چۈشۈشنى زادىلا ئۇقمامدۇ ياكى سۈرەت تارتقۇچىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىنمۇ (مېنىڭچە، سۈرەت تارتقۇچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولسا كېرەك)، ئىشقىلىپ بۇ سۈرەتلەرنىڭ ناچارلىقى كىتابخانلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مانا بۇ ھەيرانلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئەسەر ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر» ناملىق پوۋېستى. بۇ ئەسەردىكى باش پېرسوناژ بايلاجى ئەسەرنىڭ بېشىدىلا دادىسى ئاللاجىنىڭ ئۆز ئىسمىغا قاپىيىداش قىلىپ (گەرچە قاپىيىنى چۈشەنمىسىمۇ) قويغان بايلاجى دېگەن ئىسمى بىلەن كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ ۋە دادىسىنىڭ ئۇنى ئەركىلىتىشلىرى، پۇۋ - پۇۋلەشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سەلبىي پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە قىياپەت تەسۋىرى ئارقىلىقلا سەلبىي ياكى ئىجابىي پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش تۇراقلىشىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن، تۈزىتىش ئەڭ زۆرۈر بولغان خاتالىقلارنىڭ بىرى. بۇنداق خاتالىقلار بىزنى ئانچە ھەيران قالدۇرالمىسىمۇ، ئاللاجىنىڭ خەقلەر بىلەن قىزىرىشىپ قالغاندا ئىشلىتىشكە بولىدىغان تىللار بىلەن تۇنجى پەرزەنتى بايلاجىنى ئەركىلىتىشى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە ئاللاجىنىڭ قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشقا پېتىنالمايمىز. لېكىن ئاللاجى بىر ئۇيغۇر، شۇنداقلا تېرە ئېلىپ ساتىدىغان، مېنىڭچە، نېرۋىسى ئېلىشىپمۇ قالمىغان بىر ئادەم. شۇڭا ئاللاجى 41 ياشتا تۇنجى پەرزەنت كۆرگەن بىر ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز بالىسىنى ئۇنداق بىمەنە تىللار بىلەن ئەركىلىتىشى مۇمكىن ئەمەس (گەرچە ئاللاجى زادىلا تەربىيە كۆرمىگەن ئادەم بولسىمۇ)، دېمەك بۇ يەردە ئۇيغۇر پسىخىكىسىدىكى ئاتىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى سۇسلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

«ئاجايىپ ھازىدار» ناملىق بىرىنچى سۈرەتتە بايلاجىنىڭ 17 - 18 ياش ۋاقتىدىكى بويىغا

چوڭ بىر سومكا ئېسىپ، سول بىلىكىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن لاتىنى باغلاپ، كىچىك بىر كىتابنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ تاۋۇتنىڭ يېنىدا يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن. ئاپتور بۇ سۈرەتنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن بايلاجىنىڭ ئانىسىغا ھازا تۇتقان كۈنى ئەل-جامائەتنى ھەيران قالدۇرۇپ، قالتىس ئىناۋەتكە سازاۋەر بولغانلىقىنى يازىدۇ. يەنى بايلاجىنىڭ ھازا كۈنى بېلىگە ئاق باغلاشنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۈستىگە سېرىق چاپان-ئىشتان، سېرىق شەپكە، ئۈزۈن قونچلۇق سېرىق چۈخەي كىيىپ، بېلىگە سېرىق كەمەر باغلىغان، سېرىق سومكىنى ئارتىلدۇرۇپ ئېسىپ، بىلىكىگە يەڭ بەلگىسى تاقىغان، قولىدا بىر قىزىل تاشلىق كىتابنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقان ھالىتىنى سۈرەتلەيدۇ. بىز بۇ يەردە بايلاجىنىڭ كىيىملىرىدىن ئەجەبلەنمەيمىز. ئەمما بايلاجىنىڭ شۇنچىلىك بىر ئىش ئۈچۈن زور ئىناۋەتكە سازاۋەر بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەنمەي تۇرالمايمىز. چۈنكى بايلاجىنىڭ ئاشۇ ھالىتى پۈتۈن ئەل-جامائەتنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرۇپ، ئۇنى قالتىس ئىناۋەتكە سازاۋەر قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق كىچىككىنە ئىشلار بىر ئادەمنى زور ئىناۋەتكە سازاۋەر قىلىۋەتسە، خەلقىمىز تولىمۇ بىلىمسىز، نادان خەلق بولۇپ ھېسابلانمامدۇ؟ يەنە بىرىنچى كىچىك ماۋزۇدىكى بايلاجى بىلەن ئۇنىڭ دوستى رۇستەمنىڭ يېرىم كېچىدە بىر-بىرىنى چاقىرىپ ئۆز ئاياغلىرىنى بىر-بىرىگە كۆز-كۆز قىلىشلىرى ئەسەردە ھېچقانداق مۇھىم رول ئوينىيالمىغان. پەقەت ئەسەرنى ھەجىم جەھەتتىن زورايتىش رولىنىلا ئوينىغان.

ئىككىنچى سۈرەت «ئاۋارە ئوقەتچى» دە ياسالمىلىق تولىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىلغان. ئاپتور بۇ كىچىك ماۋزۇدا بايلاجىنىڭ توققۇز ئادەمنى يولدا ساقلىتىپ قويغانلىقىنى يازىدۇ. باش پېرسوناژ بايلاجىنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرى شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ توققۇز ئادەمنىڭ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىشى ناتايىن (چۈنكى بايلاجىنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرى ھەرگىزمۇ توققۇز ئادەمنىڭ ئەخمىقانە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ). ھېچ بولمىغاندا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىسىنى توختىتىپ قويغان شوپۇرنىڭ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىشى ناتايىن. بۇنداق ياسالمىلىق بىزنى مەجبۇرىي كۈلكىگە زورلاشتىن باشقا ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. ئەسەردىكى تۆتىنچى سۈرەت «ئىككى تەخەللۇس» تا بايلاجىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئادەتتىكىلا ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولسا، بەشىنچى سۈرەتنىڭ ئىزاھاتىدا ئاپتور باش پېرسوناژنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن دوكلات بەرگەن. بۇ دوكلاتتىمۇ ھېچقانداق يېڭى مەزمۇن ئىپادىلەنمىگەننىڭ ئۈستىگە بايلاجى پۇتى قايرىلىپ كەتكەن يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يېنىڭىزدا بىرەر سوم بارمۇ ئۇكا؟»، «بۇ پۇتىڭىز بىلەن ئۆيگە پىيادە كېتەلمەيسىز، قوشنىلارنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى سۆزلىشىپ بېرەي دەيمىنا، يانپاشلاپ يېتىپ كېتىۋالسىڭىز» دەيدۇ. بايلاجى يانچۇقىدىن بىر تال مېتال پۇل قودۇققا چۈشۈپ كەتكەندە، شۇ بىر تال مېتال پۇل ئۈچۈن قودۇققا چۈشىمەن، دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئايالىنىڭ توسۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ. پەقەت قېرى دادىسى ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كېلىپ تىللىغاندىلا ئاندىن قودۇققا چۈشۈش نىيىتىدىن يانىدۇ. بۇ زادى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بىر خىل پىسخىك خاراكتېردۇر. ئەگەر بىز بۇنى ئەدەبىيات چۈشەنچىمىز بويىچە مۇبالىغە دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، كىتابخانلاردىكى نارازىلىق كەيپىياتى يوقالمايدۇ. بىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا ئانچە قىزىق بولمىغان بىر يۇمۇرنى ئاڭلىغاندەكلا بولىمىز، خالاس.

بىر ئادەمنىڭ كۈلۈش-كۈلمەسلىكى ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى مەجبۇرىي كۈلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەردە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى باشقىلارنى كۈلكىگە زورلاش ئەمەس. ئەمما بىز كۈلۈۋاتىمىز.

بىزنىڭ كۆلكىمىزگە بايلاجىنىڭ خاراكتېرى ئارىلاشقان ئەمەس . ئەكسىچە مەسخىرە ۋە ئېچىنىش ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىچارە ھالىتىگە بولغان ئېچىنىش ئارىلاشقان . بىز ئەنە شۇ ئېچىنىش ئارىلاشقان كۆلكىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقان كۆزىمىز بىلەن ئالتىنچى سۇرەتكە قارىساق ، چوڭ - چوڭ ئادەملەرنىڭ ئازراق ھاراق ئىچىپ كىچىك بالىلاردەك بىر - بىرىنى غىدىقلاپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىمىز . چۈنكى بۇ خىل كۆرۈنۈش تولىمۇ ياسالما . خۇشامەتچىلىك ھەققىدىكى يەتتىنچى سۈرەتكىمۇ خۇددى بۇرۇن تولا كۆرۈپ زېرىكىپ كەتكەن ئادىدىلا بىر سۈرەتكە قارىغاندەكلا قاراپ ئۆتۈپ كەتتىم . زېرىكىش ئىچىدە سەككىزىنچى سۈرەتكە قارىغىنىمدا باش پېرسوناژ تۈنجى قېتىم ماشىنىغا چىققانلىقى ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتاتتى . ئەمما ئۇنىڭ خۇشاللىقى زادى قانچىلىك داۋام قىلار ؟ ئۆزۈمگە قويغان بۇ سوئال مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . چۈنكى بىزنىڭ يىراق - يىراق سەھرالىرىمىزدا ھېلىھەم بىر ئۆمۈر ماشىنىغا چىقىپ باقمىغان ، ئادەملىرىمىز ، شەھەر كۆرۈپ باقمىغان بوۋا ۋە مومىلىرىمىز يوق ئەمەس . ئۇلارمۇ مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ماشىنىغا چىقىپ قالسا ، باش پېرسوناژ بايلاجىدەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ . بىراق ھەممىسى بايلاجىدەك كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيدۇ . ئەسەردە بايلاجى سەلبىي پېرسوناژ بولۇپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىنلا يۇقىرىقىدەك كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ . ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان تەكرارلىنىپ ۋە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەلبىي پېرسوناژدا ئەجابىي ئامىللارنىڭ زادىلا بولماسلىقى ، ئەجابىي پېرسوناژلاردا سەلبىي ئامىللارنىڭ قەتئىي بولماسلىقىدىن ئىبارەت ناچار ئادەت تۈپەيلىدىن بايلاجى ئەسەردە باشتىن - ئاخىر كۈلكە ۋە مەسخىرە ئارىسىدا خۇددى بىر كۆلەڭگىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ . مەن بۇ پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدە ئازراقمۇ ئەجابىي ئامىللارنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ بۇ ئادەم ئاپتور تەرىپىدىن ياسالغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ناچىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم . ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل چۈشىنىكسىز ئەندىشە ، سىرلىق ۋەھىمە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى . دەل شۇ پەيتتە ، بىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ۋە تىلىمىزنى خارلايمىز ؟ دېگەن سوئال مېڭەمگە كىرىۋالدى .

بۇرۇن مەن «گۆڭگا شېئىر» دەپ ئاتىلىدىغان شېئىرلاردىكى ئۆمرىمىزدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە پەيدا بولۇپ قېلىشىنى شېئىرنىڭ ئېھتىياجى بولغىيمىدى دەپ ئويلاپ قالاتتىم . ئاپتور بۇ ئەسەردە قوللانغان بەزى سۆزلەر مېنى ئەجەبلەندۈر- دى .

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا «مۇنۇ سۈرەتتە يىگىت يول بويىدىكى بىر ئايالنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ... ياق ، ياق ، بۇ ھەقتە سۆزلەش بەك ئەتىگەنرەك» دېگەن بۇ جۈملىنى ئېنىقلاش ( توغرىسى چۈشەندۈرۈش) سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بەزىبىر كۆرۈنۈشلەر ھەتتا سەل ئۇيىلىشلىقراق» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇيىلىشلىقراق» دېگەن سۆز «ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان» دېگەن مەنىگە ئىگە بولسا كېرەك . لېكىن بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان سۆزلەر كۆپ ئىدىغۇ ؟ ئەڭ ئاددىيسى ، «بەزىبىر كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى سەل خىجىل قىلىپ قويىدۇ» دېسىمۇ بولاتتىغۇ . «سەل ... سەل توختاپ تۇرىسىز - دە ئاكام ئاداش !» ئۇيغۇر تىلىدىن خەۋىرى بار ھەرقانداق ئادەم ھېس قىلالايدۇكى ، ھېچقانداق بىر ئۇيغۇر ئۆزىدىن چوڭلارنى كۆرگەندە «ئاكام ئاداش» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدۇ (بايلاجىمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق) .

ئەلۋەتتە ، ھەرقانداق يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق . لېكىن «ئاغزىنى ھاڭگىرىتەك ئېچىپ تۇرۇشى بەكمۇ قىزىق كۆرۈ-

www.uyghurkitap.com



نىمدۇ» دېگەن قانداق گەپ؟ ئەمەلىيەتتە قۇشنىڭ ئاغزى ئادەمنىڭ ئاغزىغا زادى ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بالىلارنىڭ ئاغزىنىڭ ئېچىلىشىنى قۇشنىڭ ئۇچلۇق ئاغزىنى ئاچقان ھالىتى بىلەن ئوخشىتىش توغرا ئەمەس. يەنە ئەسەردىكى «تەسەللايىلا»، «دەللىگىنىغا»، «تىللا ـ تېرىن» دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا زورمۇ زور كىرىۋالغان سۆزلەر بىزنى قاتتىق بىزار قىلدى.

«ئارۇپ مۇسەللەمدىن باشقىلىرى گەدىيىپ ئولتۇرغان بالىلارغا زوقلىنىشقاندەك قاراشتى. ئارىدا ياشراق بىرى، ھېكايىچىدىن ئەمەس، تويتوغرا بالىلاجى ئۆزىدىن قىزىقسىنىپ سورىدى». بۇ جۈملە ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، كىمنىڭ كىمدىن سوراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە بۇ جۈملە «بالىلاجىنىڭ ئۆزىدىن قىزىقسىنىپ سورىدى» بولسا كېرەك. مەيلى بۇ يازغۇچىنىڭ خاتالىقى ياكى بېسىلىش جەريانىدىكى خاتالىق بولسۇن، بۇلار بىزنىڭ ئۆز تىلىمىزنى قەدىرلىشىمىز ۋە بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسەردە يەنە «بالىلاجىنىڭ باشلىق جېنى بار» دەپ خاتا ئېلىنغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئاجىزلىشىدۇ. ئەمما «ئى» تاۋۇشى «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشمەيدۇ. بۇ جۈملىدە «جىن» (ئالۋاستى) «جان» بىلەن ئالمىشىپ قېلىپ، نەتىجىدە لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بەرگەن. «بىراق بىزنىڭ ئەدەبىي پەيزى غۇژژىدە تۇتۇپ قالغان بالىلاجىنىڭ ئاجايىپ ئاچچىق ۋە ئەلۋەتتە ئەپسانىرەك تىللار بىلەن يازغان 〈 ئوبزورى 〉 مانا شۇ يۇقىرىقى ھېكمەتلىك سۆزنىڭ نېملىكىنى ئىسپاتلىدى». بۇ يەردىكى «ئەدەبىي پەيزى» دېگەن سۆزگە قارىغان ھەر بىر كىتابخان «نەدىمۇ مۇنداق سۆز بولسۇن؟ ئاپتور ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلىدا مۇۋاپىق سۆز تېپىلمىغانمىدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويماي تۇرالمايدۇ. ئەسەردىكى بالىلاجى يەنە «چاقىقاقوپ»، «ماختاشوپ» دېگەن سۆزنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىۋالىدۇ. بۇ قۇرلارنى كۆرگەن كىشىنىڭ بالىلاجىدىن: ھەي بىچارە بالىلاجى، ھەرقانچە كاللاڭ ئېلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈڭگە «چاقىقاقوپ» دەپ تەخەللۇس قويۇشۇڭ مۇمكىنمۇ؟ «چاقىقاق» باشقىلارنى چېقىۋالىدىغان دېگەن مەنىگە ئىگە تۇرسا، سەن مۇشۇنداق سەلبىي مەنىلىك سۆزنى ياقتۇرۇپ قېلىپ تەخەللۇس قىلىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ سەن سەلبىي پېرسوناژ بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟ دەپ سورىشى تەبىئىي.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئادەتتە جانلىق تىلدا «مۇنەررىجىگە كۆز چاپتۇردى» دېگەن جۈملە يوق، ئادەتتە «مۇنەررىجىگە كۆز يۇگۈرتتى» دەيمىز. «چاپتۇرۇش» بىلەن «يۈگۈرتۈش» قىسمەن مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، قالايمىقان ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق خاتالىقلار ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

بىزنىڭچە، سۆزلەرنى ھەرگىز قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يازغۇچى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەسەر يېزىۋاتقانلىقىنى ۋە مىللەت ئالدىدا قانداق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيدىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم. شۇ چاغدىلا ئەدەبىياتىمىزنى، ئۆزىمىزنى ۋە تىلىمىزنى ئاسراپ قالالايمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

سەمەتجان تۇرغۇن سەمەندەر

# «جىلۋىلەر ساداسى» دىكى ياڭراق سادا

ھەر بىر كىشى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەزىز تۇپراقنى ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس زېمىننى سۆيىدۇ ، قەدىرلەيدۇ .

گۈلبوستان ئابدۇقادىرنىڭ «جىلۋىلەر ساداسى» ناملىق ھېكايىسىدە باغ مەنزىرىسى پېر-سوناژلار تىلى ئارقىلىق تەسۋىرلىنىپ ، بىر تەرەپتىن ، ئەزىز ئانا تۇپراققا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئىپادىلىنىپ ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى نامايان قىلىنغان بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان .

ستۇدېنتلار — مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى ، جەمئىيەتنىڭ كېلىچەكتىكى ئىگىلىرى ھەم ۋارىسلىرى . جەمئىيەت بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق ستۇدېنتلارغا موھتاج .

ئاپتور دەل مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ، قىز ستۇدېنتلارنىڭ دىئالوگلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ياشلارنىڭ ئوبرازىغا ھەم سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۆلەتۋازلىق ، ھەسەتخورلۇق ، غەيۋەت قىلىش ، ئويۇنغا بېرىلىش ، مۇھەببەت شاللاقلىقى قاتارلىق ناچار خاھىشلارغا قاتتىق نەپرەت ۋە لەنەت ئوقۇيدۇ ، ئۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلىدۇ .

ھېكايىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ئېھسان بىلەن ھىلالنىڭ قىزغىن مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىپ ، بىر تەرەپتىن ، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ۋە گۈزەللىكى نامايان قىلىنغان ، يەنە بىر تەرەپتىن ، مۇھەببەتنى قەدىرلەشنى بىلمەيدىغان ، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقىدىسىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆزىنىڭ يىگىتلىك بۇرچى ھېسابلىمايدىغان ، گەرچە 90 - يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ ، لېكىن كونا ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئېھساندەك ستۇدېنتلارغا مۇنداق سوئال قويۇلغان : «ھەيرانمەن ، شۇمۇ ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرغان يۇقىرى مەلۇماتلىق ياشمۇ ؟ توغرا ، بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ ، بىراق مېنىڭچە ، ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلىيەلمىگەن ، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلالمىغان كىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ، ھەتتا ئاتا - ئانىلىرىنىمۇ قەدىرلىيەلمىسە كېرەك ... شۇلارمۇ ستۇدېنتلار ، 90 - يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى - ھە !»

ھېكايە مۇنداق ئاخىرلاشقان : «بۈگۈن كەچ ياتاقتىن چىقىپ ئېھسان بىلەن دائىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ، دەسلەپتە مۇھەببەتلەشكەن جايغا كەلدىم . يېڭى چىققان ھىلال ئاي ، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . مەن ئاي يورۇقىدا كونا ئىزلىرىمنى ئىزلىدىم ، لەۋلىرىم ئاستا شىۋىرلاۋاتاتتى :

( ئاخىرى 104 - بەتتە )

پاتەم ياسىن

# ئۇۋال قىلىنغان شەھلا كۆز

ئالدىمدا «تارىم» ژۇرنىلى يېيىقلىق، خىيال كەپتىرىم مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئەمما ساجىدەدەك گۈزەل قىزنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىگىمۇ، قايغۇسىغىمۇ، بەختسىزلىكىگىمۇ، ھالاكىتىگىمۇ شاھىد بولغان كۆككۇمغا قاراپ ئۇچتى. يۈرىكىمدە ھاياجان دولقۇنلىرى ئۆركەش ياسىماقتا ...

ئىنسان بەزىدە بەختسىزلىككە يولۇقسا، بەزىدە شادلىنىشقا ھەقلىقمۇ ؟! بىراق نېمە ئۈچۈن شەھلا كۆز بۇ بەختكە نائىل بولالمايدۇ ؟! ئۇ پەقەت يېتىملىك، خورلۇق، ئازاب، بەختسىزلىك ئۈچۈنلا يارالغانمۇ ؟

ساجىدە گۈزەل يارالغىنى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق بەختسىزلىككە يولۇقتىمۇ ؟ ئادەم گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. بىراق ساجىدەنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭغا زور بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ گۈزەل ھەم ساددا بولغانلىقى ئۈچۈن، رەزىللەرنىڭ ئىپلاس مەقسەتلىرىنىڭ قۇربانى قىلىنىۋېتىلدى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنىش، پاك قەلبى دەرد-ئەلەم بىلەن توشۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان چاغدىمۇ — ھاياتنىڭ بارلىق جاپا-مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلغان ۋاقتىدىمۇ بۇرۇن سۆيگەن يىگىتىنىڭ ئايالى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. مەخسۇتنىڭ ئايالى — دوختۇر ئايال ساجىدەنى ئۆز مۇھەببىتىنى، گۈزەللىكىنى، بەختىنى تارتىۋالدى، دەپ قاراپ، كۈندەشلىك تۈپەيلى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ دەردىنى چىقاردى. ساجىدەنىڭ قەيەرگىلا بارمىسۇن ئازابقا، خورلۇققا، بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېسداشلىقىمنى قوزغىغان بولسا، دوختۇر ئايالنىڭ رەزىل قىلمىشى ئۇنىڭغا بولغان ئاۋۋالقى غۇۋا ھېسداشلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىشىمنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتتى. مۇھەببەت ئىككى قەلبنىڭ ئورتاق ياخشى كۆرۈشىدىن بارلىققا كەلگەن ساپ ھەم نازۇك تۇيغۇ. ئۇ ھەرگىز بىراۋلارنىڭ مەجبۇرىي ئىگىلىۋالىدىغان مال-مۈلكى ياكى بۇيۇمى ئەمەس.

شۇنداقكەن، مەخسۇتنىڭ قەلبى ھەرگىزمۇ دوختۇر ئايالغا تېگىشلىك بولالمىغان. ئۇ ساجىدەنى سۆيىدۇ، ئۇ پەقەت تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرىيىتى تۈپەيلىدىنلا دوختۇر ئايال بىلەن توي قىلىپ قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ سۆيگۈسى ھەرقانچە چوڭقۇر بولسىمۇ، يەنە بىر ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالالىشى ناتايىن. دوختۇر ئايال مەخسۇتنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ساجىدەدىن نەپرەتلىنىدۇ. بىراق ئۇ مەخسۇتنىڭ مۇھەببىتىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ساجىدە مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمسىلا مەخسۇت مۇھەببىتىنى ماڭا بېغىشلايدۇ دەپ ئويلاپ، مەخسۇتنىڭ مىسكىن قەلبىگە تەسەللىي بېرىش ئورنىغا ئىككى قەلبنىڭ خىيانەتكارىغا ئايلىنىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئىنسان قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئەستىلىك سۈپىتىدە يادلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

( داۋامى 133 - بەتتە )

ئۆمەر مەتنۇرى

# «تونۇردا» دىكى پاجىئە ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى

ئەل - جامائەتنى مۇڭ - ھەسرەتكە ، يىغا - زارغا قويۇپ ، پاجىئەلىك ھالدا تونۇردا كاۋاپ بولۇپ كەتكەن زادى كىمنىڭ جەسىتى ؟ قادىر شىپىلداق راستىنلا يەكەن ، يېڭىسارغا كەتتىمۇ ؟ كىتابخانىنىڭ روھىي ئالەمدە مانا مۇشۇنداق خىلمۇ خىل سوئاللارنى تۇغدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇرغان بۇ تارىخىي ھېكايىنى ئوقۇپ ، ئويلىنىپ قالدىم : قادىر شىپىلداق قانداق بولۇپ تونۇرغا چۈشۈپ كەتتى ؟ ئۇ راستىنلا ئىچ ئاغرىتىشقا لايىقمۇ ؟ قادىر شىپىلداق نېمە ئۈچۈن كالىلىسى ئېسىپ قويۇلغان جەسەتنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ ؟ مانا بۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان «تونۇردا» ھېكايىسىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان تۈگۈنلۈك مەسىلە .

ئاپتور «تونۇردا» ھېكايىسىدە قادىر شىپىلداقنىڭ نەشە چېكىش ، قىمار ئويناش ، خوتۇنبازلىق قىلىش جەريانىدا بار - يوق ۋەسلىدىن ئايرىلغانلىقى ، تونۇردا بىر مۇساپىرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ، ئۇنى قارىقاشلىق ئىسيانچى قاتارىدا تۇتۇپ بېرىپ ، نۇرغۇن كۈمۈشكە ئېرىشكەنلىكى ۋە ئۇنىمۇ قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ، ئاخىرى ھەسرەت ئىچىدە بارات ناۋاينى ۋەيران قىلىش ئويى بىلەن ئۆزى ئوت سالغان تونۇرغا ئۆزى چۈشۈپ كېتىپ ، پاجىئەلىك ھالدا كۆيۈپ كەتكەنلىكىدەك بىر قاتار ۋەقەلەرنى يېزىش ئارقىلىق روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چىرىكلىشىپ ، ئىنسانىي قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن ، روھى چۈشكۈن ، قەلبى مېيىپ ، رەھىمسىز ، نادان ، پۇل ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىدىغان قادىر شىپىلداقنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان . ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ، خەلق ئاممىسىغا ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتنى ۋە ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ ، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . قادىر شىپىلداق ماخۇشەن دەۋرىدە خوتەندە ياشىغان شەخس . ئۇ ئەسلى بارات ناۋايغا شاگىرت بولۇپ كىرگەندە ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق گۆدەك ئىدى . لېكىن بارات ناۋاي ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۆگەتتى . قىمار ئويناش ، نەشە چېكىش ، پاھىشە قىلىشنىڭ ھەممىسى دەل شۇ يەردىن باشلانغانىدى . ئۇ بۇ يولغا كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇن پۇلغا ، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلىپ بولالمايدىغان كۆپ خوتۇنغا ، باللارغا ئىگە بولدى . قىسقىسى ، ئۇ بۇ يولنىڭ ماددىي مەئىشىتىدىن قانغۇچە بەھىر ئالدى . بىراق ئاخىرىچۇ ؟ ئۇ ھەممىدىن ئايرىلدى . ھەتتا قىماردا خوتۇنىنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى . قەرز گە بوغۇلدى . بارات ناۋاي جاراستاندا ئۇنى لەت قىلدى . ئۇ ئازاب ئىچىدە بىر - ئىككى چىلىمنى ئارتۇق چېكىۋەتتى . ئۇ پۇل ۋەسۋەسىسى ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن مال - دۇنيا ، ئۆي - ۋاران ، خوتۇن تەمەسىدە بىچارە گۇناھسىز مۇساپىرنى تۇتۇپ بېرىپ دارغا ئاستۇرۇش ھېسابىغا ئازراق كۈمۈش تەڭگىگە ئېرىشتى . ئۇ بىر جان ئىگىسىنى شەرمەندە نەپسىگە يەم قىلدى . ئۇ بۇ پۇللارنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى باش بىلەن بارات ناۋاينىڭ ئۆزىنى ۋەيران

قىلغانلىقى زادى كەتمىدى. نەتىجىدە ئۇ بارات ناۋاينى ۋەيران قىلماقچى بولدى.

ئېنىقكى، پېرسوناژنى چىنلىقتا ئىگە قىلىدىغان ئالدىنقى شەرت خاراكتېرنىڭ مۇرەككەپلىكى، قادىر شىپىلداق دەل روھىي دۇنياسى مۇرەككەپ پېرسوناژ. شۇڭا ئۇ نەشىنىڭ شېرىن خۇمارى، مال - دۇنيانىڭ ئاچچىق ھەسرىتى ئىچىدە تونۇرغا ئوتنى قالاپ قويۇپ، نەشىنى ئىشتىياق بىلەن چېكىدۇ. ئۇ بىردەملىك دەرد - ھەسرەتتىن خالىي بولغاندەك قىلىسمۇ، لېكىن ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاپتور مۇرەككەپ خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ قادىر شىپىلداقنى تەسۋىرلەش جەريانىدا، ئۇنىڭغا يان تاياق بولغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى، بارات ناۋاينى ۋە پۇلنىڭ قۇربانى بولغان مۇساپىرنىڭ دار ئاستىدىكى بېشىنى ۋە كۆيۈپ كەتكەن جەسەتكە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان ئەل - جامائەتنىڭ روھىي ھالەتلىرىنى، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى، قىياپىتىنى، ھېسسىياتىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، ھېكايىدە بىر خىل سۈرلۈك، مۇڭلۇق كەيپىيات ياراتقان. قادىر شىپىلداقنىڭ مۇساپىرنى تۇتۇپ بېرىپ كۈمۈشكە ئېرىشىشى، تونۇردا ئۆزى قالىغان ئوتقا چۈشۈپ كېتىپ كاۋاپ بولۇشى بىزگە كۈلكىلىك تۇيۇلمايدۇ. بەلكى بىز ئاپتورنىڭ بۇنداق دېتاللارنى تارىخىي رېئاللىق ئىچىدە قىلغانلىقىدىن سۆيۈنىمىز. شۇڭا بىز قادىر شىپىلداقنى يەكەن، يېڭىساردىن ئەمەس، تونۇردىن ئىزلەيمىز. ئەل - جامائەت تونۇردىكى كاۋاپ بوپ كەتكەن جەسەتكە ئىچ ئاغرىتسا، كىتابخان ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن سۆيۈنىدۇ. بۇنداق پاجىئەدىن خۇشاللىنىدۇ. ئۇنداقتا بۇ خىل پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشىگە نېمە سەۋەبچى بولدى؟ مال - دۇنيا، خوتۇن، نەشە، قىسقىسى، چىرىكلىك. بۇ خىل ھالەتنى كىم كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ بارات ناۋايمۇ ياكى ئەينى دەۋر رېئاللىقىمۇ؟ مانا بۇ ئاپتورنىڭ ھېكايىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسى. ئاپتور بۇنىڭغا ئوچۇق بىر نېمە دېمەي، كىتابخاننى بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا يېتەكلەيدۇ.

ئادەمنىڭ ئۆزى رېئاللىقنى ئىنكار قىلىدۇ. رېئاللىق ئادەمنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم غايە، ئارزۇ - ئارمانغا، ھېسسىياتقا باي نەرسە. بۇلار قارىمۇ قارشىلىقتىن ئىبارەت. لېكىن رېئاللىق ئادەمگە موھتاج. ئادەم رېئاللىققا موھتاج. مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە يارىتىلغان قادىر شىپىلداق پاجىئەسى ھېكايىنىڭ يېشىمى بولۇپ قېلىشى بۇ ھېكايىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسەر ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشتە زور تەسىرلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان. شۇڭا بۇ ھېكايىنى بىر ئوقۇپ چىققان كىتابخان ئەينى دەۋر رېئاللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەنى ئاپتور ئوچۇق ئېيتىپ بەرمىسىمۇ، ئۆز تەپەككۇرىگە تايىنىپ ھېس قىلالايدۇ ۋە ئاپتورنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايىدە ئاپتور ۋەقەلىك ئىچىگە ھېسسىيات، ھېسسىيات ئىچىگە ۋەقەلىك سىڭدۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئەسەردە قويۇق شېئىرىي تۇيغۇ، لىرىك كەيپىيات ياراتقان. ئوبرازلىق تىلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. ئەسەردە ھەر خىل مەنزىرە، كۆرۈنۈشلەر شۇ دەرىجىدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتتەك نامايان بولىدۇ. قادىر شىپىلداقنىڭ تونۇر بېشىدا يەل قويۇۋېتىشىدەك قىزىقارلىق، ئەمما چىن تەپسىلاتلارچۇ تېخى!

قىسقىسى، ئاپتور ئايىمەمەت سايىپ «تونۇردا» ناملىق بۇ ھېكايىسىدە قادىر شىپىلداق پاجىئەسى ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقنى چىن، جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، تارىخىي تېمىدا ھېكايە يېزىشنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. مەن ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# پېشقەدەم شائىر مەريەم سەپەربايېۋا



مەريەم سەپەر بايېۋا 1929 ـ يىلى چۆچەكتە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1946 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1946 ـ يىلىدىن 1951 ـ يىلىغىچە ئوقۇتقۇچى بولغان . 1951 ـ يىلىدىن 1956 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن . بۇ جەرياندا «شىنجاڭ ئاياللىرى خىزمىتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولغان . 1956 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن .

مەريەم سەپەربايېۋا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ئازادلىقنى ، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرنى ، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى . ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا بىر قىسىم ماقالە ۋە ئوچېركلارنى يازغان . ئۇنىڭ 1950 ـ يىلى يازغان «ئاچامغا» ناملىق تۇنجى شېئىرى «ئويغان» گېزىتىگە بېسىلغان . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «داھىيغا» ، «ئۇلۇغ كۈرەش» ، «تارىم قىزى» ، «كورېيە ئايالى» ، «يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ جەڭچىسى» ، «بىزنىڭ ئەلدە ئاياللار» ، «ئاڭلا ، ئانا» ، «مۇئەللىمە» قاتارلىق 60 نەچچە شېئىر ۋە بىر قىسىم ئوچېركلارنى يازغان ، شۇنىڭدەك ئاياللار ئازادلىقى ، ئاياللار باراۋەرلىكى ھەم ئاياللارنىڭ ئىنسانلار تارىخىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق تېمىلاردا تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يازغان . «ئانىلار قەلبى» ، «تارىم ئۆركەشلىرى» ، «بۇلبۇللار نەزمىسى» ۋە قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەڭرىتاغ سادالىرى» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى . ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

مەريەم سەپەربايېۋا كېيىنكى چاغلاردا ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت

( ئاخىرى 146 ـ بەتتە )

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەبىي ئوبزورچى قاۋسىلقان قامىجان



«قۇش قوش قانىتى بىلەن ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىدۇ ۋە ھاياتلىق دۇنياسىدا ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىر مىللەت، بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ قوش قانىتى. بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ قوش قاناتنىڭ بىرى بولمىسا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ». بۇ، ئۆزىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە ئوبزورلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر ماقالىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى قاۋسىلقان قامىجاننىڭ 20 نەچچە يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا يەكۈنلىگەن كۆز قارىشى.

قاۋسىلقان 1959 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ، كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بىلىملەر، ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى. شۇ ئاساستا دەسلەپكى قەدەمدە تەسىرات تۈسىنى ئالغان قىسقا ئوبزورلارنى يازدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا يازغان «ئاق يول تىلەيمەن»، «ناخشا ھەققىدە ناخشا»، «ماھىربېكنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى» ناملىق ماقالىلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. 1964 - يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى. ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئۆتكەن 20 نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا ئۆتتى. بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا قەلەم تەۋرىتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا يازغان ئوبزورلىرى 1976 - يىلىدىن باشلاپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ دەسلەپكى ماقالىلىرىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتى ئاساس قىلىنسا، كېيىنكى مەزگىللەردە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتىنى نامايان قىلدى. بىر مەزگىللىك چېنىقىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە يۈزلەندى.

«ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىگە كىرگەن ئادەم چوقۇم بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس

قانۇنىيەتلىرى ، ئەدەبىيات تارىخى ، دۇنيانىڭ ، مىللەتنىڭ ، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك» دېيدۇ ئۇ.

بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئەدەبىي ئوبزورچىنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەت ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ، ئەدەبىياتى ھەققىدە ئىزدىنىپ ، بەلگىلىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشى ئاسان ئەمەس . قاۋسىلقان قازاق مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە جاپالىق ئىزدىنىپ ، بۇ جەھەتتە كىشىنى قايىل قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ ، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئوبزورىنى يېزىپ ، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلدى . ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىجادىيەت يولى توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرى «ئىلى دەرياسى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ «تارىخىي چىنلىقنىڭ بەدىئىي يېشىمى» ، «ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك يېڭى كۆچلىرى» ، «باللار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» ، «قىسقا ھېكايىلەرنىڭ قىممىتى ۋە رولى» ، «تالانت ، ئىقتىدار جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ» قاتارلىق ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئۇيغۇر يازغۇچى ـ شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا بىرلەشتۈرۈپ ، «مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئەدەبىيات» ، «ئەدەبىياتتىكى مۇھەببەت تەسۋىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ، «ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ سيۇژىتى ھەققىدە» ، «ناخشا ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى» ، «ئەدەبىياتنىڭ رولى» ، «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى» ، «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازدى .

قازاق شائىرلىرىدىن «تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى» ، «قۇرمانئەلى ئوسمان شېئىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە» ، «ئۆمەر غازى شېئىرىيىتى ھەققىدە» ناملىق ئوبزورلىرىنى ۋە ئۆمەر غازى ئاپتانىڭ «سەلكىن» ناملىق كومېدىيىسى بىلەن ئالىمجان قاتباينىڭ «قىز قەبرىسى» ناملىق كىنو سىنارىيىسى ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى .

قاۋسىلقانىنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى 117 پارچىغا يەتتى . «ئىزدىنىش» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) ، «ئۈمىد» ، «قەلەم ۋە قەدەم» ، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق» قاتارلىق توت ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . «دەۋر ۋە شائىر» ، «تالانت ، ئىقتىدار جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ» ، «ئەدەبىياتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئەدەبىيات» ، «تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى» قاتارلىق ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى . «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق ماقالىسى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق پەلسەپە ، ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نادىر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، «قىسقا ھېكايىلەرنىڭ قىممىتى ۋە رولى» ناملىق ماقالىسى 1991 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور مۇكاپاتىغا ، «غەلىبىلىك قەدەم ، ئىجادىي ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسى 1992 ـ يىلى قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1989 - يىلى ئۇ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

يېقىندا ئۇ «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار»، «ئىز ۋە ئۆلگە» ناملىق ئىككى كىتابنى نەشرگە تاپشۇردى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت - ژۇرنال، رادىئولاردا كەڭ تەشۋىق قىلىندى ھەمدە قازاقىستاندا چىقىدىغان نوپۇزلۇق گېزىت — «شالقار» دا ئۇنىڭ ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى؛ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

يولداش قاۋسىلقان 1992 - يىلى ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىغا يېزىقچىلىق بىلىمىدىن دەرس بېرىپ كەلمەكتە. بىز بۇ تىرىشچان، تالانتلىق ئەدەبىي ئوبزورچىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز.

سارەم ئىبراھىم تەييارلىغان

**********************************************************

( بېشى 143 - بەتتە )

ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى شېئىرلىرى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن مەلۇم قىممەتكە ئىگە. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خەلقنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايمىز، شۇنداقلا شۇ دەۋر رېئاللىقىدىن مەلۇم دەرىجىدە خەۋەردار بولالايمىز. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مول مېۋىلىرى، ئۇلۇغ كومپارتىيە، ئىنقىلاب داھىيلىرى، ئازاد زاماندىكى قىز - ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سەپتە مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشقا ئاتلانغانلىقىغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا ئەينى زاماندىكى جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئەپچىل قۇرۇلما، پىشقان بەدىئىي تىل ۋە تېپىك ئوبرازلار ئارقىلىق بىرقەدەر جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. «داھىي يولىدىن»، «بىزنىڭ ئەلدە ئاياللار» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇنىڭ «كورىيە ئايالى» ناملىق شېئىرىدا 1950 - يىللاردىكى چاۋشيەن ئاياللىرىنىڭ ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداۋاتقان قەھرىمانلىقلىرى مەدھىيىلەنگەن. «ئاڭلا، ئانا» ناملىق شېئىرىدا فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ۋە نىكاھ سودىسى قاتتىق قامچىلىنىپ، نىكاھ ئەركىنلىكى تەشۋىق قىلىنغان. «مۇئەللىمە» ناملىق شېئىرىدا بالىلىقنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە بېغىشلىغان جاپاكەش ئۇستازنىڭ ئوبرازى تولىمۇ جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

پېشقەدەم شائىر مەريەم سەپەربايېۋانىڭ شېئىرلىرى گەرچە سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلزارىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

سارەم ئىبراھىم تەييارلىغان

رۇقىيەم ئابلا

# ئاھ، زەڭگەر كۆز

## ( ھېكايە )

قاپقارا قوشۇماش ئاستىدىكى ئوقيادەك ئەگمە كىرپىكلەر ئارىسىدا ئوتتەك چاقناپ، يۈرىكىمگە نەقىش ئويغان، كۆل سۈيىدەك تىپتىنىچ، غۇبارسىز قەلبىمگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنى ياققان زەڭگەر كۆز ...

ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم تاشلىغىنىمدا، ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ قايناق-تاشقىنلىق تۇرمۇشى مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى. مەن سىنىپ ھەيئەتلىرىنىڭ بىرى ئىدىم. مەن كىشىلەر تەرىپلىشىدىغان گۈزەللەر قاتارىدا بولمىساممۇ، نېمىشقىكىن، ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلىرىم ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلاتتى. پاراللېل سىنىپتىكى زەڭگەر كۆزلۈك مەۋلان ئىسىملىك بالا كۆزۈمگە سەل غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپىمىزدە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى ئاشۇ زەڭگەر كۆز ھەممىمىزنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ئۇنىڭ شوخ، تېتىك ھەرىكەتلەر بىلەن زامانىۋى چاقماق ئۇسسۇلىنى شۇنچە قاملاشتۇرۇپ ئوينىغىنىغا ھەيران قېلىشتۇق. كېيىن ئۇ مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ، ئاسمان رەڭگىدىكى كۆزى تال-تال كىرپىكلىرى ئارىسىدا چاقناپ تۇراتتى. باشتا مەن سەل ئىنىدىككەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ مېغىزلىق سۆزلىرى بارا-بارا مېنى ئەسىر قىلىشقا باشلىدى. ئاشۇ كۆزلەر يۈرىكىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن باشقىچە بىر ھېسسىياتنى ئويغىتىپ باراتتى.

بىر قېتىم سىنىپلار ئارا تىلدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلدى. مەن نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندىم. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە پەستىكى ساۋاقداشلىرىمغا قارىغىنىمدا تۇنجى بولۇپ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىۋاتقان ئاشۇ زەڭگەر كۆزلۈك مەۋلاننى كۆردۈم. مەۋلان شوخلۇق بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ، مېنى مۇبارەكلەۋاتاتتى.

شەنبە كۈنى ئىدى، كەچقۇرۇنلۇقى مەكتەپ گۈللۈكىدە «ھايات شۇنداق» رومانىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. مەۋلان قاياقتىندۇر پەيدا بولدى.

— ياھ! ئەلاچى، دەم ئېلىش ۋاقتىدىمۇ مۇزاكىرە قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ شوخ كۈلكىسى بىلەن، مەن قولۇمدىكى كىتابنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم.

— سىزنى ئىنزلەيمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ كىتابنى قولۇمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، — قوشنا مەكتەپلەردىن بىرقانچە دوستلىرىم چىقىپتىكەن، ياتاقتا كېرىپ بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بېرەمدىكىن دېۋىدىم، رايىڭىز قانداق؟

ئۇنىڭ ئاق، سۈزۈك يۈزلىرى قىزىرىپ، زەڭگەر كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئاغزىدىن ھاراق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كەچۈرۈڭ مەۋلان، سىزنىڭ دوستلىرىڭىزنى مەن تونۇمىسام، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۆزرەخاھلىق ئېيتىپ.

— يۈرىڭە، كىرگەندىن كېيىن تونۇشۇپ قالىسىز، ئاران دېگەندە سىزنى ئىزلەپ تاپسام...

مەن ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويماسلىق ئۈچۈن تەلپىگە ماقۇل بولدۇم.

ياتاق ئىچىدە ئۈچ جۈپ قىز - يىگىت لەرزان مۇزىكىغا جور بولۇپ تانسا ئويناۋاتاتتى. مەن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، مەۋلان كۆرسەتكەن جايغا بېرىپ ئولتۇردۇم. بىرەر سائەتكىچە داۋاملاشقان قىزغىن سۆھبەت ۋە تانسا ئويناشلار ئاخىرلىشىپ، ئۇلار تارقاپ كېتىشتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن قوزغالدىم.

— نەگە ئالدىرايسىز، تېخى بالدۇرغۇ، بىردەم ئولتۇرۇڭ، — دېدى مەۋلان ۋە ياتاق ئىشىكىنى ئېتىۋالدى.

— مەۋلان بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئىشىكنى ئېچىۋېتىڭ. باشقىلار نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ، — دېدىم مەن جىددىيلىشىپ. ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدى.

ئۇ كارىۋات لېۋىگە كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇردى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئالىيە، مەن ئارىسالدىلىقنى ياقتۇرمايمەن. ماڭا بۈگۈن ئېنىق جاۋاب بېرىڭ، مەن سىزگە بۇرۇنلا ئېغىز ئاچاي دېگەن، بىراق خىجىل بولدۇم. ماقۇل دەڭ، بىز يۈرۈپ قالايلى، — دېدى ۋە ئىككى مۇرەمدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ كۆزى ماڭا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مەن بۇ سۆزنى ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن، بىراق ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرىشنىڭ ئۆزى ئۆزۈمنىڭ قەدىرىنى يوقاتقانلىقىم ھەم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىم بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ قولىنى سىپايىلىك بىلەن چۈشۈرۈپ:

— مەۋلان، بۈگۈن سىز مەست بولۇپ قاپسىز، مەن چىقىپ كېتەي، ساق ۋاقتىڭىزدا سۆزلىشەيلى، — دېدىم.

ئۇ گېپىمگە ئەجەبلەنگەندەك ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن ئاستاغىنە لېۋىنى لېۋىمگە ياقتى. ئىللىق ھارارەت ئىچىدە تىنىقلىرىم ئىتتىكلەپ، يۈزلىرىم لاۋۇلداپ قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ ئىشىك تەرەپكە بۇرۇلدۇم.

— نەگە بارىسىز؟!

ئۇ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، بىلىكىمدىن تارتىپ ئورنۇمغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى - دە، تەلۋىلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ چاڭگىلىدا گويا قەپەسكە سولىنىپ قالغان قۇشتەك تىپىرلايتتىم. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا زورلۇق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئىچ - ئىچىمدىن خورلۇق ھېس قىلدىم. ئۇ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا چاك سالسا ئازابلانمامدىم؟

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى. مەۋلان بىپەرۋا ھالدا:

— كىم سەن؟ — دەپ توۋلىدى. ئىشىك ئېچىلىپ ياتاققا تۆت - بەش ئوغۇل كىردى، ئۇلار مەۋلاننىڭ ياتاقداشلىرى بولسا كېرەك، ئۇلار مېنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىم، ياش يۇققى كۆزلىرىمگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلگىنىچە چىقىپ كېتىشتى. ھايال ئۆتمەي ياندىكى ياتاقتىن ئۇلارنىڭ بولمىغۇر چاقچاقلىرى ئاڭلاندى. مەن غەزىپىمنى باسالماستىن مەۋلانغا بىر تەستەك سالدىم...

ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە مەۋلاننىڭ دوستلىرىنىڭ

مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەشلىرى، قىزلارنىڭ مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراشلىرى جان-جىنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مەۋلان بولسا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق كىشىدەك بىپەرۋا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل دوقۇرۇشۇپ قالدۇق.

— ئالىيە كەچۈرۈڭ. مەن مەستلىكتە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاپتىمەن. ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. مەستلىك — نەسلىك دەيمىز ئەمەسمۇ؟ خالىسىڭىز ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، ئالدىراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قامىتىگە نەپرەت بىلەن قلرىدىم. مەن ئەقىدە قىلغان قامەت، جىلۋىلىك زەڭگەر كۆزنىڭ ئەسلىدە قەدىرلەشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ تولىمۇ ھەيرانمەن، شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەپتىمەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببەت نىقابىغا ئورىلىۋېلىپ، قىزلارنى ئەخمەق قىلىدىغان خاراكتېرىنى ئەجەب بىلمەپتىمەن. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمنى كۆزىتىپ، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى سېزىپ يۈرگەنىكەن. شۇڭا ئۇ كۈنى . . . ئاھ، تەسەۋۋۇرۇمدىكى ھېسسىياتقا باي، قەدىرلىك زەڭگەر كۆز. ئەسلىدە سەندە مەن ئارزۇ قىلغاندەك قەلب مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. سەن مۇھەببەتنى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇق چاغلايدىكەنسەن. خەير، زەڭگەر كۆز، ساڭا ئەمدى مېنىڭ قەلبىمدە ئورۇن يوق. قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن ئالغان سىمايىڭ غۇۋا تۇماندەك غايىب بولدى. ئەمدى كۆزۈمگە كۆرۈنمە! بۇ يۈرىكىمنىڭ ساڭا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى خىتابى ...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۆمەرجان ھاپىز

# قاپتىكى جەسەت

## ( ھېكايە )

قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، قاتىل جەسەتنى پارچە-پارچە قىلىپ، بىر مىشكاپقا قاچىلاپ ئورمانلىق ئىچىگە تاشلاپ قويغانىدى. ۋەقە يۈز بەرگەن ئەتراپتىن ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن تېلېفون بوتكىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، مۇنۇ گەپ قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى:

— ۋەي، ئالىما، ھېلىقى سەندىن ئالغان قاپتىكى جەسەت يوقاپ كەتتى. يەنە بىرنى تېپىپ قويساڭ، قانداق؟ ھە، نېمە؟ بار دېدىڭما؟ ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا باراي.

ۋاھ، كۆرۈڭ ما ئامەتنى، — مەن ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم، — ئۆزى كېلىپ قاپقانغا دەسسىگىنىنى. دەل شۇ چاغدا تېلېفون بوتكىسىدىن غەلىتە كىيىنگەن، چاچ-ساقاللىرى ئۆسكەلەك 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت چىقىپ كەلدى.

مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىرەر دېلودا نەتىجە قىلالمىغانىدىم. ئەمدى ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىۋالىدىغان پۇرسەت كەپتۇ. مەن شېرىن خىياللار ئىلكىدە مەست بولۇپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان يىگىتكە قاراپ ۋارقىرىدىم:

— ھەي، توختا!

بىراق يىگىت توختىمىدى. ئارقىسىغا

www.uyghurkitap.com



قاراپمۇ قويمىدى. گوياكى ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ پەسەنتىگە ئېلىپ قويمىغاندەك ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى.

— ھەي، توختا دەۋاتىمەن!

تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدىم. بىراق يىگىت توختىماقتا يوق، قەدەملىرىنى تېخىمۇ چوڭ-چوڭ ئېلىپ كېتىپ باراتتى.

ھۇ خۇمسى، قېچىپ كېتىمەن دەمسىنا، قېنى، قېچىپ باققىنىڭنى بىر كۆرەي، مەن ئوقتەك يۈگۈرۈپ باردىم-دە، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ ئارقىغا سىلكىدىم. يىگىت دەلدۈگۈنۈپ توختىدى.

— نېمە بولدى؟ — ئۇ ماڭا ئاچچىق بىلەن ھومايدى.

— توختا دەۋاتىمەن، — دېدىم مەنمۇ زەردە بىلەن.

— گېپىڭىز بولسا چاققان دەڭ. مېنىڭ ئىشىم بار، — ئۇ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— مەن ساقچى. گەپنى ئاز قىلىپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ. ساقچى پونكىتىغا بارىمىز.

— ساقچى پونكىتىغا، مەنمۇ بارماقچىدىم. بىراق ھازىر مەن بەك ئالدىراش. كېيىنرەك باراي.

بۇ گەپ ئوغامنى قايناتتى. بىر سولتەكنىڭ، يەنە كېلىپ قولۇمغا چۈشكەن جىنايەتچىنىڭ بۇنداق دېيىشى ماڭا ھار كەلدى.

— سەن دېگەن جىنايەتچى. ماڭ دېگەندىكىن ماڭ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، — مەن ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ تەستەكگە بىر شاپىلاق سېلىۋەتتىم.

ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋۋال قوشۇمىسى، ئاندىن مۇشتى ئاستا-ئاستا كىرىشتى. قولى يۇقىرى كۆتۈرۈلدىيۇ، يەنە نېمىشقىدۇر يەرگە ساڭگىلاپ قالدى. يېڭى بىلەن جاۋغىيىدىكى قاننى سۈرتتى.

— بىرمىرىگە ئوخشىتىپ قېلىۋاتامسەن يا؟!

— ياق، تولا خۇپسەنلىك قىلما. ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ دېگەندىكىن ماڭ.

ئاڭغىچە خىزمەتدىشىم دىلشات يېتىپ كەلدى. بىز ئىككىلەن ئۇنى ئالدىمىزغا سېلىپ، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالماستىن دۆشكەلەپ ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ كەلدۇق.

— باشلىق، قاپتىكى جەسەت دېلوسىغا ئالاقىدار مۇنۇ جىنايەتچىنى تۇتۇۋالدۇق، — دېدۇق بۇ جىنايەتچىگە قاراپ قويۇپ مەغرۇرلانغان ھالدا. زور ئىشتىياق بىلەن گېزىت كۆرۈۋاتقان باشلىق بېشىنى كۆتۈردى-دە، جىنايەتچىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھە، ئۇكام يالقۇنجان، نېمە ئىش بولدى؟

— بۇلار، — يىگىت ئىككىمىزنى ئىما قىلدى، — بىكاردىن-بىكار جىنايەتچى دەپ تۇتۇۋالدىغۇ تاڭ؟!

— راستىما؟ — باشلىق بىزگە جىددىي تىكىلدى.

— ئۇ قاپتىكى جەسەت يوقاپ كەتتى، يەنە بىرنى تېپىپ بەرسەڭ، دەپ تېلېفون بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇنى جىنايەتچى ياكى ئۇنىڭ شېرىكى دەپ ...

— ھا ... ھا ... ھا ...

سۆزۈم ئاخىرلىشىپ بولغۇچە يىگىت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىز ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدۇق.

— مەن رازۋېدكا تېمىسىدا بىر پوۋېست يازماقچى ئىدىم. «قاپتىكى جەسەت» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ چىقماقچى بولۇپ ئىزلىسەم يوق، شۇڭا كۈتۈپخانىدىكى دوستۇمغا تېلېفون بەرگەنىدىم. بۇلار ...

— ھە، نېمە؟ نېمە؟ — مەن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم.

— ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ـ دە ، — دېدى باشلىق يىگىتكە قاراپ ، — بولدى ، خاپا بولما !

باشلىق بىزگە قاراپ مۇنداق دېدى :

— باغچىدا قاپتىكى جەسەت دېلوسىنى سادىر قىلغان قاتىل بايىتىن قولغا چۈشتى . سىلەرگە خەۋەر قىلىپ بولغۇچە ئۆزۈڭلارمۇ يېتىپ كەپسىلەر . بۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قېلىڭلار . بۇ يېڭىدىن نام چىقىرىۋاتقان يازغۇچىمىز يالقۇن كېرىم بولىدۇ .

مەن خىجىلچىلىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم ۋە ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتىم :

— مەن سىزنىڭ رازۋېدكا تېمىسىدىكى ھېكايىلىرىڭىزنى كۆپ ئوقۇغان ، بىراق سىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ... مېنى كەچۈرۈڭ ...

— بولدى ، ھېچقىسى يوق . خىزمەتتە مۇشۇنداق ئەستايىدىل بولغان ياخشى . سىلەر ئەكەلمىگەن بولساڭلارمۇ ساۋۇتكامدىن ، — ئۇ كۈلۈپ باشلىقىمىزنى كۆرسەتتى ، — بەزى نەرسىلەرنى سورىغىلى كەلمەكچىدىم . مۇشۇ باھانىدە كۆرۈشۈۋالدىم . يەنە قىزىق بىر ھېكايىنىڭ ماتېرىيالىغا ئىگە بولدۇم .

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

**خاسىيەت ئەمەت**

# نەسىرلەر

## گۈزەللىك

مەن گۈزەللىكنى سۆيىمەن . گۈزەللىك كىمنى خۇش قىلمايدۇ ، كىمگە مەنىۋى لەززەت بەرمەيدۇ ، دەيسىز ؟! كىم گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدۇ ، گۈزەللىكنى مەدھىيىلىمەيدۇ دەيسىز ؟! مېنىڭچە ، ئېسى بارلىكى ئىنسانلار گۈزەللىك مەستانىسىدۇر .

مەن گۈزەللىك ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋېتىپ ، تۇساتتىن گۈزەللىكنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان رەزىللىكنى بايقاپ قالدىم . رەزىللىكنىڭ گۈزەللىك تونىغا ئورىنىۋالغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىمدە ، كاللامدا بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولدى . ئۆزۈمگە گۈزەل بولۇپ كۆرۈنگەن بارلىق مەۋجۇداتلار بىردىنلا سەتلىشىپ ، ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ ، گۈزەل بولغان نەرسىلەرگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولدۇم . ئاخىرىدا زادى نېمىنىڭ گۈزەل ، نېمىنىڭ رەزىل نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايلا قالدىم . مەن گۈزەللىككە موھتاج ئىدىم ، گۈزەللىككە ئېرىشىشىم لازىم ئىدى . ئۇ زادى نەدىدۇر ؟

مەن كۆپ ئويلاندىم ، گۈزەللىكنىڭ رەزىللىك ئالدىدا مەغلۇپ بولۇشى مېنى خىياللار دۇنياسىغا غەرق قىلدى . نېمە ئۈچۈن گۈزەللىك رەزىللىك ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ ؟ مەن بۇ ھەقتە قانچىلىك ئويلانغانلىقىمنى سىزگە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن ، لېكىن شۇ نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم : گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى يوقاتقان ۋاقتىدا رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدىكەن . بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ، ئەسلى ھالىتىنى يوقاتقان گۈزەللىك كىمگە ھەققىي لەززەت بېرەلەيدۇ ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قېنى ياش دوستۇم ، سىزنىڭ گۈزەللىك ھەققىدە قانداق قاراشلىرىڭىز بار ؟ ئەگەر بولسا خىلتىرەمگە ئۆز پىكرىڭىزنى يېزىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمەن !

## قەلەم قاشلىق جانانغا

راست ، مەن سېنىڭ يېڭى كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئورغاقسىمان ھىلال ئايدەك قەلەم قېشىڭغا ئاشىق بولدۇم .

مەن سېنىڭ بۇلاقتەك سۈزۈك كۆزلىرىڭگە مەھلىيا بولۇپ يۈرگىنىمنى سېنىڭدەك گۈزەل نازىنىننى ياراتقان تەڭرى ئالدىدا ئىنكار قىلمايمەن .

سەن بىر پەرىزات ، سەن گۈزەل لاتاپەتلىك ، ئەخلاق - پەزىلىتىڭ بىلەن مېنى رام قىلىۋالدىڭ . مېنىڭ پۈتۈن جىسمىمنى ئۇزۇن قاپقارا چاچلىرىڭ بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتتىڭ . مەن شۇ تاپتا سەندىن ئۇلۇغلۇق بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تارالغان ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت قەدىرلەيدىغان مۇھەببەتنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن .

ئەي قەلەم قاش جانان ، شۇ تاپتا ئادەمگە سىر بولغان كىچىككىنە يۈرىكىمدە كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىۋاتامسەن ؟! مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي ، ئاڭلا قەدىرلىكىم ، ئۇ ھېچقانداق ئوتقا ئوخشىمايدىغان ئىشق - مۇھەببەت ئوتى . سېنىڭ يۈرىكىڭدىمۇ شۇنداق بىر ئوت بارمۇ ؟ بىلىپ تۇرۇپتىمەن ، سېنىڭ يۈرىكىڭدىمۇ ئوت بار ، سەن ئۇنى بەلكىم قىزلارغا خاس نومۇسچانلىق بىلەن «ئۇ ئوت ئەمەس ، ئۇ مۇھەببەت ئوتى ئەمەس» دەيدىغانسەن . بىراق ، سېنىڭ كۆزلىرىڭ ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ تۇرۇپتۇ . مەن ئۇلۇغ تەڭرىدىن بۇ ئوتنىڭ تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيۈشىنى تىلەيمەن .

## پۇل

مەن قوللىرىمنى سوزۇپ «پۇل ، پۇل !» دەپ ئۈنۈمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم . پۇل مېنىڭدىن بەدەر قاچتى . ئۇ ئۆيۈمنىڭ تۆگىلۈكلىرىدىن ، ئىشىكىمنىڭ يوچۇقلىرىدىن خۇددى قانىتى بار قۇشتەك پۇرۇلداپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى . مەن ئىسكى جۇۋامغا يۆگىنىپ ، يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن .

مەن ئەمدى پۇل كېرەك ئەمەس ، پۇل كېرەك ئەمەس ، ئەي پۇل ، مەن سەندىن بىزار بولدۇم ، كۆزۈمدىن تېز يوقال ، دەپ جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم . ئەپسۇس ، مەن بىزار بولغان پۇل گويا ئاسماندىن ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇردەك يېغىپ كەتتى .

پۇل — مېنىڭ ئېسىل كىيىملىرىمنىڭ يانچۇقلىرى پۇلغا لىق تولغان ، ساندۇقلىرىمدا تۈمەن يۈەنلىك پۇل چەكلىرى بار .

مەن ئەمدى خاتىرجەم بولسام بولاتتى . چۈنكى مەن ھازىر پۇلدار مىليونېرغا ئايلاندىم . لېكىن مەن قاچان باي بولدۇم ، شۇ چاغدىن باشلاپ خاتىرجەملىكىمنى يوقاتتىم . ئاشۇ پۇل ماڭا تەھدىت سېلىۋاتقاندەك ، مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغاندەكلا تۇيۇلدۇ .

ھەي پۇل ، سەن زادى قانداق نەرسە ؟!

## دوستۇمغا

دوستۇم ، بۈگۈن سەن مېنىڭ ئۈنچىدەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىمغا قاراپ ئۈنچىۋالا كۈلۈپ كەتمە . تەگرىم بۈگۈن مېنى يىغلاتقىنى بىلەن ئەتە كۈلدۈرەلەيدۇ . سەن ئەتمۇ مەن بىلەن بىللە كۈلۈشنى ئويلاپ قويغىن .

## كۆز

كۆز يازنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى : «مەن قىشقا ھامىلدار . سەن تېزراق ئاخىرلاشقىن !»

## سۆيگۈ

سەن ھېچ كىمنىڭ ئالدىغا سۆيگۈ تىلەپ بارما . ئەمما ئۆزۈڭ ئېرىشكەن سۆيگۈنى ئۆمۈر بويى قەدىرلە .

## ھىجران

ئۇ سېنىڭ ئىشقىڭدا ھىجران ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ ، سەن بولساڭ باشقا بىرىنىڭ ئىشقىدا ئازابلىنىۋاتىسەن . سىلەر قاچانمۇ ئۆز ۋىسالىڭلارغا يېتەرسىلەر ـ ھە ؟

## مۇھەببەت

دوستۇم ، سەن مۇھەببەتنى ئۈنچە ـ مارجانلارغا تېگىشىۋەتمە . بولمىسا ئۆمۈر بويى ئۈنچە ـ مارجاننىڭ قۇربانىغا ئايلانغان مۇھەببەتكە موھتاج بولۇپ ئۆتىسەن .

مەسئۇل مۇھەررىر **سارىم ئىبراھىم**

**روشەنگۈل تۇنىياز**

## سەن دىلىمغا سۆيگۈ باشلىدىڭ

كۈتكەنىدىم زارىقىپ سېنى ،
ھىجرانلاردا تېلىقىپ نىگار .
كۈندۈزلىرى پەرىشان بولۇپ ،
كېچىلىرى قىينالدىم بىدار .

يۈرىكىمدە بىر شېرىن ھەسرەت ،
كۆزلىرىمدىن ئۆزۈلدى مارجان .
ۋىساللىقلار تاشلانسا كۆزگە ،
يۇلتۇز كەبى ياندى بىر ئارمان .

ئاخىر تاپتىم سېنى دېگىزدىن ،
قايناملاردىن ، ئۇپقۇن ئىچىدىن .
تاپتىم سېنى زەپمۇ ھېكمەتلىك
سۆيگۈ شامى يانغان كېچىدىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈتۈش ئازاب، كۈتۈش بەختتۇر،
ھامان ئۇنىدىن ئالىدىم تەسەللى.
كۈتكەن كۈنلەر كەلسىلا كۈلۈپ،
يۈرەككە چاك كەتسىمۇ مەيلى.

ئامەتسىگە گۈللەر تۇتايمەن،
تاپتىم سېنى كۈلدى ياشلىقىم.
ئۇ ئالەمنى كۆمۈپ گۈللەرگە
سەن دىلىمغا سۆيگۈ باشلىدىڭ.

ئارزۇگۈل جېلىل

## يىللار

تېزلىشىپ يىللار ئۆتەر ئاتقان ئوقتەك تېز،
ئۆزگىرىدۇ مىنۇتسېرى بىزنىڭ بۇ دۇنيا.
تەبىئەتنىڭ قۇچاقلىرى ئاپتاپتەك ئىللىق،
ھۆر پەرىگە ئايلانماقتا زامانلار گويا.

يۇرتىمىزنىڭ جامالىدا چاقنىغان نۇر بار،
ئۆز ئەجرىدىن كۆڭلى يايراپ كۈلمەكتە ئىنسان.
جايىدىن جايغا خۇش خەۋەر ئېلىپ ئۇچار شامالالار،
دىلدا سۆيگۈ دەۋرەپ تۇرار ياساپ زور قىيان.

خەلچىگۈل ئەھەت

## كەچكۈزدىكى ئالتۇن ياپراقلار

شىلدىر - شىلدىر تۆكۈلەر ئاستا
ئالتۇن رەڭلىك ياپراقلار شاختىن.
لەۋلىرىگە سۆيەر تۇپراقنىڭ
تۈتۈپ تۇرۇپ ئىككى قولاقتىن.

ئامەت كېلىپ تۇيۇقسىز تېخى
چۈشەر چىملىق، سۇزۇك بۇلاقا.
سۆيگۈسىنى سۆزلەيدۇ ئۇزاق
يىلتىزى بار ئانا تۇپراقا.

سەرسان قىلار ئۇلارنى بەزەن
ۋىژىلدىشىپ ئىزغىرىن شامال.
قەيەرىدۇر قىلىدۇ چۈشكۈن،
ئېلىپ قەددى بولۇپ شۇندا دال.

كۆز ئۇچۇمدا يانىدۇ دائىم
كەچ كۈزدىكى ئالتۇن ياپراقلار.
ۋاپالارغا تولىدۇ قەلب،
لەپىلدەيدۇ گويا بايراقلار.

ئەمەتجان مەمەت

## ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا،
شامالالاردىن كۈيلىرىڭنى بىلەي دەپ.
ھېسلىرىمنى چۈشەپ قويدۇم خىيالغا،
چۆچۈتمىسۇن دەپ مەن سېنى ئەركىلەپ.

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا ،
يوقلاپ ئۆتەر دېگەن ئويدا تىنىقلىك .
يۈرىكىمنى ئېلىپ قويدۇم بىر يانغا ،
ھۆجەيرەمدە سوقسۇن دېدىم يۈرىكىڭ .

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا ،
شاماللاردا ئىسمىم بارمۇ جۆيلىسەڭ .

چېچىۋەتتىم سۈرىتىمنى ھاۋاغا ،
تونۇۋالغىن جېنىم ئەگەر بىلمىسەڭ .

ئېچىپ قويدۇم دېرىزەمنى شامالغا ،
يوللىغاندۇر دېدىم ماڭا مۇھەببەت .
قويۇۋەتتىم كۆيلىرىمنى ساماغا ،
جېنىم سەنمۇ دېرىزەڭنى ئېچىۋەت .

نۇرمەھەممەت توخنىياز

## گۈزەللىكنى مەدھىيىلەيمەن كۈي قېتىپ

تاڭ سۈزۈلۈپ يورۇغاندا شەرقىي يېرىم شار ،
قىزىل قۇياش نۇرلار چېچىپ كۈلدى ھۆپپىدە .
تەبىئەتنىڭ ھۆسنى دىلدا قوزغاپ ئىپتىخار ،
باغدا گۈللەر ئىپارىنى چاچتى گۈپپىدە .

قان رەڭگىدە قىزارغان شۇ قۇياش سەتھىدە
كۆرۈنمەكتە گويا توزدەك گۈزەل بىر ئالەم :
جەسۇر بۈركۈت پەرۋاز قىلار كۆكنىڭ قەھرىدە ،
ئەسىرلەرنى كۈن قىلدۇ ئوت يۈرەك ئادەم .

قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكەن دەريا ـ كۆللەردە
سۈزۈك سۇلار يالترايدۇ خۇددى ئەينەكتەك .
بەخت نۇرى چاقناپ شۇ تاپ ئوتلۇق كۆزلەردە ،
قىز ـ يىگىتلەر يۈرەر باغدا كاككۇك ـ زەينەپتەك .

ئېتىزلاردا جۇشقۇن ئەمگەك مېھنەت ناخشىسى
كەڭ دالانى چاڭ كەلتۈرۈپ سالار لەرزىگە .
ئېتىز دېگەن دېھقانلارنىڭ بەخت باغچىسى
شادلىقنى ئىزھار قىلىپ قاتار نەزمىگە .

ئانا يەرگە ھۆرمەت بىلەن باقىدۇ قۇياش
يەر ـ جاھاننى نۇرى بىلەن ھامان ئىللىتىپ .
ئاشۇ قۇياش بىلەن قەلبىم مەڭگۈ بىر تۇتاش ،
مەدھىيىلەيمەن شۇڭا مەنمۇ ئاڭا كۈي قېتىپ .

قۇربان نۇر

## مېنى ئۇنتۇپ شادلانساڭ مەيلى

مېنى ئۇنتۇپ شادلانساڭ مەيلى ،
ئۇنتۇلالماي چەكمىگىن ئازاب .
كۆزۈڭدىكى ياشلار تۆپەيلى ،
كۆلۈپ سالماي ھالىڭغا قاراپ .

ماڭا قىلساڭ ، سەنمۇ كۆرەرسەن ،
بىلىپ قالغىن بۇ شۇنداق جاھان .
بىر كۈنلەردە قەدرىم ئۆتۈلۈپ ،
يۈرىكىڭنى تىلغار پۇشايمان .

ئىمىنجان روزى

## ئىككى شېئىر

### نېپىسلىك تاش بوران بولسا ناۋادا

كۆزۈڭدە جان ئۈزسە قېرىغان قۇياش ،
يۈرىكىم زار بولار زەررىچە نۇرغا .
ھىجراننىڭ تىغلىرى تىلىپ قەلبىمنى ،
ۋۇجۇدۇم ئايلىنار يولۇچى قۇمغا .

كۆز يېشىم نەملىسە پۈتكۈل ئالەمنى ،
پاك روھىم كۆلمەسمۇ يۈلغۇن شېخىدا .
شۇندىمۇ مىسكىن روھ ئاجرار بەرگىدىن ،
نەپىسلىك تاش بوران بولسا ناۋادا .

### ئىلەتنىڭ ئىنقىلمىسى

ئازاب تامام يوقالغان بىر كۈن
روھىم كۆكلەپ چىقار غولۇمدىن .
يۈرىكىمنى ئېپقاچار چىشلەپ ،
تەنھا قۇرت ساقلاپ ئۆلۈمدىن .

مۇھەببەتكە قۇل بولار سەھەر ،
ياپرىقىمنى چەيلىمەس ھېچكىم .
باھارغا زار بولماس كۆلەڭگەم ،
ئامەت دېگەن ئاشۇدۇر بەلكىم .

ئابلاجان ئوسمان

## ئىككى شېئىر

### گۈل

خۇش پۇراق قىزىلگۈل كەتتىمۇ توزۇپ
پۇرىغان ئىدىغۇ تېخى تۈنۈگۈن .
ئەتىۋار ئىدى ئۇ ھەممە ئالدىدا ،
ئېتىۋار قىلمىدى بۇلبۇلمۇ بۈگۈن .

ھەسرەتلەر ئىلكىدە قالدى گۈل شۇئان ،
بۇلبۇلغا سوئالى تۈگىمەس ئەبەت .
قان - ياشلىق قىسمى بۇ گۈلنىڭ لېكىن
قايتا كۆز ئاچقۇچە ياشىدى پەقەت .

### كارامەت

ھەممىگە تەييار بوپ تۇرسا بۇ ئەجەل ،
نۆۋەتسىز ھەردەمدە يېتسە ئامانەت .
ھەممە ئىش بولسىمۇ تەگرى ئىلكىدە ،
بار مەندە بۇنىڭغا ئۆزگە كارامەت .

سۆيسەم مەن ھاياتنى دەپ بىر پەرىزات ،
باش چايقاپ قالىدۇ ھەتتا ئەجەلمۇ .
قىممەتسىز ، سۆيۈلمەي قالغان نەرسىلەر ،
ھاياتقا پەقەتلا سۆيگۇ بەدەلغۇ !

ئوبۇلقاسىم بەختىھاجى

# ئىككى شېئىر

## ئاتام كۆك ئاسمان ، ئانام ئۇلۇغ يەر

كۆپكۆك ئاسمان ئاتامدۇر مېنىڭ ،
ئەزىز تۇپراق ئىرۇر جان ئانام .
ئۇچرىشىدۇ ئۇلار ئۇپۇقتا ،
بەختىم ئۇچۇن تەسەددۇق تامام .

ئانام مېنى پەرۋىش قىلىدۇ ،
ئاتام ماڭا بولىدۇ قالقان .
ئاتا - ئانام پەرىشتىلەردەك ،
ئازدۇرالماس مېنى جىن - شەيتان .

كۆپكۆك ئاسمان ئاتامدۇر مېنىڭ ،
ئەزىز تۇپراق ئىرۇر جان ئانام .
ئايرىلمايدۇ بىرى بىرىدىن
قوللىرىدا يېنىپ پۈتمەس شام .

## باغۋەن ناخشىسى

گۈلدەك يانغان ئەي گۈزەل قىزچاق ،
گۈل ھۆسنىگە بولۇپسەن مۇشتاق .
قانلىرىڭغا سىڭدى ئىپارلار ،
قېنى ئەمدى كۆن كۆزىگە باق .

گۈلدەك يانغان ئەي گۈزەل قىزچاق ،
گۈل ھۆسنىگە باقتىڭغۇ ئۇزاق .
گۈلنى گۈلگە مەھلىيا قىلغان
ياشاپ كەتسۇن بۇ ئانا تۇپراق .

رەجەپنىياز بەكرى

# مەكتىپىم

ئىلىم - ئىرپان ئۆگىتىپ ، ئاق - قارىنى تونۇتۇپ ،
نەپىس ، راۋان تىل بېرىپ ، پاك قەلبىمنى يورۇتۇپ ،
بىلىمسىزلىك ، نادانلىق ، خۇراپاتنى قۇرۇتۇپ ،
ئەقىلسىزگە يول بېرىپ كامال تاپقان مەكتىپىم .

قەلبىمدىكى سىرلارغا سەندىن ئالدىم جاۋابنى ،
ئۆرلەش ئۈچۈن پەلەككە سەندىن ئالدىم قاناتنى ،
ئارمىنىمغا مۇناسىپ ئالدىم سەندىن ھاياتنى ،
تالاي - تالاي گۆدەككە قۇچاق ئاچقان مەكتىپىم .

ئون سەككىزمىڭ ئالەمنى چۈشەندىم مەن قوينۇڭدا ،
غۇرۇر ، ئەخلاق ، ۋىجدانىنى ئۆگەندىم مەن قوينۇڭدا ،
ئالىيلىقنى ، شاشلىقنى تۈگەتتىم مەن قوينۇڭدا ،
ئەقىل بېرىپ ، ھوش بېرىپ نۇرلار چاچقان مەكتىپىم .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىققتى سىندىن سەپ تارتىپ ھاياجانلىق شائىرلار ،
سىندە ئالدى ئاساسنى پىكرى ئۈچقۇر ئالىملار .
سىندىن چىققان گۆھەرلەر ھەممە يەردە ۋاللىدار ،
تەڭدىشى يوق مەنزىلگە يوللار ئاچقان مەكتىپىم .

ئابدۇجېلىل تۇرسۇن

## ئىككى شېئىر

### زېمىن ناخشىسى

ئاق لىباس ئاستىدا ئۇخلايمەن تىنچ ،
زەپ تاتلىق چۈشلەرنىڭ ئەسرارى بولۇپ .
شۇندىمۇ كۆيىمەن باھار ئوتىدا ،
جىسمىمدىن ئىللىقلىق تۇرىدۇ ئۇرۇپ .

باھارغا بەرگەنمەن قەلبىمنى ئەسلى ،
تىترەيمەن شۇڭلاشقا سۆيگۈ ۋەسلىدە .
قار سىڭىپ كەتكەندە تومۇرلىرىمغا ،
يېشىللىق پۈركەندىم قۇياش تەپتىدە .

### شائىر

يۇلتۇزلۇق تۈنلەرنىڭ باغرىدا شائىر
بىر ئاچچىق تولغاقتا كۈيلەر تۆكىدۇ .
ھېكمەتلەر تېغىدىن دۇر - گۆھەر قېزىپ ،
تىلسىملار تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىدۇ .

بار يالقۇن ، بار لاۋا ھەر بىر مىسرادا ،
مەلئۇنلار كۆكسىگە ئوق قىپ ئاتىدۇ .
ئەل ئۈچۈن ياشايدۇ شائىر ھەمىشە ،
ئۆلسىمۇ خەلقنى ئويلاپ ياتىدۇ .

ھېيت رەھىم

## ئىككى شېئىر

### تەقدىر

يىراقتىكى بوستانلار ئارا
ئازغان بولۇپ ئېچىلدىم رەڭسىز .
شاخلىرىمغا قونمىغاچ قۇشلار ،
ئازابلارغا چۆمۈلدۈم چەكسىز .
مېۋەممۇ يوق تىكەندىن ئۆزگە ،
شۇ سەۋەبتىن يۇلۇندۇم شەكسىز .

### ۋەھىمە

بۆرە كەزگەن چەكسىز دالادا
مۆكۈپ يۈرەر توشقان بىچارە .
ۋەھىمە يەپ ھەر كۈن ھاياتتىن ،
ئۇ ئاشۇنداق ئۆتمەي نەچارە .

توشقان قەلبىپ قويىدى كىم ئۇنى ؟
كەڭ دالادا قىممىتى تىيىن .
بىر يىل ئۈچۈن كەچسە يۈز يىلدىن ،
يولۋاس بولۇش ئەممەستى قىيىن .

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

## رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ بىرقىسىم تەھرىر ھەيئەتلىرى ، يازغۇچىلارۋە مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى مۇنا سىۋىتى بىلەن 1995 - يىل 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى (يەكشەنبە) چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسىنىڭ 2 - قەۋەتتىدىكى مەجلىسخانىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر قىسىم تەھرىر ھەيئەتلىرى ، يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى .

سۆھبەتكە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئىسمائىل تىلىۋالدى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇ. ئاۋىن رەئىسلىرىدىن مەھەممەت شاۋۇدۇن ، زوردۇن سابىر ، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ، پېشقەدەم شائىر ئىمىن تۇرسۇن ، يازغۇچى ئەخمەت تۇردى ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، سىنارىست تۇرسۇن يۇنۇس ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ، شائىر مامۇت زايىت ، شائىر قۇربان بارات ، يازغۇچى توختى ئايۇپ ، مەھەممەت باغراش ۋە ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىقلار قاتناشتى .

سۆھبەت جەريانىدا قەييۇم تۇردى ، مەھەممەت شاۋۇدۇن ، زوردۇن سابىر ، ئىمىن تۇرسۇن ، تۇرسۇن يۇ. نۇس ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قاتارلىق ئەدىبلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر ھەم تەكلىپلەرنى بەردى .

يولداش قەييۇم تۇردى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى . 30 دىن ئارتۇق رومان ، 200 دىن ئارتۇق پوۋېست ، 500 دىن ئارتۇق توپلام بارلىققا كەلدى . ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھازىر 1100 دىن ئارتۇق ئەزاسى بار .

يولداشلار سۆھبەت جەريانىدا يەنە ئەدەبىياتقا بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ، ئەدەبىياتنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ، ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىش ، ئەدەبىيات فوندى قۇرۇش ، پۈتۈن مەملىكەت ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشقا تىرىشىش ، ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت مۇھىتىنى ياخشىلاش ، تۇرمۇش قېيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ، ئاپتونوم رايونىمىزدا قەلەم ھەققى تۆۋەن بولۇش ، ئىجادىيەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ يېتەرسىز بولۇش ۋە كىتاب نەشر قىلىش ، تىراژ توپلاش ، كىتاب سېتىش تەس بولۇشتەك ئەھۋاللارنى ئىمكانىقەدەر تېزرەك ئۆزگەرتىش ، رەھبەرلەر بىلەن يازغۇچىلارنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىنو سەنئىتى ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىش توغرىسىدا قىزغىن پىكىر بايان قىلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى .

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈچ سائەتكە يېقىن داۋام قىلغان سۆھبەت جەريانىدا ئەستايىدىل خاتىرە قال دۇردى . سۆز قىستۇرۇپ ئەھۋاللارنى سورىدى .

ئۇ تەھرىر ھەيئەتلەر ، يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەرگە ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى

ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا نەزەرىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىش — ئەدەبىيە، تەشۋىقات ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. جەمئىيەت تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتىمۇ گەۋدىلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى خەلقنى تەربىيىلەيدىغان ساھە. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئوبدان ھېسابلاشماي بولمايدۇ. نادانلىقنى تۈگەتمىگۈچە نامراتلىق تۈگىمەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچىلار ئۈچۈن ئازادە، ئىناق، قولايلىق ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ، سىياسىي جەھەتتە ئۇلارغا ئىشىنىدۇ، خىزمەتتە ئۇلارنى قوللايدۇ، تۇرمۇشتا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ.

يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: يازغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە زەربە يېگەنلەر كۆپ. ھازىر بىز قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا قاراپ مېڭىۋاتىمىز. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. يازغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر. ھەر خىل ئادەمدە ھەر خىل ئۇسلۇب، قابىلىيەت بولىدۇ. شۇڭا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، قوللاش بەك مۇھىم. مېنىڭچە، ھەممىمىزنىڭ مەقسىتى بىردەك. بىز يارامىلىق ئەدىبلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئالدىنقىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆزىمىزنى تونۇتۇش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت يازغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە بۇ مۇكاپاتنى تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تويىدا تارقىتىشقا بولىدىغانلىقىنى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ ھەقتە كونكرېت لايىھە تەييارلىشى زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سۆھبەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يازغۇچى، نەشرىيات ۋە كىتابخانىلار مۇناسىۋىتىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلىشىش، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت يازغۇچىلارنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا ۋاقتىدا ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆزىنىڭ بىر پۇرسەت تېپىپ، يازغۇچىلار بىلەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭرەك بىر سۆھبەتلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى.

سۆھبەتكە قاتناشقان يولداشلار ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، خىزمەت شارائىتى ۋە ئىجادىيىتىگە ھەمدە چوڭ ھەجىملىك، نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال — «تارىم» نىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

سۆھبەتكە قاتناشقان تەھرىر ھەيئەت، يازغۇچى، مۇھەررىرلەر ئاخىرىدا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.


( ئۆز خەۋىرىمىز )







تېيۇم تۇرسۇن فوتوسى



《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　辑：《塔里木》编辑部
出　版：新疆人民出版社
排 版：新疆人民出版社微机室
印　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

国际标准刊号：ISSN 1002 — 9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定价：2.40元

1995 - يىل 3 - سان (409 - سان)، 45 - يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4816214)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.40 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى.
广告许可证：新工商广字 01005419 号.